«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرى ئەپكار

入选《中国期刊方阵》的刊物

«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرى ئەپكار

荣获《新疆期刊奖》的刊物

ئاتاقلىق ئەدەبىيات-سەنئەت تەشكىلاتچىسى ياسىن ھاجى خۇدابەردى

(1917-1990.9.29) تەۋەللۇتىنىڭ 90 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز



# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# 4

# 2007

# 新疆文化

مجلة حضارة شنجيانغ • СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА • XINJIANG CIVILIZATION

ISSN 1008-6498

07>

9 771008 649003



«بۇلبۇل بوستانلىق ئېتى»، «ئايكۆزەل»، «ئامغاق»، «قەبرە بېشىدىكى چېدىر»، «ئاچچىق»، «مەغرۇر ئانا»
«ئىزلە ئالىم»، «ھېكايىلەرمۇ ئالالايدۇ»، «يۈرەكلەرنى ئالالىغان»، «ئاق ۋە جەنۇبتىن» قاتارلىق ھېكايە ۋە پوۋېستلار
توپلىمى؛ «سېرىكىيادا»، «ئاچ دوست»، «ئاشلاق ئەككىن پايلاقلار»، «قاراچىپشىلىق قىز»، «ۋەسىيەتنامە ئالغان
ئادەم»، «ئاخىرقى دېڭىز»، «ئاكىسى تۈزلەڭگە سالار»، «ئاتقۇلار»، «ئامەت ۋە قىيامەت»، «ئۇششۇقچى بالا»...
قاتارلىق ئەسەرلىرى بىلەن ... ئىنساننىڭ ... ۋە رەسسام جالالىدىن بەھرام ئەپەندى

— قادىر ئىسمائىل قۇتبىسى

# شىنجاڭ مەدەنىيتى

( 56- يىل نەشرى )

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2007- يىل 1- سان
( ئومۇمىي 286- سان )



باش مۇھەررىر:
**زۇنۇن باقى** ( قوشۇمچە )
( ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى )

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل ئىجرائىيە مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**قۇربان مامۇت**
( ئالىي مۇھەررىر )

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**رىسالەت مۇھەممەت**
( كاندىدات ئالىي مۇھەررىر )

تەكلىپلىك مۇھەررىر:
**نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن**
( ئەدەبىيات ماگىستىر ئاسپىرانتى )

تەكلىپلىك گۈزەل سەنئەت لايىھىلىگۈچى:
**بەھرام قۇربان سىنتاش**


● شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق ●

# بۇ ساندا

## بۈگۈنكى دۇنيا


تەرەققىيات، ئەنئەنە ۋە روھىيەت.......... ... دىلمۇراد مەھمۇد 2


## ئوقۇرمەنلەر چايخانىسى


تەقەززا ۋە زۆرۈرىيەت .............. ئابلەت مۇھەممەت 8


## ئىزدىنىش سەپىرىدە


ئەنسىرەش ۋە تەمتىرەش .......... ئابدۇۋاھىد مەتنىياز ئەمىن 17
«زىيالىي» ئاتالغۇسى ۋە ئۇيغۇر زىيالىيلىرى توغرىسىدا دەسلەپكى ئانالىز ................ ئادىل ئابدۇقادىر 47


## تەپەككۇر كۆزى


تەپەككۇر مېۋىلىرى ............. ئېلى توختى(ئەينەك) قاتارلىقلار 55


## ساياھەت كۆزنىكى


مەن كۆرگەن دۇنيا.................... ھىدايەت يانتاق 67


## ئاچچىق كۈلكىلەر


مەنمۇ دەپ باقاي ............... ئوسمانجان مۇھەممەت پاسىئان 79



بۇ ساننىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا كورى: قۇربان مامۇت



# تەرەققىيات، ئەنئەنە ۋە روھىيەت

**دىلمۇراد مەھمۇد**

تەرەققىيات مەسلىسى بۈگۈنكى دۇنيا خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ 3- دۇنيا ئەللىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان بىر چوڭ سوراق بەلگىسى. بۇ سوئالغا ياخشى جاۋاب بېرىش- بېرەلمەسلىك ئۇلار ئۈچۈن گويا ھايات - ماماتلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ئۇلار ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە رازىكى، زامانىۋى دۇنيانىڭ ئارقا ھويلىسى بوپقېلىۋېرىشنى ئەمدى ھەرگىز خالىمايدۇ. ئىران ۋە چاۋشيەن شۇڭا پۈتكۈل غەربنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي يادرو تەتقىقاتى بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلارچە، يۇقىرى پەن- تېخنىكا ۋە سانائەتكە ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئېرىشىش ئۈچۈن بۇ باسمىسا بولمايدىغان بىر يول. ئافرىقىدىكى نۇرغۇن دۆلەت ئۈچۈن بولسا تەرەققىيات ئالدى بىلەن جىرىكلىك، توقۇنۇش ھەم ئەيدىزنى كونترول قىلىشتىن، ھەتتاكى ئۈچۋاق تويغۇدەك تاماق يېيىشتىن دېرەك بېرىدۇ. غەربلىك دۆلەتمەنلەر ئۈچۈن بولسا مىليون دوللار خەجلەپ ئالەم بوشلۇقىغا ساياھەتكە چىقىش تەرەققىياتنىڭ ئەڭ يېڭى پەللىسى بوپقالدى. «ستاتىستىكىغا قارىغاندا ئەڭ باي دۆلەتتىكى ئوتتۇرىچە كىرىم بىلەن ئەڭ نامرات دۆلەتتىكى ئوتتۇرىچە كىرىمنىڭ نىسبىتى 19- ئەسىردىكى 9:1 دىن ئېشىپ، 2001- يىلىدىكى 60:1گە يەتكەن. بۈگۈن دۇنيا نوپۇسىنىڭ 80% ى دۇنيا ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 20%نى ياراتماقتا».[1] دەرۋەقە، دەۋرىمىزدە باي ئەللەر بىلەن نامرات ئەللەر ئارىسىدىكى پەرق ئەنە شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، بۇنداق زور پەرق ئۇزاققا سوزۇلسا، ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈلسىزلىكى ئىغىر توسالغۇغا ئۇچرىماي قالمايدۇ. نامراتلىق، قالاقلىقتىن كېلىپ چىقىدىغان ئاپەتلەر تەرەققىياتتا كېيىن قالغانلارغىلا ئەمەس، تەرەققىي تاپقانلارغىمۇ يامان ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. جەمئىيەتشۇناس ۋىللىي برەتنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، « بىز كەڭ دائىرىلىك نامراتلىقنىڭ ئۆرۈش ياكى پاتپاراقچىلىققا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ كېلىدۇق .ئاچارچىلىق ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغاندا تىنچلىق مەۋجۇد بولمايدۇ، ئۇرۇشنى مەنئى قىلماقچى بولغانلار چوقۇم كەڭ دائىرىلىك نامراتلىقنىمۇ مەنئى قىلىشى كېرەك .»[2] دېمەك، نامراتلىقنىڭ زېمىنى پەقەت ئۆز ئەتراپىدىكى خەلق بىلەنلا تۈگىمەيدۇ. ئۇنداقتا دۇنيا خەلقى زادى ئورتاق تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەمدۇ- يوق؟ ئەگەر ئېرىشەلىسە بۇ قاچان مۇمكىن بولىدۇ؟ مانا بۇ بۈگۈنكى جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمى دۇچ كەلگەن ئەڭ مۇھىم بىر مۇنازىرە تېمىسى .

«تەرەققىيات» ئاتالغۇسى ھەم ئۆلچەم ھەم سۈپەت خاراكتېرىدە قوللىنىلىدىغان مەنىسى تۇتۇق بىر ئاتالغۇ. ئۇ بىرلا ۋاقىتتا ھەم ياخشىراق تۇرمۇش ھەم شۇنىڭغا يېتىشتىكى ۋاستىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ياخشىراق تۇرمۇش تەرەققىياتنىڭ ئەڭ مۇھىم بەلگىسى، يەنە كېلىپ شۇ ياخشىراق تۇرمۇشقا يېتىش يولىدا قوللىنىلغان بارلىق ئىلغار تەدبىرمۇ تەرەققىياتتىن دېرەك بېرىدۇ. ھالبۇكى، ئاتالمىش «ياخشىراق تۇرمۇش» ھەم « شۇنىڭغا يېتىشتىكى ۋاستىلەر» نىڭ مەنىسى ھەم ئۆلچىمى ھەققىدىكى تالاش- تارتىشلار مەسىلىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەرىپىدۇر. « ياخشىراق تۇرمۇش» ئۇقۇمىدىن ئالايلى،

## بۈگۈنكى دۇنيا

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن دىققەت مەركىزىگە ئايلانغان تەرەققىيات مەسىلىسى دەسلەپ يالغۇز ئىقتىسادقا باغلاپ شەرھلەنگەنىدى. يەنى، شۇ ۋاقىتلاردا ئومۇميۈزلۈك ھالدا بىر دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ ئېشىشى ئۇنىڭ تەرەققىياتىنىڭ بىردىنبىر بەلگىسى دەپ سانالدى. «كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، تەرەققىياتنىڭ ئۆلچىمى يىللىق ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنىڭ يىلىغا 5% ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى نىسبەتتە ئېشىشى دەپ قارالدى. دېمەك، دەسلەپتە تەرەققىيات ئۆلچىمى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم بىلەن باراۋەر قىلىنغانىدى. 1970 ـ يىللاردىن كېيىن تەرەققىياتنىڭ باشقا ئېپادىلىرى مۇتەخەسسىسلەر ۋە شۇنىڭدەك دۇنيا بانكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئورگانلار تەرىپىدىن كەڭ كۆلەمدە تىلغا ئېلىنىشقا باشلىدى. تۆپكى ئېھتىياجلارنىڭ قېنىشى ( يەنى، مۇتلەق نامراتلىقنىڭ يېنىكلىشى)، زامانىۋى ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسەتلىرىنىڭ يارىتىلىشى، كىرىم ۋە تېرىلغۇ يەر تەقسىماتىدىكى باراۋەرسىزلىكنىڭ ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تەرەققىياتنىڭ سەۋىيىسىنى بەلگىلەيدىغان يېڭى ئۆلچەملەر بوپقالدى. ب د ت ماتارىپ ئوتتۇقلىرى ۋە ساغلاملىق سەۋىيىسىنمۇ تەرەققىياتنىڭ ئۆلچەملىرى سۈپىتىدە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويدى. ئامارتىيا سېن، دېنىس گولېت، دۇدلېي سىرس قاتارلىق بەزى ئالدىنقى قاتاردىكى تەرەققىيات تەتقىقاتچىلىرى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ، تاللاش ئىقتىدارىنىڭ كېڭىيىشى ( سىياسىي ئەركىنلىك، شۇنداقلا بازار ئەركىنلىكى)، غورۇرنىڭ ئۆسۈشى ۋە ئۆز ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىش قاتارلىقلارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە تەرەققىياتنىڭ ئۆلچەملىرى قاتارىدا سانىلىشى كېرەك دەپ قاراشتى.»[3] دېمەك، يالغۇز ئىقتىسادىي پۇرسەتكە ئېرىشىشنى تەرەققىياتنىڭ بىردىنبىر بەلگىسى دەپ قاراش ئاللىبۇرۇن تارىختا ئايلاندى. دەرۋەقە، «تەرەققىياتنىڭ مەقسىتى كىشىلەرنى تېخىمۇ كۆپ تاللاشقا ئېرىشتۈرۈشتۇر. بۇ تاللاشلارنىڭ بىرى بولغان كىرىمگە ئېرىشىش ( بۇ ئاخىرقى مەقسەت ئەمەس) ـ كىشىلەرنى پاراۋانلىققا ئېرىشتۈرۈش ۋاستىسىدۇر. كىشىلەر ھەرگىزمۇ يالغۇز ئىقتىسادىي مەخلۇق ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويۇلماسلىقى كېرەك.»[4]

مانا بۇ غەربنىڭ تەرەققىياتنى بىر ئىلىم سۈپىتىدە تەتقىق قىلىشنىڭ قىسقىچە جەريانى. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تەرەققىيات ھەققىدىكى تەتقىقات چوڭقۇرلىغانسېرى، ئۇنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەزمۇنلىرىمۇ شۇنچە كېڭىيىپ بارغان. «ياخشىراق تۇرمۇش» نىڭ مەنىسىمۇ بارغانسېرى كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ يۈزلەنگەن. بۇ نەزەرىيىلەر ئۆز نۆۋىتىدە غەربنىڭ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ئەگرى ـ توقاي تەرەققىيات مۇساپىلىرىدە ئېرىشىلگەن جانلىق بىلىملەردۇر.

ياخشىراق تۇرمۇشقا ئېرىشىشتىكى ۋاستىلەر نۇقتىسىدىن ئالغاندا تەرەققىياتنىڭ نەزەرىيىۋى ئىلىم سۈپىتىدە تەتقىق قىلىنىش جەريانىنى بىر ـ ئىككى ئېغىز سۆز بىلەن يىغىنچاقلاش تەس. ھالبۇكى، ھەربىر دۆلەتنىڭ قوللىنىۋاتقان كونكرېت سىياسەتلىرى مۇشۇ ۋاستىلەرنىڭ بىۋاستە ئىپادىلىرىدۇر. بىز تەرەققىيات ئىلمى تەتقىقاتچىسى دېنىس گولېتنىڭ «تەرەققىيات ئۆچبۇلۇڭى» نى نۆۋەتتىكى نەزەرىيىلەر ئىچىدىكى ئەڭ يېڭىسى سۈپىتىدە كۆرسىتىشىمىز مۇمكىن. بۇ ئۆچبۇلۇڭدىكى بىرىنچى بۇلۇڭ = دىئاگنوز ـ مەسىلە زادى نېمە؟، سەۋەب نېمە؟ دېگەنگە جاۋاب تېپىش باسقۇچىدۇر. ئىككىنچى بۇلۇڭ = سىياسەت ـ سىياسىي سەھنىنىڭ دائىرىسى، سىياسەت يۈرگۈزگۈچىلەر، پائالىيەتچىلەر، تەسىرلەر ۋەھاكازالارنى كۆرسىتىدۇ. ئۈچىنچى بۇلۇڭ = قىممەتلەر ـ كىملەرنىڭ قىممەتلىرى چىقىش قىلىندۇ؟ ئۇلار ئا ۋە ب بىلەن قانداق تەسىر ئىچىدە بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بۆلىكىدۇر[5].

بىر دۆلەت مەيلى قانداق تۈزۈم قوللانسۇن، ئۇ ئالدى بىلەن تەرەققىياتنى نىشان قىلىدۇ. ئۆز دۆلىتى ھەم خەلقىنى قەستەن نامرات ھەم قالاق قويۇشنى كۆزلەيدىغان ھۆكۈمەت بولمىسا كېرەك. لېكىن قەستەن ئەمەس، بىلىپ ـ بىلمەي شۇنىڭغا يول قويۇۋاتقانلار بار. ئۇلارنىڭ خاتا تەدبىرلىرىنى ئوڭشاش ياكى چەكلەشمۇ ئۆز نۆۋىتىدە تەرەققىياتنىڭ يەنە بىر زۆرۈر بەلگىسى. بۇ ئىشنى ئەلۋەتتە شۇنداق ئەقىللىق ئىگە بولغان خەلق قىلالايدۇ. يۇقىرىقىدەك بىر تۈركۈم زىيالىينىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ تەرەققىيات ھەققىدە ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ ئېلان قىلىشىمۇ دەل شۇ خاتالىقلارنى ئوڭشاشنى مەقسەت قىلغان. ئامما ۋە ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەرنىڭ بۇ ماقالىلەرنى كۆرۈپ پايدىلىنىشى تېخىمۇ كۆپ تەرەققىي قىلىش پۇرسەتلىرىنى يارىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

شۇنداق بولغاندا، «ياخشىراق تۇرمۇش» يەنى تەرەققىياتنىڭ ئەڭ يېڭى مەنە دائىرىسى نېمە بولىدى؟ بۈگۈنگىچە يەنە ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسى دېنىس گولېتنىڭ «تەرەققىيات گۈلى» ۋەكىللىك قىلالايدۇ. دېنىس گولېت تەرەققىياتنى ئالتە بەرگى بار بىر گۈلگە تەققاسلايدۇ. ھەربىر بەرگ بىر ئىجتىمائىي ساھەگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بىر بەرگى يوق بولسا بۇ گۈل پورەكلەپ ئېچىلالمايدۇ. تۆۋەندىكىسى ئاشۇ ساھەلەرنىڭ تەرەققىيات ئۆلچەملىرىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى:

### ئىقتىساد

*جۇغلانما سەۋىيە : مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى ۋە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن مىقدارى.

*چېچىلما سەۋىيە : ئۇنىڭ ۋە بەشلىك سان، شەھەر ۋە يېزا، رايونلار، ساھەلەر، ياش، جىنس بويىچە توغرا كەلگەن كىرىملەر.

*ئائىلىۋى خىراجەت بىرىكتى: مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئىنسان ئەقلىي ئېھتىياجىغا بولغان تاۋار ۋە مۇلازىمەتلەرگە سەرپ قىلىنىش نىسبىتى.

### ئىجتىمائىي ھايات

*جۇغلانما ـ ھاياتنىڭ جىسمانىي سۈپىتى كۆرسەتكۈچىسى( ساۋاتلىق نىسبىتى، بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى ۋە ئوتتۇرىچە ئۆمۈر )، ئىنسانىي تەرەققىيات كۆرسەتكۈچىسى ( ئوتتۇرىچە ئۆمۈر، ساۋاتلىق بولۇش، مائارىپ ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسى)، ئىجتىمائىي ياراۋانلىق كۆرسەتكۈچىسى(ئولتۇراقلىشىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش).

*چېچىلما ـ ئىقتىسادىي كاتېگورىيە بىلەن ئوخشاش

*باراۋەر يۈرۈش، ئاۋاز.

### سىياسىي

*ئەركىنلىك ( 1991 ـ يىلىدىكى ئىنسان تەرەققىياتى دوكلاتى).

*ئىنسان ھەقلىرى (خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى).

*قاتنىشىش .

*مەركەزلەشتۈرۈش ( يەرلىك ئاپتونومىيە) .

### كۇلتۇر

*كۇلتۇرال مەۋجۇدلۇق، ھۆرمەت ( تىل، ئىقتىساد، سىياسىي، قانۇن).

*سەنئەت، ياشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە بولۇشى.

### ئېكولوگىيە

*ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات تەشكىلاتى كۆرسەتكۈچىسى.

*ئوت كىرگۈلۈك: مۇھىت، تېخنىكا،بايلىق مەنبەسى، دېموگرافىيە ( نوپۇس

مىلتى).

## مۇكەممەل ھايات ئەندىزىسى

*مەنىۋى ئېھتىياجنىڭ مەۋجۇدلۇقى.

*مەنىۋى ئېھتىياجقا بولغان ھۆرمەت.

*ھەرىكەت جەرياندا مەنىۋى ئېھتىياجنى بىلەن بىردەك بولۇش مۇمكىنچىلىكى [6] .

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كۈلتۈر ئەنئەنە بىلەن ئاساسەن بىر نەرسە. مۇكەممەل ھايات ئەندىزىسى بولسا ئەمەلىيەتتە روھىيەت مەسىلىسىدۇر. مەزكۇر ئاپتور كېيىنكى ماقالىلىرىدە روھىيەت ئاتالغۇسىنى كۆپ ئىشلەتكەن. نۆۋەتتە بىز مۇشۇ ئىككى تەرەپنى چۆرىدىگەن ئاساستا ئۇلارنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدىكى ئورنى ۋە ئەھمىيىتى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز.

ئەنئەنە ھەربىر خەلقنىڭ تارىختىن بېرى قىممىتى بار دەپ بىلىپ، قەدىرلەپ ھەم ئەگىشىپ كەلگەن ئۆزىگە خاس كۈلتۈرەل ھايات تەركىبلىرىدۇر. كىشىلەر ئەنئەنە ھەققىدە پىكىر قىلغاندا ھەمىشە ئۇنى ئۇزاق تارىخقا باغلايدۇ. ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن ئەنئەنە تېخى يېقىنقى يىللاردىلا ۋۇجۇدقا كەلگەن بولىدۇ. مەسىلەن، چوكا ئىشلىتىش ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كۆپ بولغاندا يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە. شىلەپە كىيىشمۇ شۇ. دېمەك، ئەنئەنە ئۇنچىۋالا تۇراقلىق نەرسىمۇ ئەمەس. ئۇ داۋاملىق ھالدا يېڭى شارائىتلارغا ماسلىشىشى، ئىسلاھ بولۇپ تۇرۇشى كېرەك. مەۋجۇدلۇقنى ساقلايمەن دەيدىكەن چوقۇم ئۆزىنىڭ كېرىكى بارلىقنى ئىسپاتلىيالىشى كېرەك. لېكىن ئەنئەنىلەرنىڭ چوڭلاردىن كىچىكلەرگە سوئال ـ سوراقسىز قالدىغان يەنە بىر خاراكتېرى بار. بولۇپمۇ تەرەققىي قىلمىغان ئەللەردە بۇ خاراكتېر تېخىمۇ روشەن كۆرۈلىدۇ. بۇ يەردىكى سوئال ـ سوراقنىڭ دەرىجىسى ۋە سۈپىتى ئۆز نۆۋىتىدە تەرەققىياتنىڭ يەنە بىر كونكرېت كۆرسەتكۈچىسى بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ئۇ يەنە يۈزدە يۈز پايدىلىق ھەم ساغلام نەرسىمۇ ئەمەس. مەسىلەن، خۇراپاتلىق، يۇرتۋازلىق، قارىلىق تۇتقاندا 40 كۈنگىچە يۇيۇنماسلىق، تارانماسلىق، داخانغا كېسەل كۆرسىتىش قاتارلىقلارمۇ ئەنئەنە، لېكىن ئۇلار پەقەت تەرەققىياتنىڭ توسالغۇلىرى، خالاس. بىراق، ئېسىل ئەنئەنىلەر پەقەت تەرەققىياتنىڭ ياردەمچىسىلا ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەت ئىنتىلىۋاتقان تەرەققىياتنىڭ دەل ئۆزىدۇر. بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە بېيىلىشى كېرەك. مەسىلەن، يەرلىك ئىلغار تېبابەت، ئېسىل مىللىي تۇرمۇش ئادەتلىرى ۋە ھاكازالار. ئەنگىلىيىلىك جەمئىيەتشۇناس نىك مېگوران ئۆزىنىڭ ئۆزبېكىستاندىكى مەھەللىۋى تۇرمۇشقا بولغان ھەۋىسىنى باسالمايدۇ. ئۇ ئۆز ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن يىلدا بىر يا كۆرۈشەلەيدىغان، يا كۆرۈشەلمەيدىغانلىقنى ئەپسۇسلىنىش ئىچىدە تىلغا ئېلىش بىلەن بىرگە بۇ خىل مەھەللىلەرنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى ئەجايىپ رولىغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىدۇ. « ئاكىسى مەھەللىنىڭ بۇ چېتىدە، ئۇكىسى مەھەللىنىڭ ئۇ چېتىدە تۇرۇش نېمىدېگەن بەخت !» دەيدۇ ئۇ [7]. بۇ يەردە مىللىي ئەنئەنىلەر بىلەن ئاتالمىش تەرەققىياتنى قارىمۇقارشى ئورۇنغا قويۇشنىڭ نەقەدەر ئاساسسىز ھەم خاتالىقنى ھېس قىلىش تەس ئەمەس. «ئىنسان يالغۇز مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىگىلا تايىنىپ ياشامدۇ؟ تەبىئەتتىن ھالقىغان قىممەتلەر، يەنى كۈلتۈرەل، ئېتىكىلىق، بەدىئىي، دىنىي، ئەخلاقىي قاتارلىق زامانىمىزدىكى ساپ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي سىستېمىلارنىڭ فۇنكسىيىلىرىدىن ھالقىپ كەتكەن قىممەتلەر نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟» دەپ سورايدۇ كانادالىق ئىقتىسادشۇناس داۋىد پوللوك [8]. بۇ يەردە داۋىد تىلغا ئالغان قىممەتلەر ئومۇمەن يەنە دەل ئەنئەنە ۋە روھىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىممەتلەردۇر. مەيلى قانداق بولسۇن، ئەنئەنىلەر ئۆز ئىگىلىرىگە كىملىك، قەدىر ـ قىممەت، تەۋەلىك، مىللىي بىر پۈتۈنلۈك ۋە مەۋجۇدلۇق تۇيغۇسى ھەمدە ياشاش مەنىسى ئاتا قىلىپ كەلدى. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا ئەنئەنىلەرنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى ئورنىنى ھەرگىز سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. لېكىن تەرەققىيات مۇساپىسىدە ياخشى ئەنئەنىلەرنى چوقۇم قوغداشتىن سىرت، ناچارلىرىدىن كەسكىن ھالدا ۋاز كېچىش زۆرۈر، مەيلى ئۇلار قانچە قەدىمىي ياكى جەلپكار بولسۇن. ئىلغار ئەنئەنىلەرنى قوغداپ قېلىش ھەم راۋاجلاندۇرۇش ئۆز نۆۋىتىدە تەرەققىياتنى ھىمايە قىلىشتۇر. كۆڭۈلدىكىدەك تەرەققىيات زامانىۋى ئەقلىيلىك بىلەن ئەنئەنىنىڭ گارمونىك بىرلەشمىسىدۇر. ھالبۇكى، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى تەرەققىياتنى پەقەت ئىقتىسادقىلا باغلاپ چۈشەندۈرۈش ئېقىمى ھازىرمۇ تەسىرىنى يوقاتقىنى يوق. مۇشۇ سەۋەبلىك 3 ـ دۇنيا ئەللىرىنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىيات مۇساپىسىدە ئۇلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرى ھېلھەم بىلىپ ـ بىلمەي بوزغۇنچىلىققا ئۇچرىماقتا. دېنىس گولېتنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا « ئۆلچەم بېكىتكۈچى كۈچلەر تەرەققىياتنىڭ بايرىقى ئاستىدا ئەنئەنىلەرنى سۇسلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى پەقەت جەمئىيەتنىڭ زىننەت تۇسنى ئالغان ئېشىندى ياكى چەت ـ ياقا جايلىرىغا مەھكۇم قىلىۋەتتى.» [9] ھالبۇكى، بۇ يەردە ئۆلچەم بېكىتكۈچى كۈچلەرلا رول ئوينىمايدۇ. شۇ ئۆلچەمنى قوبۇل قىلغۇچىلاردا قىلچە جاۋابكارلىق يوقمۇ؟ ئەلۋەتتە بار. چۈنكى، ناۋادا بىر خەلق ئۆز ـ ئۆزىنى توغرا تونۇمىغان بولسا ياكى ئۆز مەۋجۇدلۇقىنىڭ قىممىتىگە تولۇق ئىشەنمىگەن بولسا، ئۇ چاغدا ئۇ چوقۇم باشقىلاردىن ئۆزىنى ئىزدىمەي قالمايدۇ. شۇ بۇيۇك ھەم جەلپكار بىلىنگەن باشقىلارنىڭ ئۆلچىمىگە چۈشۈش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەر بۇ جەھەتتە ئەڭ كۆپ قۇربانلىق بەرمەكتە. تەرەققىي تاپقانلار بولسا ئاللىبۇرۇن بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ بولغان .يەنى، « مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھادىسە 18 ـ ئەسىردىكى سانائەت ئىنقىلابى دەۋرىدە غەربتىمۇ يۈز بەرگەن بولۇپ، شۇ چاغدا كىشىلەر ھاياتىدا قارىماققا چۈشەندۈرۈش تەس بولغان غايەت زور ئۆزگىرىشكە دۇچ كەلگەندى. بۇ مەسىلىلەرنىڭ جاۋابى كۆپىنچە كۈچلۈك دىنىي تۈس ئالدى.» [10] ئۇلارنىڭ شۇ دەۋرلەردە باشتىن كەچۈرگەن ئىسسىق ـ سوغۇقلىرى ئۇلارغا يېڭى ئەنئەنىلەرنى ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى يەنە ئۆزىگە قايتۇردى. بۇ «قايتىش» ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن قۇتۇلۇپ تۇرۇپ ئۆزىگە قايتىش ئىدى. بۇ يەنە بەلكىم ئۇلارغا شۇ چاغدا ئۆلچەم بېكىتىپ بەرگۈچى باشقا بىر تاشقى ئامىلنىڭ يوقلۇقىدىن بولسا كېرەك. 3 ـ دۇنيا ئەللىرىچۇ؟ ئۇلارمۇ ئەنە شۇنداق ئۆزىگە قايتالامدۇ ياكى غەربنىڭ غەيرىي رەسمىي بىر قىسمى بولۇپ «ئۆزىگە قايتامدۇ»؟

يۇقىرىقى مەسىلىگە ساغلام بولغان روھىيەت بىلەنلا مۇكەممەل جاۋاب بەرگىلى بولىدۇ. ھالبۇكى، ساغلام روھىيەت تەرەققىياتنىڭ يەنە بىر مۇھىم كۆرسەتكۈچىسى. بۇ خىل روھىيەتكە قانداق ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ بۇ ئەلۋەتتە ئاسان ئەمەس. بىر جەمئىيەتنىڭ ئاتموسفېراسى ناۋادا ساغلام بولمىسا، ئۇ ھالدا شەخسلەردىمۇ ساغلام روھىيەت كۆرۈلۈشى تەس. چۈنكى «بىر شەخس بىلەن نۇرغۇن كىشى بىرلا ۋاقىتتا ئوخشاش بىر خىل كەمتۈكلۈككە ئىگە بولسا، ئۇ ھەم بۇنىڭ كەمتۈكلۈك ئىكەنلىكىنى بىلمىسە، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ بىختەرلىك تۇيغۇسى باشقىلارغا ئوخشىماي قېلىش ۋە تۈپتىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىمايدۇ. ئۇ مەھرۇم بولغان موللۇق ۋە ھەقىقىي بەخت

بىر خىل بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنىڭ تولۇقلىنىشىغا ئېرىشىدۇ. بۇ دەل ئەتراپتىكىلەر بىلەن بىردەك بولۇشتۇر. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ كۈلتۈرى ئۇنىڭ كەمتۈكلۈكىنى بىر خىل گۈزەل پەزىلەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋەتكەن بولۇپ، بۇ ئۇنىڭدا بىر تۈرلۈك كۆپچىگەن غالىبىيەت تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ»[11] . شەخسلەر كوللېكتىپقا ئەگىشىش شامىلى كۈچلۈك جەمئىيەتلەردە بۇ ھادىسە ئىنتايىن كەڭ كۆرۈلىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ يەردىكى كەمتۈكلۈكلەرنى بىر-بىرلەپ بايان قىلىش مۇمكىن. بىرىنچى، غەربنى كەم-كۈتىسىز تەرەققىيات ئۈلگىسى، ئۆزىنى بولسا پۈتۈنلەي قالاق دەپ ھېس قىلىش خاھىشى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەردە غەربنىڭ سىناقتىن ئۆتمىگەن ياكى ناچار بەزى ئىدىيە ۋە ھەرىكەتلىرىنى قوبۇل قىلىش باش كۆتۈردى. مەسىلەن، قىمار ۋە چېكىدىن ئاشقان جىنسىي ئەركىنلىكنى قانۇنلاشتۇرۇش ۋە بازارغا سېلىش، ماددىي مەئىشەتكە ئارتۇقچە بېرىلىش ۋەھاكازالار. ئىككىنچى، غەربنىڭ ئۆزىگە خاس كۈلتۈرلىرىنى تەرەققىيات ئامىللىرى سۈپىتىدە قارىغۇلارچە قوبۇل قىلىش ئەۋج ئالدى. مەسىلەن، غەربلىكلەرنىڭ تۇرمۇش شەكىللىرى، كىيىم-كېچەكلىرى، بايراملىرى، يېمەك ئىچمەكلىرى 3-دۇنيانىڭ يېرىمىدىن كۆپرەك قىسمىنى دېگۈدەك قاپلاپ بولدى. بۇ جەرياندا كېيىنكىلەرنىڭ ئەنئەنىلىرى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ئۈچىنچى، ئۆزىنى دۇنيادا ئەڭ مەدەنىيەتلىك، ئەڭ ئېسىل دەپ قاراش خاھىشى. تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرنىڭ بەزىلىرىدە غەرب مەدەنىيىتى ئۆزىمىزنىڭكىگە ھەرگىز يەتمەيدۇ دەيدىغان ئىدىيە ھۆكۈم سۈرۈپ كەلدى. ئۇلارچە، غەربلىكلەر تېخى تونۇگۈنلا «ئىشتان كىيىشنى ئۆگەنگەن»، شۇڭا ئۇلارنىڭ تارىخى ھەم مەدەنىيىتىگە يېتىدىغان نەرسە يوق، يۈكسىلىش توغرىسىدا گەپ بولغاندا ئۇلار ئۆز تارىخىدىن، ئەجدادلىرىدىن سۆز ئاچىدۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى رېئاللىقىغا كۆز يۇمىدۇ. تۆتىنچى، بۇ يالغۇز نامراتلىق ئاسارىتىدىكى ئافرىقا خەلقىگە تالىق. ئۇلارچە، قورساق تويغۇدەك بىر نېمىگە ئېرىشىشنىڭ ئۆزى تەرەققىيات، ئۇلارغا يېمەكلىك بەرگەن غەربلىكلەر گويا ئۇلارنىڭ خۇداسى. ئۇلار قورساق ئۈچۈن نېمە قىل دېسە شۇنى قىلىدۇ. بۇ يەردىكى روھىيەتنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولۇش تەس .

يۇقىرىقىلار تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەردە كۆرۈلۈۋاتقان، تەرەققىياتقا پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان كوللېكتىپ كەمتۈكلۈكلەرنىڭ بىر قىسمى. ھالبۇكى، بۇ پاسسىپ ئامىللارنىڭ تاشقى سەۋەبلىرىنى يەنە غەربتىن سۈرۈشتۈرۈش مۇمكىن. ئۆتكەن تۆت ئەسىر جەريانىدا غەرب ئۆزىنىڭ ئىلغار ئۇرۇش قوراللىرى، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە ھەيۋەتلىك پاراخوتلىرى بىلەن دۇنيانى ئىنتايىن جەھەتتە مونوپول قىلدى. ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ئامېرىكا قىتئەلىرىگە «زامانىۋىلىق» نى كىرگۈزدى. ھەربىي، سىياسىي، قۇل ۋە سودا رىقابىتىدىكى ئۈستۈنلۈك غەربنىڭ بارلىق ئىجتىمائىي ۋاستىسىنى قوللايدىغان شارائىتلارنى بەرپا قىلدى.گەرچە 3-دۇنيا ئەللىرى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن كېيىن مۇستەملىكىچىلەرنىڭ كونتروللۇقىدىن ئارقا-ئارقىدىن قۇتۇلۇپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن كەينىدىنلا بېقىندىچىلىقنىڭ يېڭى شەكىللىرىگە تۇتقۇن بولدى. ئۇلار دۇچ كەلگەن ئىنتايىن قالاقلىقى ھەم كەڭ دائىرىلىك نامراتلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان مائارىپ مەجرۇھلۇقى ۋە شۇنىڭدىن تۇغۇلغان روھىي كەمتۈكلۈكلەر ئۇلارنى قايتىدىن يەنە غەربنىڭ بېقىندىلىرىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. بۇ خىل بېقىندىچىلىق بۇرۇن ماددىي جەھەتتىلا كۆرۈلگەن بولسا ،ئەمدى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە تەڭلا كۆرۈلدى. بەلكى كېيىنكىسىنىڭ خەتىرى ئىنتايىن زور بولسا كېرەك. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇلار يالغۇز باشقىلارنىڭ تونۇشى ۋە ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ نازۇك ئۆزلۈك غۇرۇرىنى قوغداش ئۈچۈنمۇ كۈرەش قىلىشى كېرەك. غەرب ئەللىرىگە ھەرخىل سەۋەب بىلەن كۆچۈپ بېرىپ ياشاۋاتقان تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرنىڭ خەلقلىرى بۇ جەھەتتە ئەڭ بىۋاستە ھەم كۈچلۈك سىناقلارغا دۇچ كەلدى. ئەۋلادلارغا ئۆز ئەنئەنىسىنى تولۇق يەتكۈزۈپ بېرىشتىكى ئاجىزلىق ئۇلارنى مەۋجۇدلۇقىنى يوقىتىش تۇيغۇسىغا مۇپتىلا قىلدى. كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئۆزلىرىدىن بارا-بارا ياتلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى ئالدىدىكى ئامالسىزلىق يالغۇز كۆچمەنلەر بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. 3-دۇنيا ئەللىرىدىكى ياش ئەۋلادلارنىڭ غەربپەرەسلىشىشى توسۇۋالغىلى بولمايدىغان ئېقىمغا ئايلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە چوڭلار ئۆز كەلگۈسىگە كۈنسېرى گۇمان بىلەن قارايدىغان بولدى. بۇ جەھەتتە 3-دۇنيا ئەللىرىنىڭ بىلىم ئىگىلىرى چوقۇم ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى توغرا تونۇش ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىشى كېرەك. غەرب دۇنياسىنىڭ تەرەققىياتتىكى ئۆتۈقلىرى بىلەن «يالتىراقلىرى» نى پەرق ئېتىش ئىشىدا چوقۇم يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك .

غەرب دۇنياسىنىڭ تەرەققىياتتىكى «يالتىراقلىرى» دېمىسىمۇ كۆزنى قاماشتۇرىدۇ. ھالبۇكى، بۇ «يالتىراقلار» نىڭ كەينىگە يەنە غەرب دۇنياسىنىڭ كەمتۈكلۈكلىرى يوشۇرۇنغان. يېڭى - يېڭى ئېھتىياجلارنى توختىماي غىدىقلاپ قوزغىتىش ئارقىلىق يېڭى -يېڭى بازارلارنى ئېچىش، تېخىمۇ كۆپلەپ پايدىغا ئېرىشىش كاپىتالىزم دۇنياسى ئىقتىسادىنىڭ بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى. بۇ « يالتىراقلار» نىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەمەلىيەتتە مۇشۇ غىدىقلاشلار بىلەن يۇغۇرۇلغان . بۇ غىدىقلاشلارنىڭ ئەڭ كونكرېت بىر ۋەكىلى ئەركىن بازارنىڭ سودا ئېلانلىرىدۇر. بۇ ئېلانلار كىشىلەرنىڭ ئۇيقۇ ھالىتىدىكى ئېھتىياجلىرىنى قوزغىتىپ، ئۇلارنى بازارنىڭ يېڭى ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇڭا ئىنسان ئېھتىياجىنىڭ مەڭگۈ قانماس خۇسۇسىيىتى بازار ئىگىلىكى دۇنياسىنىڭ ئەڭ مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىدۇر. شۇڭا كىشىلەر ئۆز تەبىئىتى ۋە شۇ قوزغىتىشلارنىڭ بىرلىكتە رول ئوينىشى تۈرتكىسىدە ھەتتا ئۆزىگە جىددىي زۆرۈر بولمىغان نەرسىلەرنى سېتىۋالىدۇ، ئۆزى ھەقىقىي ئېھتىياجلىق بولمىغان مۇلازىمەتلەرگە ئېرىشىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا غەرب دۇنياسى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمال دۇنياسى. يۇقىرى مائارىپقا ئېرىشىشمۇ يۇقىرى ئىستېمال سەۋىيىسىگە يېتىش ئۈچۈن، ئۆزىگە كېرەك بولمىغان نەرسىلەرنى تېخىمۇ كۆپلەپ سېتىۋېلىش ئۈچۈن. دەرۋەقە ، «بېجىرىم جەمئىيەت ئىنسانىيەت ئېھتىياجلىرىغا ماسلاشقان جەمئىيەتتۇر. بىراق بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئىنسانىيەت ئېھتىياجلىرى كىشىلەرنىڭ خىيالىدىكى كەلسە-كەلمەس ئېھتىياجلار ئەمەس. چۈنكى، ئەڭ ئېغىر كېسەل ھالەتتىكى ئىستەكلەرمۇ كىشىلەر تەرىپىدىن ئەڭ ئېھتىياجلىق نەرسە دەپ قارىلىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقىنى ئىنسانىيەتنىڭ تەتقىقات ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ھەقىقىي ئېھتىياجلىرىدۇر. »[12] دەرۋەقە، «ئەڭ ئېغىر كېسەل ھالەتتىكى ئىستەكلەر» يەنىلا غەرب دۇنياسىدا ئەڭ كۆپ. بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ. مەسىلەن، قىمار، قورال سودىسى، ئۇچىغا چىققان جىنسىي ئەركىنلىك، چېكىدىن ئاشقان مەئىشەت ۋەھاكازالارنىڭ ھەممىسى غەرب ئەركىن بازىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرى. سەل ئىلگىرى بازار سۈرگەن قۇل سودىلىرى بىلەن بۇلارنىڭ قانچىسىنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى بار؟ بۇلارنىڭ قانچىسى قايسى دەرىجىدە يامان ئامىل قاتارىدا سانىلىۋاتىدۇ؟ قايسىلىرى

ھېچبىر سوراقسىز 3 ـ دۇنيا ئەللىرىگە يامراۋاتىدۇ؟ بۇنى ھېس قىلىش تەس ئەمەس .

بۇ تەرەپتىن ئالغاندا دۇنيادا تېخى ھېچبىر دۆلەتنى تەرەققىي قىلغان دۆلەت قاتارىغا تىزىشقا بولمايدۇ. تارىخ پەنلىرى ئالىمى ئارنولد توينبى ئۆمۈر بويى مەدەنىيەتلەر ئىلمىنى تەتقىق قىلىپ، « جەمئىيەتتىكى ماددىي ۋە تېخنىكىۋى يۈكسىلىشلەر بىلەن روھىي يۈكسىلىشلەر ئارىسىدا تەتۈر مۇناسىۋەت مەۋجۇد» دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن.[13] ھالبۇكى، دېنىس گولېت يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىنسانىي تەرەققىيات ئادەتتىكى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي پاراۋانلىق بىلەن بىللە مەۋجۇد بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ ھەم بۇنىڭغا سىرىلانكىنى مىسالغا ئالىدۇ[14] . دېنىس ئەلۋەتتە بۇ يەردە سىرىلانكىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى قىممەتلەرنى يوقىتىپ قويمىغانلىقى ۋە ساغلام ھالدا تەرەققىياتقا يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى ئالاھىدە تەرىپلىگەن. غەربتە بولسا ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان « ئىقتىسادىي نان» نى چوڭايتىش ھېچبىر نۇقسانسىز ھالدا ئۆز ـ ئۆزىنى ئىسپاتلايدىغان نىشان دەپ قارالدى ھەمدە ئەزگۈ ھاياتنى قوغلىشىش بىلەن مەنداش ئورۇنغا قويۇلدى. ئىنساننىڭ چەكتىن ئاشقان كېسەل ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش تەرەققىياتنىڭ بەلگىلىرى سۈپىتىدە ئەركىن بازارنىڭ تەركىبىي قىسمىلىرىغا ئايلاندى. « قانماس ئىستەك بىر خىل كېسەل بولۇپ، ئۇ ئۆز قۇربانىنى ئىنسانىي ئەركىنلىكتىن ، شۇنىڭدەك ئاخىردا باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلىدۇ» دەيدۇ جەمئىيەتشۇناس پېرېك[15] . شۇڭا ئۆلۈۋېلىش، قاتىللىق، زوراۋانلىق، جىنسىي پاراكەندىچىلىك ھەم سەتچىلىكلەرنىڭ نىسبىتى ماددىي پاراغەت ئىچىدە ياشاۋاتقان غەربلىكلەر ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى بولسا كېرەك. ئەلۋەتتە، ئىنسان دەرد ئىچىدە قېلىپ ئۆز ھاياتىغا مەنە تاپالمىغاندا ئاندىن ئۆلۈۋېلىش يولىنى تاللىشى مۇمكىن. لېكىن ماددىي پاراغەتتە ياشاۋاتقانلار نېمىشقا شۇ مەنىدىن ئاسانلا ئايرىلىپ قالىدۇ؟ بۇ يەردە ئارنولد توينبىنىڭ نۇقتىئىنەزىرى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىنىدۇ. ناۋادا شۇ كىشىلەر باشقىلارنىڭ ئېھتىياجىنىمۇ ئاز ـ تولا ئويلىغان بولسا، يەنى ئۆزىنىڭدىلا ئۆزۈپەرەس، ئىستەكخور بولمىغان بولسا، قىسقىسى روھىي جەھەتتىن ساغلامراق بولغان بولسا بۇنداق كۆپ « دەرد»كە قالماس ئىدى. شەرق ئەللىرىدە ئەھۋال قانداق؟ گەندىي ھەمىشە ھىندىستاندىكى ئەڭ نامرات يېزىلاردىمۇ ھەممە كىشىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىغۇدەك تاۋارنىڭ بارلىقىنى ، لېكىن پۈتكۈل ھىندىستاندىكى ھەربىر كىشىنىڭ نەپسىنى قاندۇرۇشقا يېتەرلىك تاۋارنىڭ يوقلۇقىنى تىلغا ئالاتتى[16] . بۇ يەردىمۇ ئېھتىياج بىلەن نەپس ئېنىق ئايرىلغان. ئەجەبا، غەرب ئەللىرىدە ئۇلارنىڭ نەپسىنى قاندۇرۇشقا يېتەرلىك تاۋارنىڭ شەرق ئەللىرىدىن ھەسسىلەپ كۆپ بولغانلىقى ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولالامدۇ؟ يۇقىرىقى تەھلىللەرنىڭ ياردىمىدە بۇ سوئالغا ياق دەپ جاۋاب بېرەلەيمىز. ھەقىقىي تەرەققىيات بۇنداق بولماسلىقى كېرەك .

ئارىستوتېل مۇنداق دەيدۇ: « ياخشى تۇرمۇش ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان مال ـ مۈلۈكنىڭ چېكى بولىدۇ. بىر كىشى ئېرىشكەن مال ـ مۈلۈك شۇ دەرىجىدە بولۇشى كېرەككى، ئۇ شۇ ئارقىلىق ھەم ئەركىن ھەم مۆتىدىل ياشىيالىشى كېرەك. ناۋادا ئىككىسى ئايرىۋېتىلسە، ئەركىنلىك ھەشەمەتچىلىك بىلەن بىرىكىپ كېتىدۇ، مۆتىدىللىك بولسا جەبىر ـ جاپا بىلەن باغلىنىپ قالىدۇ»[17] . ئارىستوتېل تىلغا ئالغان بۇ ئىككى تەرەپ ئىككى قۇتۇپتىن دېرەك بېرىدۇ. روشەنكى، ئالدىنقىسىغا غەربلىكلەر، كېيىنكىسىگە تەرەققىي قىلىۋاتقانلار كۆپرەك چۈشىدۇ. ئالدىنقى ئەھۋالدا قانماس ئىستەكلەر كىشىنى پاراغەتكە باشلايدۇ، كېيىنكىسىدە يوقسۇللۇق تەبىئىيلا كىشىنى جاپاغا قويىدۇ، ئۇ ھەتتا يوقسۇللۇقتىن قۇتۇلغان تەقدىردىمۇ خېلى ئۇزۇنغىچە يەنە يوقسۇللۇق ئىچىدە ياشىشى مۇمكىن. چۈنكى يوقسۇللۇق ئۇنىڭغا ئەنئەنە بوپكەتكەن. ئالدىنقىسىدا ھەشەمەتچىلىك گويا ئەنئەنىگە ئايلانغان. ئۇنى بۇزۇش خۇددى ئۆز ـ ئۆزىگە قارشى چىققاندەك بەسى مۇشكۈل بىر ئىش. دېمەك، بۇ ئىككى قۇتۇپ خاھىشى قەلبلەرگە سىڭىپ كەتكەن ئەھۋالدا ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن توغرا تەربىيە ۋە ئۇزۇن ۋاقىت كېرەك بولىدۇ. بۇ ئىككى قۇتۇپ ئارىسىدىكى مۆتىدىل ھايات ھەقىقىي ئىنسانىي تەرەققىياتنىڭ بىر مۇھىم ئىپادىسىدۇر. «ناۋادا مەلۇم بىر نۇقتا ئاستىدا ئىنسان بېجىرىم ئىنسان بولالمىسا ياكى ھەقىقىي ئىنسان ھاياتىنى ياشىيالمىسا، ئوخشاشلا يەنە بىر تورۇس بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىنساننىڭ داۋاملىق ئېرىشىشكە بولغان ئىستىكى ئۇنىڭ ئىنسانىيلىق سۈپىتىگە توسالغۇ بولىدۇ.»[18] پسىخولوگ ئېرىچ فرومنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، « باياشاتلىقتا ياتلىشىش» بىلەن « نامراتلىقتا ياتلىشىش» پەسكەشلىكتە بىر ـ بىرىدىن قېلىشمايدۇ[19] . ئۇنداقتا قانچىلىك مەئىشەتكە ئېرىشىش ھەقىقىي تەرەققىياتنىڭ مەنىسى بىلەن تىركىشىپ قالمايدۇ؟ ئەلۋەتتە بۇنىڭدا ئىككى تەرەپ بار. بىرى ، مەئىشەتنىڭ مىقدارى، يەنە بىرى مەئىشەتنىڭ سۈپىتى. ناۋادا ئۆز ئاتا ـ ئانىسى ياكى قېرىنداشلىرى يوقسۇزلۇقتا ياشاۋاتقان بىر باي كىشى ئۇلارغا ياردەم قولىنى سۇنماي، ئېسىل داچىدىن بىرنى سېتىۋالغان بولسا، بۇ يەردە ئېنىقكى مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن. دېمەك ئۇ مىقدار جەھەتتە ئېشىپ كەتتى دېگەن گەپ. لېكىن بولۇپمۇ ھەركىم ئۆزىگە مەسئۇل دەپ قارايدىغان غەربلىكلەر نەزىرىدە بۇ ھېچبىر مەسىلە ئەمەس. بۇ پەقەت كۆز قاراش مەسىلىسى، خالاس. ئۇ كىشى داچا سېتىۋالماي ياكى سېتىۋالغان تەقدىردە يەنە يوقسۇز قېرىنداشلىرىنى يۆلەشكە كۈچ چىقارسىچۇ؟ ئەمدى ئېنىقكى مەسىلىسى پۈتۈنلەي يوقالغان بولىدۇ. بۇ يەردە ئىنسانىي تەرەققىياتنى ھېس قىلىش مۇمكىن. ناۋادا شۇ كىشى شۇ پۇلنى پۈتۈنلەي ناتونۇش بولغان ھەم ئاچ ـ يالىڭاچلىقتا قالغان بىر يېتىم بالىنى بېقىۋېلىشقا ئىشلەتسىچۇ؟ بۇنى ئەخمەقلىق دەپ قارىغۇچىلار قانچە كۆپ بولسا، ھەقىقىي تەرەققىيات ئىنسانىيەتتىن شۇنچە يىراق بولغان بولىدۇ. مەئىشەتنىڭ سۈپىتى ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ساغلام ياكى كېسەل ئىكەنلىكى مەسىلىسىدۇر. مىسالەن، پۇلنى بۇزۇقچىلىققا، كەيپ ـ ساپاغا سەرپ قىلىشمۇ مەئىشەت ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بۇنداق كېسەل مەئىشەتنىڭ كۆپىيىشى ھەرگىزمۇ تەرەققىياتنى ئېنىقكى جەھەتتە تەستىقلىيالمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇلار تەرەققىياتنىڭ ھارام شاخلىرىدۇر. تەرەققىياتشۇناس ل. ج. لىبرېت تەرەققىياتنى « تۆۋەنرەك ئىنسانىي مەۋجۇدلۇق شەكلىدىن يۇقىرىراق ئىنسانىي مەۋجۇدلۇق شەكلىگە ئالمىشىشلارنىڭ بىر يۈرۈش جەريانى» دەپ قارايدۇ[20] . دەرۋەقە، بۇ يەردە دېيىلگەن «جەريان» نىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى روھىي بېجىرىملىكتۇر. ئۇ پەقەت ماددىي جەھەتتىلا يۇقىرى سەۋىيىگە يېتىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ھالبۇكى، روھىي ساغلاملىققا يېتىش ئۈچۈن ماددىي ئاساسلار يېتەرلىك بولمىسا بولمايدۇ. بىز ماددىي ئېھتىياجلارنىڭ بېسىمى ئاستىدا جان تالىشىۋاتقان كىشىلەردىن بۇنى تەلەپ قىلىشقا ئامالسىزمىز. ھالبۇكى، مۇشۇ ماددىي ئاساسلارنى يارىتىشتىن تارتىپ قەدەممۇ قەدەم « يۇقىرىراق ئىنسانىي مەۋجۇدلۇق شەكلى»گە قاراپ يۈرۈش قىلىشنىڭ ئۆزى تەرەققىياتتۇر. لېكىن ماددىي پاراۋانلىققا ئېرىشكەن چاغدا كىشىلەر مەئىشەتكە ئارتۇقچە بېرىلسە خۇددى نامراتلىق پاتقىقىغا پاتقان كىشىلەرگە ئوخشاشلا ئىنسانىيلىقىدىن ياتلىشىدۇ. يۇقىرىراق

ئىنسانىي مەۋجۇدلۇقنى تەلەپ قىلىۋاتقان تەرەققىيات مەسىلىسى ھەل بولمايدۇ. بۇ ئاخىرقى ھېسابتا بىر پاجىئەدۇر.

ئەنئەنە ئىچىدە ھەم ساغلام ھەم كېسەل روھىيەت ئامىللىرى تەڭلا مەۋجۇد بولغان بولىدۇ. ساغلام روھىيەت ئامىللىرىنىڭ كۆپ بولۇشى ئەلۋەتتە بىر مىللەتنىڭ يۇقىرى تەرەققىيات سۈپىتىدىن دېرەك بېرەلەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا ئىنسانىيەتنىڭ ئاتالمىش تەرەققىياتى يالغۇز بۈگۈنكى غەربكىلا مەنسۇپ ئەمەس. تارىختىكى ئەللەردىن ۋە زامانىمىزدىكى 3-دۇنيا ئەللىرىدىنمۇ تەرەققىياتنىڭ ئۈلگىلىرى كۆپلەپ تېپىلىدۇ. لېكىن تارىخ يەنىلا ئۆتمۈش. رېئاللىق يەنىلا ئاچچىق. بۈگۈنكى تەرەققىي قىلىۋاتقانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تارىختا ئەڭ يۇقىرى تەرەققىياتقا ئېرىشكەنلەر ئىدى. دەۋر چاقى ئايلىنىپ «ھۇما قۇشى» بۈگۈن غەربلىكلەرنىڭ بېشىغا قوندى. لېكىن شەرقلىقلەر بۇنىڭلىق بىلەن ئۆز ئەنئەنىسى، غۇرۇرى ۋە كىملىكىنى تەرەققىياتنىڭ قۇربانىغا ئايلاندۇرۇۋەتمەسلىكى، ئۆزىنىڭ ئېسىل مىللىي روھىيىتىنى تەرەققىياتنىڭ بىر مۇھىم بەلگىسى ۋە ئاساسى سۈپىتىدە چىڭ ساقلىشى كېرەك. ھالبۇكى، بۇ ئەجدادلارغا ئۈمىد باغلاش، مەجنۇنلارچە چوقۇنۇش، ئەنئەنىلەرگە قارىغۇلارچە ئەگىشىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇنداق قىلىش پەقەت ئاجىز كىملىكنىڭ سالاھىيىتىنى قوغداش يولىدىكى بىھۇدە تىپىرلاشتىن باشقا ئىش ئەمەس. بۇ خىل روھىي پاسسىپلىق تەرەققىياتنىڭ ئەڭ زور پۇتلىكاشاڭلىرىدىن بىرىدۇر.

تەرەققىيات كۆپ تەرەپلىمە ھەم كەڭ دائىرىلىك يۈكسىلىشتۇر، يالغۇز جىقراق ئىدىرىسكە ئېرىشىش ئەمەس، بەلكى جىقراق سۈپەتكە ئېرىشىشتۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، «ھەقىقىي تەرەققىياتنىڭ تەبىئىتى شۇكى، ئۇنىڭغا دۇنيادىكى بارلىق ئەل-قوۋم ئورتاق قاتنىشىشى كېرەك. بولمىسا ئۇ چىن (مەنىسىدىن) تەرەققىيات بولماي قالىدۇ.»[21] بىر قىسىملارنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە يەنە بىر قىسىملارنىڭ گۈللىنىشى ئىنسانىي تەرەققىياتتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۆز تارىخىي يىلتىزىدىن، ئېسىل ئەنئەنىلىرىدىن ئايرىلغان ۋە ياكى مىللەت پاجىئەلىرىگە ھامىي بولۇۋاتقان ئەنئەنىلەرگە جاھىللارچە چاپلاشقان تەرەققىياتمۇ ساختا تەرەققىياتتۇر. يالغۇز ئىقتىسادىي ياكى ماددىي ئېھتىياجلارنى چىقىش قىلغان تەرەققىياتمۇ ئىنسانىي روھىي نامراتلىققا مۇپتىلا قىلىدۇ ۋە ئۆزىدىن ياتلاشتۇرىدۇ. قىسقىسى، ھەقىقىي تەرەققىياتنىڭ ئاخىرقى نىشانى ئىنسانىيەتنى ئومۇميۈزلۈك ھالدا روھىي ساغلاملىق ۋە بېجىرىملىككە ھەم شۇ ئاساستىكى بەختكە ئېرىشتۈرۈشتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن يېتەرلىك ماددىي ئاساسقا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە مەنىۋىيەتنىڭ پارلاق تەرەپلىرىنى توختىماي قېزىش شەكسىز زۆرۈر بولىدۇ .

2007-يىل ئىيۇن، ئەنگلىيە - نىيۇكاسىل

## سىتاتا مەنبەلىرى

[1] نەنسى بىردسەل: « ھايات ناھەقتۇر: دۇنيادىكى تەڭسىزلىك» ، « تەرەققىي قىلىۋاتقان دۇنيا» (روبېرت ج. گرىففىس تەھرىرلىگەن) ناملىق كىتابتا ، گىلفورد 2001-يىل نەشرى 8-بەت.

[2] ۋىللىي برەت: « جەنۇب -شىمال: جاننى ساقلاش پروگراممىسى» ، كامبرىج 1980-يىل نەشرى16-بەت.

[3] ستېفېن. س. سمىس: « ئىقتىسادىي تەرەققىيات ھەققىدە بەككە نۇقتىلىق تەتقىقاتلار» ، جورج ۋاشىگتون ئۇنىۋېرسىتېتى 2003-يىل نەشرى 3-بەت.

[4] ۋىللىيام .خ. دراپېر : « ب د ت تەرەققىيات پروگراممىسىنىڭ كىرىش سۆزى» ، 1990-يىل نيۇ-يورك، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشرى 3-بەت.

[5]،[6] دېنىس گولېت: «تەرەققىيات كۆرسەتكۈچلىرى» ، «ئىجتىمائىي ئىقتىساد ئىلمى ژۇرنىلى» 21-توم 3-نومۇر ، 1992-يىل نەشرى 245-بەت.

[7] بىۋاستە ئۇچرىشىشتا ئىگىلەنگەن. ئۇ ئۇيغۇرلاردىمۇ مەھەللە ئەنئەنىسىنىڭ بار-يوقلۇقى ھەققىدە سوئال قويدى.

[8] داۋىد . خ . پوللوك: «لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ 2000-يىلغا بولغان ئىستراتېگىيىسى» - «لاتىن ئامېرىكىسى ھەققىدە دوكلات» ، كارلېتون ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرى 1-توم 9-بەت.

[9] دېنىس گولېت: «كۇلتۇر، دىن ۋە تەرەققىيات ھەققىدە» ، « دېموكراتىيىنى قايتا تەلەپ قىلىش» (مارگۇرېت مېندېل تەھرىرلىگەن) ناملىق كىتابتا، مكگىل -كۇئىن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، كانادا 2005-يىل نەشرى 21-بەت.

[10] جېق خەينېس:« ئۈچىنچى دۇنيا سىياسىيىسىدە دىن» ، لىن رىننېر نەشرىياتى 1994-يىل نەشرى 2-بەت.

[11]، [12] ئېرىچ فروم :«بېجىرىم جەمئىيەت» ، جۇڭگو ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى نەشرىياتى 1988-يىل 7-ئىيۇن نەشرى 14- ، 19-بەتلەر.

[13] ئارنولد توينبى: « تارىخ ھەققىدە تەتقىقات» . نيۇ-يورك 1965-يىل نەشرى 1-توم 59-بەت.

[14] دېنىس گولېت : « تەرەققىيات كۆرسەتكۈچلىرى» ، «ئىجتىمائىي ئىقتىساد ئىلمى ژۇرنىلى» 2-توم، 1992-يىل 3-سان.

[15] دېنىس گولېت: « تەرەققىياتتا كۇلتۇر ۋە ئەنئەنىۋى قىممەتلەر» ناملىق ماقالىدا ئېلىنغان نەقىل، « تەرەققىيات ئېتىكىسى»( سۇسان ستراتىگوس ۋە فىلىپ خوگخېس تەھرىرلىگەن) ناملىق كىتابتا ، نيۇ گىنىيە نەشرىياتى 1987-يىل نەشرى.

[16] نائىك. ج. پ: « گەندىي ۋە تەرەققىيات نەزەرىيىسى» ، «سىياسىي ھەققىدە تەھلىللەر» ژۇرنىلى 1983-يىل. ئومۇمىي 45-سان 5-بەت.

[17] رۇس. ۋ . د (تەھرىرلىگەن) :«ئارىستوتېل ئەسەرلىرى» ، كلارېندون نەشرىياتى، ئوكسفورد 1921-يىل نەشرى 5-توم 1265-بەت.

[18] دېنىس گولېت:« ھەقىقىي تەرەققىياتنى ئىزدەش» ، « ئىنتىپاقلىق لوگىكىسى» (گرېگورىي بائۇن ۋە روبېرت ئېلسبېرگ تەھرىرلىگەن) ناملىق كىتابتا. نيۇ-يورك 1990-يىل نەشرى 136-بەت .

[19] ئېرىچ فروم (تەھرىرلىگەن): «سوتسىيالىستىك گۇمانىزم (ئىنسانىزم) — خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ كىرىش سۆزى» ، نيۇ-يورك ، 1966-يىل نەشرى 9-بەت.

[20] دېنىس گولېت: «يەرشارىلىشىش داۋامىدىكى ئۆزگىرىۋاتقان تەرەققىيات ھەققىدىكى مۇنازىرىلەر» ، «قانۇنىي ۋە ئىجتىمائىي سىناقلار ژۇرنىلى» 6- توم 1-بەت.

[21] رىم پاپاسى جون پائۇل2: «ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەققىدە» ، ۋاشىگتون، ئامېرىكا كاتولىك دىنىي يىغىنى، 1987-يىل نەشرى17-بەت.

---

ئاپتور: ئۇيغۇر فولكلورى بويىچە ماگىستىر، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ لېكتورى، ھازىر ئەنگلىيە نيۇكاسىل ئۇنىۋېرسىتېتىدا زىيارەتچى ئالىم سۈپىتىدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتىدۇ (M3)،(M1)



ئابلەت مۇھەممەت

# پىكرىي خاسلىق ۋە ئابلەت ئابدۇللا

مەن ئابلەت ئابدۇللانىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىل 5 ـ سانىغا بېسىلغان «دېھقاندا ئەيىب يوقمۇ؟»، شۇنداقلا 2006 ـ يىل 4 ـ سانىغا بېسىلغان «ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرى يالىڭاچلىنىپ كەتتىمۇ ياكى ئەرلىرى؟» قاتارلىق بەدىئىي مۇھاكىمىلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن مىللىتىمىزنىڭ بۇ يېڭى پىكىرلىك، ئىستېداتلىق شائىرىغا يەنە بىر قېتىم قايىل بولماي تۇرالمىدىم. مەن شائىرنىڭ بۇنىڭدىن 18 يىل مۇقەددەم «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىل 3 ـ سانىغا بېسىلغان «چىدىساڭ ياشا» دېگەن ئىككى كۇپلېت شېئىرىنى ئوقۇغاندىمۇ شېئىردىكى پىكرىي ئۆزگىچىلىككە، تەپەككۇر خاسلىقىغا ۋە ئوي ـ پىكرىنى ئىپادىلەشتىكى دادىللىقىغا شۇنداق قايىل بولغانىدىم. مەن ئويلايمەن: ئەگەر بىزنىڭ بىر قىسىم مول ھوسۇللۇق كونا ۋە يېڭى ماھىر قەلەم ساھىبلىرىمىزدا شەيئىلەرگە ئەنە شۇنداق ئۆزگىچە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش پوزىتسىيىسى بىلەن مۇئامىلە قىلىش مىزانى بولۇپ، ئۆزگىرىشچان ــ ئۆتكۈنچى ۋەزىيەت ئېھتىياجىدىكى ئۆتەر ـ كېتەر ھادىسىلەرنىڭ جارچىسى بولۇشتەك كالىندارچە يېزىقچىلىقتىن قول ئۈزۈپ، تارىخنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتەلەيدىغان ئۆلمەس ــ ھاياتىي

تېمىلار ئۈستىدە ئىزدەنگەن ــ قەلەم تارتقان بولسا، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى تېزلا ئۇنتۇلۇپ، ئوقۇرمەنلەر نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتمىگەن، كىشىلەرنىڭ دائىم دىققەت نەزىرىدە بولغان بولاتتى (مەسئۇل مۇھەررىردىن) دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

ھەقىقىي بىر پارچە ئەسەرنى يېزىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس. بىز ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلىپ ، سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان ئۆلمەس ئەسەرلەرنى بىلىمىز. بۇ ئەسەرلەر ئاپتورلارنىڭ يۈرەك قانلىرى بىلەن يېزىلغان. ئەسەرلەردىن ئاپتورلارنىڭ ھەققانىيەت ئۈچۈن بولغان يېمىرىلمەس ئىرادىسى، نۇرانە ھاياتقا بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببىتى چاقناپ تۇرىدۇ. بۇ ماياك ئەسەرلەر كىشىلەرگە شۇنى ئۇقتۇرۇپ تۇرىدۇ ــ بىر قەۋمگە ۋىجداندىن مەسئۇل بولۇش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۆزىگە مەسئۇل بولۇشنى دائىملىق ئادەتكە ئايلاندۇرۇش، ئەسەرلىرىنىڭ بىر ئۆتكۈنچى دەۋر ئۈچۈنلا ئەمەس، ھەرقايسى دەۋر ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا ئەھمىيەتلىك بولۇشنى چىقىش نۇقتىسى قىلىش زۆرۈر. شۇندىلا ئۇ ئەسەرلەر تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈپ، ھەرقايسى دەۋر ئادەملىرى ئۈچۈن كېرەك بولغان پايدىلىنىش قىممىتىنى ساقلىيالايدۇ. ئاپتورىنىڭ نامىمۇ ئەسىرى بىلەن تەقدىرداش ھالدا ئۇزۇن مۇددەتلىك نوپۇزىنى نامايان قىلالايدۇ. يۈزلىگەن، مىڭلىغان يىل سانىسىزلىغان ئىز، ھەيۋەتلىك قەلئەلەرنى تارىخنىڭ قۇم ـ بورانلىرى ئاستىغا كۆمۈۋەتتى. ئەمما تەۋەررۈك بوۋىلىرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ نامى

ئوقۇرمەنلەر چايخانىسى

ئۇلارنىڭ ئەبەدىي ئۆلمەس ئىلمىي ئەمگەكلىرى — «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن تەڭ ئۇلۇغلىنىپ كەلمەكتە. ئازادلىق — ھۆرلۈك كۈيچىسى، يالقۇنلۇق — ئىسيانكار شائىرلىرىمىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي بىلەن لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ نامى ئۇلارنىڭ ئۆلمەس شېئىرلىرى بىلەن قەلبلەر تۆرىدە. زامانىمىزنىڭ مۇشۇ دەۋرىدە ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر ئەپەندى يازغان «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن»، ئابدۇللا تالىپ ئەپەندى يازغان «قاينام ئۇركىشى»، مەمتىمىن ھوشۇر ئەپەندى يازغان «قۇم باسقان شەھەر». زوردۇن سابىر ئەپەندى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە يازغان «ئانا يۇرت»قاتارلىق رومان — ترىلوگىيىلەر دەۋردىن ھالقىپ ئۆتەلەيدىغان ئابىدىلەردۇر. مېنىڭچە، ئابلەت ئابدۇللا ئىز بېسىپ كېلىۋاتقان يولمۇ ئەنە شۇنداق ھۆرمەتكە لايىق ئىستىقباللىق يولدۇر.

ئەلۋەتتە، مەن يازغۇچى، ئوبزورچى — ئەدەبىيات ئەھلى ئەمەس بەلكى ئادەتتىكى بىر ئوقۇرمەن، خالاس. يۇقىرىقىلار مەن ئوقۇغان ئەسەرلەرنىڭ ماڭا بەرگەن تەسىرىدىن چىقىرىلغان شەخسىي يەكۈندىن ئىبارەت. مۇھەممەت چاۋار ئەپەندى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ 2006-يىل 4-سانىدا بېسىلغان «ئۇنۇتماڭ، ھوقۇق سىزنىڭ ئەمەس!» دېگەن مۇھاكىمىسىدە تولىمۇ ئورۇنلۇق بولغان مۇنداق سەممىي ئاگاھنى كىشىلەرنىڭ دىققىتىگە سۇنىدۇ: «شۇنى ئېسىڭىزدە تۇتۇشىڭىز كېرەككى، تۆۋەندە ئولتۇرۇپ سۆزىڭىزنى ئاڭلاۋاتقان كىشىلەر ئۇنچىۋالا دۆت-پەرۋاسىز ئادەملەرمۇ ئەمەس. سىز تاش سانىسىڭىز، باشقىلار قۇم سانايدۇ. سىز سۆزلەۋاتقاندا بىر قىسىم ‹سەزگۈر كىشى› ھەربىر ئېغىز سۆزىڭىزنى ھەر ۋاقىت ‹دانالىق›بىلەن باھالاپ ئولتۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە جامائەتنىڭ ئارىسىدا سىزدىن ئەقىللىق، سىزدىن بىلىملىك ئادەملەر نۇرغۇن». دەرھەقىقەت، جەمئىيەتتە مەن ئارىلىشىپ ئۆتۈۋاتقان بۇرادەرلىرىم ئارىسىدا كىتاب ئوقۇشنى دائىملىق ئادەتكە ئايلاندۇرغان، قىزىقىش دائىرىسى كەڭرى ئادەملەر بار. ئۇلار ئوقۇغان ئەسەرلىرىنى شۇ قەدەر ئىنچىكىلەيدۇكى، ھەتتا ھەربىر سۆز-ئىبارىگىچە پىكىر يۈرگۈزىدۇ، مۇھاكىمە قىلىشىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان ئىنچىكە پىكىر-يەكۈنلەرنى، مۇلاھىزىدىكى كۈچلۈك ئەمەلىيەتچانلىقنى نوقۇل ھەرخىل ئەسەردىكى «ھېكمەت»لەرگىلا تايىنىپ يەكۈن چىقىرىدىغان ياكى ئەسەرلىرى ھادىسە-ۋەقەلەر يىغىندىسى بوپقالىدىغان ئاپتورلىرىمىز ئويلاپمۇ تاپالمايدۇ. ئەگەر ئۇ بۇرادەرلىرىم ئاشۇ پىكىرلىرىنى قەلەمگە ئالسا، چوقۇمكى بىر نادىر ئەسەر مەيدانغا چىققان بولاتتى. ئەپسۇس...

ھېس قىلىشىمچە، ئابلەت ئابدۇللا ئەسەر يازغاندا دەل ئاشۇ ئوقۇرمەنلەردىن ئىبارەت ئوبيېكتنى دائىم دىققەت نەزىرىدە تۇتقان. «يېزىش ئۈچۈنلا يېزىش»تىن ئامال بار ساقلانغان. كىشىلەرنىڭ ئاپتورلاردىن كۈتىدىغان ئېھتىياجى زادى نېمە؟ دېگەن مەسىلىنى نىسبەتەن ئوڭۇشلۇق ھەل قىلغان. بۇنى مۇنۇ بىر نەچچە نۇقتىدىن كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن:

مەسىلىنى راستچىللىق بىلەن دادىل ئوتتۇرىغا قويۇش ئابلەت ئابدۇللا ئەسەرلىرىدىكى ئۆزگىچە خاسلىقتۇر. «دېھقاندا ئەيىب يوقمۇ؟»بۇ تېما، بۇ سوئالغا ھازىرغىچە ئەدىبلىرىمىز يېقىن كەلمىگەنىدى. ھەقىقەتەنمۇ دېھقانلار ئۇلۇغ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگەكلىرى بىلەن بىزنى ئاش-نان بىلەن بېقىۋاتقان تۇرسا، شۇڭا ئۇلارنى «ياشىسۇن» دەپ ئەلۋەتتە ياخشى تىلەكلىرىمىزنى ئىپادىلەپ مەدھىيىلەيمىز، ئەمگىكىنى ئۇلۇغلايمىز. بۇ، شۈبھىسىزكى ئەمگەكچىگە، ئەمگەككە بولغان ئالىي ھۆرمەت، ئېھتىرام، ئىجتىمائىي پاك ئەخلاقنىڭ ئىپادىلىنىشى. ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىللە ئابلەت ئابدۇللا ئوتتۇرىغا تاشلىغان ئاشۇ سوئال ئىپادىلىمەكچى بولغان مەنانىڭ ئەھمىيىتىنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرمەي قالالمايمىز. دېھقانلاردا ئۇلۇغلۇق، تەۋەككۈلچىلىك، چىدامچانلىق خىسلەتلىرى بولۇش بىلەن بىللە يەنە ئۇلاردا — جىددىي بۇرۇلۇش بولۇۋاتقان مۇشۇ دەۋردە باشقا ئامىللار بىلەن بىللە يەنە زامان بىلەن ماس قەدەمدە ئىلگىرىلەشكە توسالغۇ بولۇۋاتقان بىر قىسىم ئەنئەنىۋى ئادەت كۈچى، ئادەتتىكى نىسبەتەن قاتماللىق ۋە ئەمگەكنى قەدىرلەش تۇيغۇسىنىڭ شەخسىي دائىرىدىن ھالقىپ ئومۇمىي ھالەت بولۇپ شەكىللىنىشىنىڭ يەنىلا بىر جەريان ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئورۇن — ھالەت ئۆزگىرىشىگە باغلىق ئاجىز ھالقىلار ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرمەي قالالمايمىز. (ئەگەر سىز ئېتىز-ئېرىق بويلىرىدىكى، قاشالاپ قويۇلغان ياش ئورمان بەلۋاغلىرىدىكى تەسلىكتە ئاينىغان كۆچەتلەرنىڭ قوي-ئۆچكە، ئېشەكلەر تەرىپىدىن غاجىلاپ تاشلىنىپ نابۇت بوپكەتكەنلىكىنى كۆرسىڭىز قانداق تەسىراتقا كېلىسىز؟ يېزىدا تۇرغان مەزگىللىرىم ئىدى. بىر كۈنى بىر نەچچە دېھقان يىگىت بىلەن كۆچەتزارلىق يېنىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، توساتتىن كۆزۈم نېرىراقتا ئوبدان بوي تارتىپ ئاينىغان كۆك تېرەككە بىر ئېشەكنىڭ باغلاپ قويۇلغانلىقىغا چۈشۈپ قالدى. ئېشەك تىكىلگىنىگە ئاز بولغانلىقىدىنمۇ ئون يىلچە بولغان ھېلىقى تېرەكنىڭ پوستىنى غاجاپ ئاپئاقلا قىلىپ قويغانىدى. مەن ئەتراپىمدىكىلەردىن ئاۋۇ كىمنىڭ ئېشىكى، دەپ سورىدىم. ئېشەك ئىگىسىمۇ شۇ يىگىتلەرنىڭ بىرسى ئىكەن. ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېشىكىنى بىر قۇرۇق كۆتەك يىلتىزىغا باغلاپ قويۇپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك قايتىپ كەلدى. مەن ئاچچىقىمدا: ئاشۇ كۆچەت ئىگىسى بالىسىنى ئون ياشقىچە قانداق پەپىلەپ ئۆستۈرگەن بولسا، مۇشۇ كۆچەتكىمۇ ئون يىل شۇنداق ئەجىر سىڭدۈرىدىغانلىقىنى ئېشەك بىلمىگەن بىلەن سەن بىلمەي قالامسەن!؟ بىلسەڭ، شۇڭا ئۆزۈڭنىڭكىگە ھەرگىز باغلىمايسەن. دېھقان دېگەن ئەمگەك ئەھلى، باشقىلارنىڭمۇ ئەمگىكىنى ئاسراشنى بىلمىسەڭ، سېنى قانداقمۇ ئەمگەك ئەھلى دېگىلى بولىدۇ!؟ — دەپ قاتتىق كايىدىم. ئەلۋەتتە بۇنىڭ ئومۇمىي ھالەت ئەمەس، پېشقەدەم دېھقانلار ئومۇمەن بەكلا دىققەت قىلىدۇ). چۈنكى دېھقانلارمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا ئادەم، پەرىشتە ئەمەس. ئۇلارمۇ ئىشچىلارغا، زىيالىيلارغا ، ئالىملارغا ئوخشاش تەربىيىلىنىشكە، ماددىي ۋە مەنىۋى دۇنياسىنى ئۆزگەرتىشكە موھتاج. بىز ئۇيغۇر مىللىتى يەنىلا80% — 90% كىچە دېگۈدەك يەرگە باغلانغان دېھقان مىللىتى. ئىستىخىيىلىك (تارقاق)، ناتۇرال (تەبىئىي)ئىگىلىك ۋە ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ يەنىلا ئاساسىي ھالەت بولۇپ داۋاملىشىۋېرىشى بىزنىڭ ئاق كۆڭۈل دېھقانلىرىمىزدا يۇقىرىقى ھالەت ۋە نۇقسانلارنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋېرىشىنىڭ ئاساسى. بۇنى پەقەت ئەنئەنىۋى يوسۇندا داۋاملىشىپ كەلگەن ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنى ئۆزگەرتىش، سانائەتلىشىشكە يۈرۈش قىلىش، مۇشۇ ئاساستا ماددىي ۋە مەنىۋى ئۆزگىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش جەريانىدا پەيدىنپەي ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. بىز ئۇچۇر ۋە بىئولوگىيە دەۋرى دېيىلىۋاتقان21-ئەسىرنىڭمۇ دەرۋازىسىدىن يەنىلا شۇ ھالىتىمىز بويىچە كىرىپ بولدۇق. دېھقانلىرىمىز (ئۇيغۇرلار) نىڭ ھازىرقى ھالىتى قانداق ئۆزگەرتىلىدۇ، قاچانغىچە ئۆزگىرىدۇ، قانداق سانائەتلىشىدۇ؟ بىز، شەخسەن دېھقان بولغان مەن نېمە قىلىشىم

كېرەك؟ مانا بۇ سوئاللار ئاپتور ئوتتۇرىغا قويغان «دېھقاندا ئەيىب يوقمۇ؟» دېگەن بۇ مۇھىم تېمىنى مۇھاكىمە مەسلىسى قىلغان ھالدا چۆرىدەپ ھەرقايسىمىز، مىللەت ـ خەلقىنىڭ تىلى بولغان مەتبۇئاتلىرىمىز، يازغۇچى، ئوبزورچىلىرىمىز، يېتەكچى قاتلىمىمىزدىكىلەرنىڭ كۆپرەك دىققەت نەزىرىدە بولغىنى ياخشى. قۇتقۇزغۇچى ئىيسا مەسىھنىڭ قاچان يەر يۈزىگە قايتىپ كېلىپ، ئادالەت سورىقىنى باشلايدىغانلىقىغا ھېچكىم ئېنىق بىرنېمە دېيەلمەيدۇ. كۈتۈشنىلا بىلەك بولماس. ئىشقىلىپ پەردىنى ئاچماي تۇرۇپ ئويۇننى كۆرگىلى بولمايدۇ. پەردە ئېچىلغاندىلا نۇقسانىنى تۈزەش كۈنتەرتىپكە قويۇلىدۇ. بۇ، زور كۆپچىلىك كىشىنىڭ سىلكىنىشىگە، ھەرىكىتىگە باغلىق. چۈنكى ئۆزىڭىزنىڭ ھالىتىنى ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزلا ئىرادە ۋە جۈرئەتتىن ئىبارەت يوشۇرۇن ئېنېرگىيە ـــ كۈچىڭىزنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىقلا ئۆزگەرتەلەيسىز.

«دېھقاندا ئەيىب يوقمۇ؟ » دېگەن بۇ دادىل سوئال ئاستىدا ئابلەت ئابدۇللا قەلىمى ئاستىدىكى بەدىئىي مۇھاكىمىدىن بىز نوقۇل ھالدىكى ئەيىبلەشنى ئەمەس، بەلكى مۇناسىپ سېلىشتۇرمىلار ئارقىلىق ئاتۇش دېھقانلىرىنىڭ ئالىقانچىلىق تاشلىق يەرلىرىنىمۇ بوش قويماي، جاپالىق ئىشلەپ، ئۆزلەشتۈرۈپ ئۆزلىرىگە بەخت يارىتىش روھىنى، ھەتتا قېرى مومايلارنىڭمۇ ئوتىغۇچلىرىنى ھەمراھ قىلىپ، ئەتىگەن تۇرۇپ، چاي ۋاقتىغىچە خېلى ئىشلارنى تۈگىتىپ ئەمگەكنى داۋامىن ئۆزلىرىگە ھەمراھ قىلىپ كەلگەن ئاداققىچە تىرىشىش روھىنى كۆرىمىز. ئەمەلىيەتتە «دېھقاندا ئەيىب يوقمۇ؟» دېگەن بەدىئىي مۇھاكىمە سېلىشتۇرما پىكىر يىغىلىقى بىلەن كىشىلەرگە ئىلھام بېغىشلايدىغان ئەسەردۇر.

بىز ئابلەت ئابدۇللانىڭ «چىدىساڭ پاشا» ۋە «دېھقاندا ئەيىب يوقمۇ؟» قاتارلىق شېئىر ۋە بەدىئىي مۇھاكىمىسىدىن مۇنداق بىر قىممەتلىك پەزىلەتنى كۆرمەي قالمايمىز. ئۇ بولسىمۇ، بىمەنە مەدھىيىۋازلىقتىن قاتتىق ساقلىنىش، رېئاللىققا ھۆرمەت قىلىش، «قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ»نى پرىنسىپ سۈپىتىدە ئەسەرلىرىگە سىڭدۈرۈشتۇر.

مەنزىلگە ئۇزاق يول بىلەن ئايلىنىپمۇ بارغىلى، ئۇدۇل كېسىپ ئۆتۈپ يېقىن يول بىلەنمۇ بارغىلى بولىدۇ. ئابلەت ئابدۇللانىڭ قەلەم تارتقاندىكى خاس يولى تەۋەككۈل قىلىپ، ئۆزىگە ئىشىنىپ مىڭىشقا جۈرئەت قىلغان يولدۇر.

«تۇمەنمىڭ يىللار ياشىسۇن» ـــ بۇ، جۇڭگودا ئەشەددىي ھوقۇقچىلىقنى بەلگە قىلغان نەچچە مىڭ يىللىق فېئودال پادىشاھلار دەۋرىدىن زامانىمىزغىچە تۇۋلىنىپ كەلگەن كونا ـ ئۇدۇم شوئاردۇر. ئەمەلىيەتتە ماۋزېدۇڭ (1893ـــ1976) 83 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ ئالەمدىن ئۆتكەن. ئەينى ۋاقىتتا پۈتكۈل جۇڭگو خەلقى ماۋزېدۇڭغا قوشۇپ سالامەتلىك، ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىگەن جۇڭگو تارىخىدىكى چوڭ سىياسىي سۇيىقەستچى لىن بياۋ(1907 ـ 1970) 63ياشقا كىرمەيلا بېشىنى يېگەندى. دۇنياۋى داھىي شەخسلەردىن لېنىن (1870 ـ 1924) ئاران 54 يىل، ستالىن بولسا (1879 ـ 1953) 72ياشقىچىلا ياشىيالىغانىدى.

شوئارلارمۇ شۇنداق. «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش»، «خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇش» ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىنىڭ ئىككى چېكىسىدە نۇر چېچىپ، يالتىراپ تۇرىدۇ. ئەمما بۇ شوئارلاردا ۋەزىپە مەسئۇلىيەتتىن كۆرە ئاڭغا تايىنىلىدۇ. ئۇنىدەك ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇنى چاپلاپ قويغۇچىلاردا ئەمەلىيلەشمىكى تەس ئىدى. ياۋروپادىكى قايسىبىر دۆلەتنىڭ بايرىقىغا «بىر ئادەم ھەممە ئۈچۈن، ھەممە بىر ئادەم ئۈچۈن» دەپ يېزىلىپ، ۋەزىپە ھەم مەسئۇلىيەت مەجبۇرىيەت سۈپىتىدە ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مېنىڭچە، ئابلەت ئابدۇللانىڭ ئاشۇ ئەسەرلىرىدە يالتىراق ئىبارىلەردىن كۆرە، كىشىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت، بۇرچ تۇيغۇسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ھەرقانداق بىر ئەسەر كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق تەسىر قىلىدۇ. ياكى بىخۇدلۇقتا قالدۇرىدۇ، ياكى سەگەكلەشتۈرىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ شېئىر ۋە بەدىئىي مۇھاكىمىسىنىڭ شەخسەن ماڭا بەرگەن تەسىرى شۇنداقلا ئەھمىيىتى نۇقتىسىدىن ئابلەت ئابدۇللانى سەممىي، راستچىل، مەسئۇلىيەتچان، جىددىي قەلەم ساھىبى ئىكەن دېگەن يەكۈنگە كەلمەي تۇرالمىدىم.

ئابلەت ئابدۇللا مىللىتىمىزدىكى بىر قىسىم ناچار خاھىش، ئىللەتنى ئېچىپ كۆرسەتكەندە بەزى ئاپتورلاردەك يەڭگىللىك بىلەن مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇشتىن، مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىشتىن ساقلاندى. ئۈمىدۋارلىقنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويدى. ئۇ، «ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرى يالىڭاچلىنىپ كەتتىمۇ ياكى ئەرلىرى؟» ناملىق بەدىئىي مۇھاكىمىسىنىڭ بېشىدىلا نەچچە ئەسىرلىك گۈللىنىش ۋە نەچچە ئەسىرلەپ خارابلىق ئىچىدىن ئوخشاشلا گەۋدىسىنى پۈكمەي چىقىپ كەلگەن ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت تولىمۇ قەدىمىي، گىگانت مىللەتنىڭ ـــ گەۋدىسىدىكى تارىخنىڭ چاڭ ـ توزانلىرى بىلەن ھەر قەدەمدە كۈچلۈك سىلكىنىپ ـ سىلكىنىپ گۈزەل ئۇپۇق تامان يەنىلا مەزمۇت قەدەملەر بىلەن كېتىۋاتقان بۇ ئۈمىدۋار مىللەتنىڭ بۈگۈنكى ھەم كەلگۈسىدىكى ئانىلىرى توغرىسىدا ئۆزىنىڭ قەتئىي ئىشەنچىسىنى شەك ـ شۈبھىسىز مۇنداق بايان قىلىدۇ: «مەن بۇ خەلقنىڭ قىممىتى توغرىسىدا ئويلانغىنىمدا، يىراق كېلەچەكنىڭ سۈزۈلۈۋاتقان گۈزەل ئۇپۇقىدا ئۇلارنىڭ ئاجايىپ غەيۇر روھىنى كۆرگەندەك بولدۇم. كەلگۈسىدە يەنىلا بىزنىڭ قەيسەر ئانىلىرىمىز، مەشھۇر ئايال ئالىملىرىمىز، مۇتەپەككۇرلىرىمىز، ئەدىبلىرىمىز، پېداگوگلىرىمىز ۋە تەڭداشسىز گۈزەل خانىم ـ قىزلىرىمىز بولىدۇ. ئۇلارنىڭ روھى ساغلام، ئىمان ـ ئېتىقادلىق ۋە ئاجايىپ كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق بولىدۇ...» ئاپتور «تەبىئىي تاللىنىش»نىڭ تەبىئەتنىڭ ھەممىگە ئورتاق، كىشىلەر ئىرادىسىگە بېقىنمايدىغان قانۇنىيەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن يەنە مۇنداق دەيدۇ: «غايە ۋە ئىمان ـ ئېتىقادتىن چەتنىگەن، چۈشكۈنلەشكەن بۇ قاتلام راھەت ـ پاراغەت تۇرمۇشقا مەست بولۇپ، ئۆز مەسئۇلىيتىنى ئۇنتۇپ، ئەيش ـ ئىشرەتكە غەرق بولۇۋاتىدۇ. ئۇنداقلارنىڭ كۆزى چۈشكۈنلۈكنى كۆرىدۇ، يازىدۇ، ئۆز ئەتراپىدىكى ھادىسىلەردىن ياشاش مەنتىقىسىنى بەلگىلەيدۇ. ئەمما ئۇلار مىللەتنىڭ%90 تىنى تەشكىل قىلىدىغان، ھەرقانداق دەھشەتلىك مەنىۋى كېسەللىكلەرگىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيدىغان كەڭ يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ئۈمىدلىك ـ ئويغاق ئۇيغۇر روھىيىتىنى كۆرەلمەيۋاتىدۇ. كەلگۈسى ئۇلار ئۈچۈن ناھايىتى غۇۋا. »

(ئابلەت ئابدۇللانىڭ ئىلمىي قانۇنىيەتلەرنى تۇتۇپ، شەيئىلەرگە سىڭدۈرۈپ بايان قىلىش ۋە ھۆكۈم قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ماھىيەتكە يۈرۈش قىلىش ئىستىلىنى بىر نەمۇنە دەپ قارايمەن).

ئەسلىدىلا ئىللەت تەنقىدى مەسلىسى بىر جىددىي مەسىلە ئىدى. ئۇ، كىشىلەردىن جىددىي مەسئۇلىيەتنى تەلەپ قىلاتتى. مەقسەت چۆكۈرۈشمۇ ياكى تەربىيىلەشمۇ، ئىللەت ھەممە خەلقتە بولغان

ئومۇمىي مەسىلىمۇ ياكى بىر مىللەتتىكى خاس مەسىلىمۇ، ئۇ مۇئەييەن شارائىت، ئىجتىمائىي ھالەتنىڭ مەھسۇلىمۇ ياكى ئۆزلىكىدىن پەيدا بوپقالىدىغان مەسىلىمۇ، ۋەھاكازا دېگەندەك ئەستايىدىل ئويلىنىدىغان ۋە ئايرىش تەلەپ قىلىدىغان مەسىلە ئىدى. ئومۇمەن بىزگە زۆرۈرى ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتىنى ئەۋج ئالدۇرۇۋېتىش ئەمەس، بەلكى نۆۋەتتە مۇھىمى ئۈمىدۋارلىق ئىدى.

ئىلگىرى بىر مەزگىل بىر قىسىم كىشى ھېچنېمىگە قارىماي «ئىللەت تۈزەلمىسە، مىللەت تۈزەلمەيدۇ» دەپ، ئىللەت، مىللەت تەنقىدىگە قىزىپ كەتكەنىدى. بۇنداق ھادىسە ــ شەكىلگىلا يېپىشىۋېلىش ئۇسۇلىدىكى ئاتالمىش ئىللەت تەنقىدچىلىكى ئىجتىمائىيەتتىن، تارىخىي مەنبەلەردىن مۇستەسنا، بىر تەرەپلىمە بولغاچقا ۋەقەلەر دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالغان، ئىجابىيلىقى يېتەرسىز ئىدى. شۇڭا كېيىن بۇ ئۇسۇلنى مۇناسىپ ئۆزگەرتمەي بولمىدى.

ئەلۋەتتە، ئىللەت ھەممە مىللەتتە بار بولغان، مۇئەييەن شەكىلدە ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان ئومۇمىي ئىجتىمائىي ھادىسىدۇر. ئەمما ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى ۋە زامانىمىزدىكى ھالىتىگە بىنائەن ئىپادىلىنىش شەكلى ۋە ئېغىر-يېنىكلىكى نىسبەتەن پەرقلىق ئىكەن. ئەگەر زامانىمىزنىڭ مۇشۇ دەۋرىگە كەلگەندە ئۇ «زامانىۋى مودا» شەكلىدە ئىپادىلىنىپ، ئاندىن كىشىلەر نەزىرىدىن چۈشۈپ ئۆتكۈنچى بوپقالىدىغان خىمىيىلىك مەھسۇلاتلار، ھەشەمەتچىلىك دېگەندەك دورامچى نەرسىلەر بولسا بىر گەپ ئىدى. ئەمما بىر قىسىم ئىللەت بىلەن گىرەلىشىپ كەلگەن روھىيەتتىكى چېكىنىش بوشلۇقىدىن بۆسۈپ كىرگەن «ئاق ئالۋاستى» ــ زەھەرلىك چېكىملىك، ئەيدىز، بۇزۇقچىلىق قاتارلىق رەزىللىكلەرمۇ شۇ كۈنلەردە ئويلىمىغان يەردىن كىشىلەرگە ئۆرۈلۈۋاتقان، سۇسلىشىش، يوقىلىش ئورنىغا تېخىمۇ كەڭرى يامراپ كېتىۋاتقان جىددىي ئىجتىمائىي مەسىلە ـ ئاپەت بولۇپ تۇرماقتا. ئەگەر بۇ ھالەتنىڭ ۋاقتى يەنىلا مۇشۇنداق ئۈنۈمسىز ھەرىكەت، ئاممىۋى تەدبىرسىزلىك ئىچىدە مۇئەييەن چەكسىز ئۇزىراۋېرىدىكەن، ھېچكىم بۇ نىجىس ــ قاباھەت ئالۋاستى سايىسى بېشىمىغا كەلمەيدۇ دەپ ئېيتالمايدۇ. تالاي ئائىلىنى ۋەيران قىلىپ دەردتە قويغان، كىشىلەرنى جىددىي ئەندىشىگە سېلىۋاتقان بۇ ئىجتىمائىي ئاپەت ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل مىللەتكە كەلگەن ئاپەت. روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن زەئىپلىككە يۈزلەنگەن مىللەت بەختەرلىك تۇيغۇسىنى يوقاتقان مىللەتتۇر؛ مەۋجۇدىيىتى بىۋاستە تەھدىتكە ئۇچراۋاتقان مىللەتتۇر. ئەينى دەۋردە ــ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى جۇڭگودا لىن زېشۈينىڭ خۇمېندا 40مىڭ يەشىك ئەپيۇننى كۆيدۈرۈشى دەل مۇشۇنداق تەھدىتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىدى. بىز دۇچ كەلگەن دەۋرىمىزدىكى بۇ ھادىسە ئىنتايىن ئېغىر بولغان ھادىسىدۇر. شۇڭا ئابلەت ئابدۇللا بۇ مەسىلىنى «ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرى يالىڭاچلىنىپ كەتتىمۇ ياكى ئەرلىرى؟» دېگەن تېمىدا قايتا ئوتتۇرىغا قويۇپ كىشىلەرنىڭ جىددىي دىققىتىگە سۇندى. بىز ئەتراپىمىزغا ھوشيارلىق بىلەن سەپسالساقلا شۇنداق بىر خەۋپ چەمبىرىكى ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىمىزنى تەن ئالماي ئامالىمىز يوق. پەقەت بىزنىڭ ئاشۇ 300 مېتىرغا يەتمەيدىغان تاركوچىمىزنىڭ ئۆزىدىلا «ئاق ئالۋاستى» ــ خروئىن ۋە ئەيدىزنىڭ ئاپىتىدىن بىھۇدە ئۆلۈپ كەتكەن بالا ئالتە نەپەر بولۇپ، 17ياش بىلەن 30ياش ئارىلىقىدىكى قاملاشقان ـ نۆۋەر باللار ئىدى. ئۇندىن باشقا بۇ كېچىككىنە كوچىدا يەنە داۋالاشنى قوبۇل قىلىۋاتقانلار، ھەرقىسما كۈمانلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارمۇ خېلىلا بار. بۇ ئاپەت مۇشۇنداق داۋاملاشماقتا. بۇ شەھەردە بۇنداق 330 مېتىردىن نەچچە يۈز، نەچچە مىڭى بار. ئاددىي ماتېماتىكىلىق ھېساب ئارقىلىق بۇ ئاپەتنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئېغىرلىقىنى ھېس قىلالايمىز. زادى بۇ ئىشلار نېمە ئۈچۈن ئۈنۈملۈك تۈگىتىلمىدى؟! نېمە ئۈچۈن قاتىللارنىڭ يۈرىكى شۇنچىۋالا يوغىناپ كەتتى؟! نېمە ئۈچۈن ئۇلار «بىز بۈگۈن تۇتۇلساق، ئەتىسىلا چىقىپ كېتەلەيمىز» دەپ بەخۇدۇك جار سالالايدۇ؟! دۇنيادا جاۋابى چىقمايدىغان ئۇنداق شىلىك سوئال يوق. مېنىڭچە، ئابلەت ئابدۇللا ئوتتۇرىغا قويغان بۇ تېما كىشىلەر خېلى بىر مەزگىلگىچە دىققەت نەزىرىدىن ساقىت قىلىشقا بولمايدىغان رېئال تېمىدۇر. ئاخبارات ۋاسىتىلىرى، قەلەمكەشلىرىمىز نۆۋەتتىكى بۇ رېئال تېمىنى تۇتقا قىلىپ، ئىشخانىلىرىدىن چىقىپ، تاركوچىلارنى ئارىلاپ، ماھارەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، كۈچلۈك جامائەت پىكرى پەيدا قىلىپ، جامائەتچىلىك بىلەن بىللە ئاساسىي قاتلاملار ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك باشقۇرغۇچى تارماقلارغا بېسىم ھاسىل قىلىپ، ھەقىقىي تەدبىر قوللىنىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، مىللەتنىڭ جىددىي ئېھتىياجىنى ئەكس ئەتتۈرمىكى زۆرۈر.

ئابلەت ئابدۇللا مەزكۇر بەدىئىي مۇھاكىمىسىدە مىللىتىمىز ئەرلىرى ۋە خوتۇن ـ قىزلىرى ھاياتىدا ئىلگىرى مۇئەييەن ھالدا داۋاملاشقان، ھازىرمۇ يەنىلا قارا سايە تاشلاپ تۇرۇۋاتقان قەبىھ ھادىسىلەرنىڭ بىر قىسىم مىسالى ئارقىلىق بۇ مەسىلىلەرگە ئادىل، ئوبيېكتىپ ھالدا كۆزقارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىدۇ.

ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنىڭ ئىشەنمىكى تەس. مىللىتىمىزنىڭ تارىخىدا، يەنە كېلىپ مۇشۇ ھازىرقى زامان تارىخىمىزدا سەككىز ـ توققۇز ياشلىق نارەسىدە ــ مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئانىلىرى بولمىش قىزلارنى ئاشۇ دىۋە بىلەن ئالۋاستى قېرىلار (ئاپتور دەل ئوخشاتقان)نىڭ ساۋاب نىقابى ئاستىدا خۇددى تەبىئىي تۇرمۇش ھالىتىدەك ئەمرىگە ئېلىپ، شەھۋانىي نەپسى ئۈچۈن نابۇت قىلىۋېتىشى، ھەقىقەتەنمۇ بىزدىكى ساۋاب، ئىنساپ ـ دىيانەت بايرىقى ئاستىدىكى قارا تارىخ. باشقا ئېتىقاد، باشقا خەلقلەر تارىخىدىن بۇنداق مىساللارنى ئۇچراتماق قىيىن. ھەتتا ھايۋانلار جىنسىدىمۇ يېتىلىشكە دىققەت قىلىدۇ. ئىشەنمەي دېسىڭىز، بۇ تارىخنىڭ داۋامى ھازىرمۇ كۆرۈلمەكتە، يېڭىچە ئۆزگىرىش ئىچىدە داۋاملاشماقتا. ئىنسانلىق پەزىلىتى بار ھەرقانداق ئادەم بۇنىڭدىن نومۇس، خورلۇق ھېس قىلماي قالمايدۇ. شۇڭا بۇ تېما ئۆزىنىڭ كىملىكىنى تېخىچىلا بىلەلمەيۋاتقان، ئائىلە، پەرزەنت ھەم مىللەت ئالدىدىكى ئەرلىك مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچىنى ئۇنتۇپ كەتكەن، «راھەت ـ پاراغەت»، بۇزۇقچىلىقتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان ئەبلەخلەرنىڭ ھوشىنى تېپىۋېلىشى ئۈچۈن ئۆرۈلگەن بىر تەستەك. مېنىڭچە، بۇ نومۇسسىز ئەبلەخلەرنىڭ كاچىتىغا ئۈزمەي سېلىش كېرەك. مىللەت قايسى ۋاقىتتا قايسى تېمىغا ئېھتىياجلىق بولسا، ئەدىبلەر شۇ تېمىغا ئەستايىدىللىق بىلەن كىرىشمىكى زۆرۈر. ئابلەت ئابدۇللانىڭ يازمىلىرى مۇشۇ مەنىدە مۇئەييەن دەرىجىدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئەينىكى رولىنى ئىپادىلىدى دەپ قارايمەن.

«مىللىتىمىزنىڭ روھىيەت قاتلىمىدا كۆرۈلۈۋاتقان بىر قىسىم پىسخىك كېسەللىك» (ساتتا ئەسەد سۇلايماننىڭكى)، «ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرى يالىڭاچلىنىپ كەتتىمۇ ياكى ئەرلىرى؟») ھەقىقەتەن مەۋجۇد ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇنىڭ مۇئەييەن خاس تۇپراقتا بىر جەريان شەكىللىنىش، ھەتتا بىرخىل ئادەت كۈچىگە ئايلىنىشتەك تارىخىي

جەريانىنىڭ (مەيلى ئۇ جەريان ئۇزۇن ياكى قىسقا بولسۇن) بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما بىز شۇنىمۇ بىلىمىز ــ ۋاقىت ۋە جەريان ھەرقانداق شەيئىنى يېڭىلايدۇ، بارلىققا كەلتۈرىدۇ ھەم شۇنداقلا يوق قىلالايدۇ؛ ئىككىنچى بىر خىل مۇئەييەن شارائىتتا ئۇنى يېڭى شەكىلدە تىرىلدۈرەلەيدۇ، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ۋاقتى كەلگەندە خاتىمە بېرەلەيدۇ. دەۋرىيلىك(پەلەك چارقى)ھەممىلا شەيئىدە ئورتاق ھادىسە. شۇڭا بىز بىزدە يۈز بەرگەن ، ھازىرمۇ يۈز بېرىۋاتقان تۈرلۈك ـ تۈمەن كېلىشمەسلىك، پىسخىك كېسەللىك ئالدىدا ئىشەنچىمىزنى يوقىتىپ قويمايمىز. بىز ئەزەلدىنلا ئۈمىدۋارلىقتىن ئايرىلمىغان خەلق. ياراتقۇچى ئىگىسى ھەممە ئىنسانغا ئوخشاشلا روھ بىلەن ھەرىكەت قۇۋۋىتىنى تەڭلا ئاتا قىلغان. سۈرۈشتۈرۈپ كەلگەندە، ئىنسانىيەتنىڭ ھازىرغىچە بولغان تارىخى تۈرلۈك تەبىئىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي ئاپەت بىلەن ئېلىشىش، ئىزدىنىش تارىخىدۇر. بۇ تارىخ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى بۈگۈنكى دەۋرگە ئېلىپ كەلدى. ئۇيغۇرلارمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ئابلەت ئابدۇللا ئىجتىمائىي كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا دىئاگنوزنىڭ دەل جايىدا بولۇشى زۆرۈرلۈكىنى دائىم دىققەت نەزىرىدە تۇتىدۇ. ئۇ، «بۇ مەنىۋى ئاجىزلىقىمىزنىڭ مەنبەسى زادى قايەردىدۇر؟»دېگەن سوئالنى قويۇپ، «ئۇنىڭ مەنبەسى تاشقى سەۋەبتە ئەمەس، بەلكى ئىچكى ئامىلدا. ھەرقانداق بىر شەيئىنىڭ سۈپىتى ئۇنىڭ ئۆزىدىكى نەرسە. ئۇ ھەرگىزمۇ تاشقى سەۋەب تەرىپىدىن بەلگىلەنمەيدۇ. بەلكى تاشقى سەۋەب شۇ شەيئىنىڭ «ئۆزىدىكى نەرسە»نىڭ تەرەققىي قىلىش ياكى يىمىرىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، خالاس.» («ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرى يالىڭاچلىنىپ كەتتىمۇ ياكى ئەرلىرى؟ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 2006 ـ يىل 4 ـ سان) دەيدۇ. مېنىڭچىمۇ، ھازىرمۇ يۇقىرىقى دىئالېكتىكىلىق قانۇنىيەت يەنىلا بىر ئاساسىي پەلسەپىلىك قاراش بولۇپ، تېخى تەۋرەپ قالغىنى يوق. شۇڭا ئابلەت ئابدۇللا ئۆز ئەسەرلىرىنى مۇشۇ قانۇنىيەتنى ئەستىن چىقارمىغان ھالدا يازغىنى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئەگەر كىشىلەر ئۇنىڭ بۇنىڭدىن 18يىل مۇقەددەم يازغان «چىدىساڭ ياشا» دېگەن شېئىرىنى قايتا ئەسلەپ كۆرسە، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى بۇ ئىزچىللىقنى كۆرۈۋالالايدۇ. ئومۇمەن، ئەگەر ئەسەرلەر مەيلى قانداق شەكىلدە نېمىنى ئىپادە قىلمىسۇن، پەقەت ئاشۇ قانۇنىيەتنى ئەستىن چىقارماي جانلىق قوللىنىپ، ئۆزىگە سىڭدۈرەلىسىلا، سۆزسىزكى، ئۇ ئەسەر تارىخنىڭ ھەرقانداق داۋالغۇش، بوران ـ چاپقۇنلىرىدىن بەخۇدۇك ئۆتەلەيدۇ. ئىلمىي قانۇنىيەت (ھەقىقەت) نىڭ كۈچى دەل مۇشۇ يەردە. شۇڭا ئابلەت ئابدۇللانىڭ بۇنداق يېزىقچىلىق ئۇسۇلى تولىمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر.

مەلۇمكى، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئاساسەن يەنىلا ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ۋە بۇنىڭغا ماس ھالدىكى ئەنئەنىۋى تۇرمۇش شەكلى ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ. زامانىنىڭ ماھىيەت مەركىزىگە يەنىلا يېقىنلىشالماي، شەكىل ئەتراپىدىلا ئايلىنىپ تۇرۇۋاتقان بۇ جەمئىيەتتە، روشەنكى، ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان بىر قىسىم ناچار مىللىي ئادەت كۈچىنىڭ جەمئىيەت ھاياتىغا ئۆز تامغىسىنى باسماي ئۆتمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ھەممىلا نەرسە بىزگە نىسبەتەن ئومۇمەن ئۆز تۇپرىقىمىزدا ، ئۆزىمىزدە ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئېھتىمال بىر ئۆتكۈنچى ھالەت سۈپىتىدە ئۆزىنى نامايان قىلىۋاتىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدا، ئەگەر ئېشەك قاشاڭ، جاھىل بولسا، ئېشەكنىڭ ئۆزىنى ئۇرماي، توقۇمنى ئۇرۇپ ئاچچىقنى چىقىرىش بىمەنىلىك بولىدۇ. شۇڭا مەن ئابلەت ئابدۇللانىڭ ئوبيېكتىنىڭ دەل ئۆزىنى بىۋاسىتە تۇتۇپ يېزىش ئۇسلۇبىغا قايىللىقىمنى بىلدۈرىمەن.

ئابلەت ئابدۇللا قەلىمى ئاستىدا ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ ئوبرازى مۇۋاپىق ھالدا ئادىل، ئورۇنلۇق ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ ھازىرقى يازمىلاردىكى نىسبەتەن قاتمال، ئاددىي ، بەزىلىرىدىكى بىر تەرەپلىمە ھالەتكە نىسبەتەن ئومۇمەن بىر يېڭى ئىجابىي بۇرۇلۇش.

دەرھەقىقەت، دۇنيادا سانسىزلىغان گۈزەل تۈر بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇكەممەل گۈزەل تۈر يەنىلا ئىنسانلاردۇر. دۇنيانىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولغان بۇ تۈرنى ئۇنى ئوراپ تۇرۇۋاتقان ئېلېمېنتلار بىلەن ــ جەمئىيەت، تارىخ، سىياسەت، ئىقتىساد، ئىلىم ـ تېخنىكا، ئېتنوگرافىيە، ئىرق ۋەھاكازالار بىلەن ئەقەللىي بولسىمۇ يۇغۇرۇپ، ئاندىن تېگىشلىك يەكۈن بىلەن كۆرسىتىپ بېرىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەس. ئۇ ئاپتوردىن زور زېھنىي كۈچ، ۋاقىت ھەم تىرىشچانلىق تەلەپ قىلىدۇ. مېنىڭچە، ئابلەت ئابدۇللا بۇ مەسىلىنى بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلدى. ئاپتورنىڭ ئەسىرىدىن ئاياللارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇن كۈچ، روھىيىتىدىكى ئۇلۇغۋارلىقنى نۇقتىلىق ھالدا مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى زۆرۈرىيەت سۈپىتىدە ئالدىنقى ئورۇنغا قويغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

گەرچە ھازىرقى دېموكراتىك دۇنيادا ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىكى قانۇنىي شەكىلدە كاپالەتلەندۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن پىسخىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك پەرقلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان تارىختىكى ئەنئەنىۋى ئەرلەر ئۈستۈنلۈكى يەنىلا يوقىلىپ كەتكىنى يوق. ئابلەت ئابدۇللا «ئاياللارنىڭ بەرگەن بەدىلىنىڭ قىممىتىنى دۇنيادا ھېچقانداق نەرسە بىلەن ئۆلچىگىلى ، تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئەرلەردىكى ھوقۇق، بايلىق، ئىمتىياز ۋە جىسمانىي كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاياللاردا بولغان بولسا ، تەھقىقكى، ئۇنىڭ مىللەت روھىيىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئەرلەرنىڭكىدىن ئۈستۈن بولغان بولاتتى» ( «ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرى يالىڭاچلىنىپ كەتتىمۇ ياكى ئەرلىرى؟»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2006 ـ يىل 4 ـ سان) دەيدۇ. بۇيەردە ئاپتور ئەرلەردىكى تېخى ئاياللار ئىگىلەپ بولالمىغان ئۈستۈنلۈكنى شەرت سۈپىتىدە ئەسلىتىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق ئاياللارنىڭ بۈيۈك رولىغا ئوبيېكتىپ، ئىجابىي باھا بېرىدۇ. شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تارىخنىڭ ئەرلەرگە ئائىلە، ئايال، پەرزەنت ۋە مىللەت ئالدىدىمۇ زور مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچىنى مۇقەددەس ۋەزىپە سۈپىتىدە يۈكلىگەنلىكىنى جىددىي ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ. ئەلۋەتتە، تۈرلۈك ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي سەۋەبكە بىنائەن ئەرلەرنىڭمۇ ئۆزلىرىگە تۇشلۇق دەردى يوق ئەمەسلىكىنى بىز بىر ئەر زاتى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئىنكار قىلالمايمىز. ئەمما ئۈستىمىزدە بىز ئۆتىمەي بولمايدىغان مەسئۇلىيەت ھەم ۋەزىپىمىز يۈكلىنىپ تۇرغانىكەن، ئۇنىڭدىن قېچىشىمىزغا ، بەل قويۇۋېتىشىمىزگە بولمايدۇ. ئاياللىرىمىز تەرەپكە ئىتتىرىۋېتىشىمىزگە تېخىمۇ بولمايدۇ. رۇسلاردا «ھەركىم ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى»دېگەن تولىمۇ ئىبرەتلىك ماقال بار. ھاياتلىق ئۈچۈن ھەرىكەت، ھەرىكەت ۋە يەنە ھەرىكەت قىلىشىمىز، تەقدىرىمىزنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئاخىرىغىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز زۆرۈر. باشقا يول يوق.

مۇئەييەن ئەسەردە ئېنىق ئىپادىلەنگەن مۇھەببەت ۋە نەپرەت ماھىيەتتە ئاپتورنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتىنىڭمۇ سىڭدۈرۈلۈپ نامايان

قىلىنىشىدۇر. ئۇ، كىشىلەرگە چوڭقۇر تەسىر قىلىدۇ. مەن ئابلەت ئابدۇللانىڭ مەزكۇر بەدىئىي مۇھاكىمىسىدە «رەڭلىك گۈلتۈرۈش» ھەققىدىكى غەزەپلىك بايانلىرىنى ئوقۇۋېتىپ، ئۆتكۈنچى ئەمەل - مەنسەپ - ئىمتىياز، پۇل - بايلىقنى گوياكى مەڭگۈ ھەمراھىدەك بىلىپ، خۇدىنى يوقىتىپ، ھەممىلا ئەسكىلىكنى قىلىشتىن يانمايۋاتقان بۇ نومۇسسىز ئەبلەخلەرگە بولغان ئەسلىدىلا بېسىلماي كەلگەن غەزەپ - نەپرىتىم بىلەن ئۆچمەنلىكىمنى ئاگاھلاندۇرۇپ، بىلدۈرمەي تۇرالمىدىم: ھوشۇڭنى تېپىش ئەبلەخلەر. جاھان مەڭگۈ سەنلەرنىڭ ئەمەس!!! قىزلىرىڭغا، سىڭىللىرىڭغا قاراپ ئىش قىلىش. بۇ دېگەن ئۆتنە جاھان! نومۇس نېمە؟ ۋىجدان نېمە؟ جاھالەت نېمە؟ غۇرۇر نېمە؟ جىنايەت نېمە؟ مەسئۇلىيەت نېمە؟ دوپپاڭنى ئالدىڭغا قويۇپ، قىلمىشلىرىڭنى تارازىغا سېلىپ بېقىش! تۆت كۆزدىن كېيىن سەنلەرنى يەنىلا جەننەت قارشى ئالامدۇ - دوزاخمۇ؟! ئاڭلىسام، بىر چەت ئەل مۇتەپەككۇرى «ئادەم يۈزى قىزىرىدىغان ھەم قىزىرىشى كېرەك بولغان مەخلۇق» دېگەنىكەن. ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ پەرقى يۈزى قىزىرىشنى بىلىش - بىلمەسلىكتىن ئىبارەت قىل كۆۋرۈكتە ئىكەن، خالاس. سەنلەر زادى قايسى تىپقا مەنسۇپ.

ئاياللارنىڭ مۇئەييەن شارائىتتىكى رىقابەت كۈچىگە، ئىرادە كۈچى ۋە چىدامچانلىقىغا سەل قارىغىلى بولمايدۇ. ئۇلار جۈرئەتچان. ئۇلارنىڭ پىداكارلىق، بەدەل تۆلەش روھى ئەرلەردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇلار مۇئەييەن ئەھۋال ئاستىدا ئابلەت ئابدۇللا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئاشۇ جىسمانىي ۋە پسىخىك پەرقلەردىن ھالقىپ ئۆتەلەيدۇ. مېنىڭچە، ئابلەت ئابدۇللانىڭ بۇ بەدىئىي مۇھاكىمىسىدە ئاياللارنىڭ دەۋرىمىزدىكى رولى مەسىلىسىنى نۇقتىلىق تېما قىلىپ مەيدانغا چىقىرىشى، ئاياللارغا ئادىل، ئوبيېكتىپ باھا بېرىش، چۈشىنىش بۈگۈن ئۈچۈنمۇ، كېلەچەك ئۈچۈنمۇ رېئال ئەجابىي قىممەتكە ئىگە.

ئاياللارنىڭ ئىجابىي رولىغا ھەرگىز سەل قارىغىلى بولمايدۇ. تارىختا ئىلگىرى ئۆتكەن ئۆزىمىزنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ قەھرىمانلىرى بولسۇن، ياكى دەۋرىمىزدە مەيدانغا چىقىۋاتقانلىرى بولسۇن ئۇلارنى دائىم ئەسلەپ، نامايان قىلىپ تۇرۇش زۆرۈر. ئۇ نۇرلۇق - بەرھايات سىيمالار كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرىدۇ. ئەزگۈ - خەيرلىك ئىشلارغا ئۈندەيدۇ. ئىستىقباللىق يولنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

ئەمەلىيەتتىمۇ تارىخ باشقىلاردىن، ئۆزىمىزدىن ئۆزۈلمەس ئېقىندەك كەينى - كەينىدىن كارامەت ئاياللارنى مەيدانغا چىقىرىپ كەلدى. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئوتتۇرىسىدىكى 100يىللىق ئۇرۇشتا ھالى قالمىغان فرانسىينى ئاران 19ياشقىچىلا ئۆمۈر كۆرەلىگەن قىز مىللىي قەھرىمان - جاننادىي ئارك قۇتقۇلدۇرغانىدى. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بولسا گېرمانىيىدىن كلاراستكىن، روزالىيۇكسېمبورگدەك مەشھۇر ئىنقىلابىي سىياسىيونلار چىققانىدى. ئىندىرا گەندىي، ساچىر خانىم كەبى مەشھۇر ئايال سىياسىيونلارغا دۇنيا قول قويغان بولسا، مىللىتىمىز ئىچىدىن تۇمارىس، «يەتتە قىزلىرىم»، نازۇگۇم، رىزۋانگۈل كەبى مىللەتنىڭ غۇرۇرى، ئەرك ئۈچۈن قىلچە ئىككىلەنمەي جانلىرىنى پىدا قىلغان كۆپلىگەن ئايال قەھرىمانىمىز چىققان. ئوخشاشلا، دەۋرىمىزدە ئابلەت ئابدۇللا قەلىمى ئاستىدا نۇردەك چاقنىغان، ئىنسانىي غۇرۇرى ۋە نومۇسىنى قوغداش يولىدا تەۋرەنمىگەن، ھاياتىدىن كېچەلىگەن ئاشۇ قىزلىرىمىزمۇ بىر ئۆچمەس چولپان يۇلتۇز، زامانىمىزنىڭ قەھرىمانلىرىدۇر. بۇلار مىللىتىمىزنىڭ كۈچلۈك سوقۇۋاتقان يۈرىكىدۇر.

بىز يەنە كۆرۈپ تۇرماقتىمىز: زامانىمىزنىڭ مۇشۇ دەۋرىدە ئەرلەر بىلەن رىقابەت مەيدانىغا چۈشكەن، ئەلگە تونۇلغان ھەم تونۇلۇۋاتقان، دۇنياغا يۈزلەنگەن مەشھۇر كارخانىچى ئاياللارنىمۇ تارىخ مىللىتىمىز ئىچىدىن كەينى - كەينىدىن مەيدانغا چىقارماقتا. بىزنىڭ تەرەققىيپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر ئاياللىرىمىز ھەقىقەتەن نۇرغۇن. كىشىنى چەكسىز ئۈمىدكە چۆمدۈرۈپ، خۇشھال قىلىدىغان يېرى شۇكى، مىللىتىمىز روھىيىتىنىڭ بۇ ئاساسىي ئېقىنغا تەرەپ - تەرەپتىن پاكىز بۇلاق سۇلىرى ئۈزۈلمەي قوشۇلۇپ تۇرماقتا. ئەگەر سىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىنى زەن قويۇپ ئوقۇپ چىققان بولسىڭىز شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلماي قالمايسىزكى، بۇ سەھىپىدە چوڭلار بىلەن بىر قاتاردا يەنە كۆپلىگەن ئالىي ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ قىز ئوقۇغۇچىسىنىڭ، تېخى دېھقان قىزلىرىنىڭمۇ ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ مۇشۇ بالا ۋاقتىدىن باشلاپلا نەزەر دائىرىسىنىڭ قانچىلىك كەڭ، پىكىرلىرىنىڭ روشەن، قەلبىنىڭ خرۇستالدەك تازا ئىكەنلىكىنى بىلىسىز. ئىجتىمائىي - مەنىۋى ھاۋا ھەرقانچە بۇلغانسىمۇ، ئۇلارنىڭ مۇھەببەت ۋە نەپرىتى تېخىمۇ روشەن نامايان بولۇپ چىقماقتا. ھەرقانداق شەيئىنىڭ جەۋھىرى بولغىنىدەك، ئەنە شۇنداق روھتىكى ياش قىز بوغۇنلارمۇ مىللەتنىڭ جەۋھەرلىرىدۇر. ھەرقانداق خەلقنىڭ جەۋھەرلىرى شۇ خەلق مەۋجۇدىيىتىنىڭ ئاساسى، نۇر چاچقۇچىسى، يول باشلىغۇچىلىرىدۇر.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2004 - يىل 1 - سانىغا دىلئارام قۇربان ئايتۇركىنىڭ شىئەندىن يازغان «قەدىمكى شەھەردە ئويلىغانلىرىم» دېگەن ماقالىسى چىققاندىن كېيىن كىشىلەر ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىنتايىن قىممەتلىك نەرسىنى - ئىزدىنىش، تىرىشىش، ئىلگىرىلەش روھىنى، مىللەتنى قەدىرلەش، ئۆز تەقدىرى ھەققىدە ئويلىنىش روھىنىڭ بىزنىڭ قىزلىرىمىزدا يەنىلا ئۇرغۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. بۇ ھەقتە گۆھەر ھەمرا مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 2004 - يىل 3 - سانىدا «دىلئارام قۇربانغا خەت» دېگەن تەسرات ماقالىسى يېزىپ، « خەلق ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە سىزگە ئوخشاش تىنىمسىز ئويلانغان ياشلارلا بىزنىڭ كېلەچىكىمىز بولالايدۇ» دەپ مەدھىيىلىگەن بولسا ، ستۇدېنت م. سۆيگۈن ھەم شۇ ساندا «يىراقتىن پىلىلدىغان نۇر»دېگەن تەسراتنى ئېلان قىلىپ: «ھېلىھەم ئارىمىزدا بىردەملىك كۆڭۈل خۇشلۇقىغا ئەمەس پۈتكۈل جەمئىيەتكە كۆڭۈل بۆلىدىغان، مىللەت ئۈچۈن غەم يەيدىغان قىزلىرىمىزمۇ بار ئىكەن، ئۇيغۇر قىزلىرىدا ئۈمىد بار ئىكەن!»دەپ بۇ خىل قىممەتلىك روھنى ئىشەنچ بىلەن مۇئەييەنلەشتۈردى.

ئاندىن كېيىنلا، پارىژدا مۇزىكا بويىچە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ئۇيغۇر قىزى مۇقەددەس مىجىتنىڭ «تەڭرىتاغ »ژۇرنىلىنىڭ 2005 - يىل 3 - ، 5 - سانىدا «پارىژدىكى ئۇيغۇر قىزنىڭ بايانى» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا دولان ئەلنەغمىچىلىرىنى پارىژغا ئەكەلدۇرۇپ، ئۇيغۇر خەلق سەنئىتىنى دۇنيا سەھنىسىدە نامايان قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى تەپسىلىي بايان قىلىندى. بۇ، ھەممىلا ئادەمنى قايىل قىلىپ، چىن دىلىدىن سۆيۈندۈرىدىغان مۇستەھكەم ئىرادىنىڭ بايانى ئىدى. بۇ بايانلاردىن بىر ئۇيغۇر قىزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مىللەتكە بولغان ئوتلۇق مۇھەببەت، مىللەتپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسى، مىللىتى بىلەن قەلبداش، تەقدىرداش ھېسسىياتى، مىللەتنىڭ نام - شەرىپى ئۈچۈن مەشئەلدەك يېنىش،

ئاخىرىغىچە بوشاشماي ئىزدىنىشتەك قەيسىرانە روھى نامايان بولۇپ تۇراتتى. ھەقىقەتەنمۇ مۇقەددەس مىجىتنىڭ دولان ئەلنەغمىچىلىرىنى پارىژغا تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدۇرۇش جەريانىدىكى شادلىق بىلەن ئەندىشە تۇيغۇسى مىللىي ھېسسىيات تۇيغۇسى بىلەن زىچ گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ، مىللەتنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزۈمنىڭ ئىشىم دەپ ئومۇمىي نۇقتىدىن قاراشنى بىلگەن قىز ئىدى.

كىشىلەرنى ئەڭ قايىل قىلىدىغان يېرى شۇكى، چەت ئەلدىكى بېگانە، ئەتراپىدا ھېچقانداق تايانچىسى بولمىغان بىر ئوقۇغۇچى قىزنىڭ جۈرئەت قىلىپ، دادىللىق بىلەن مەيدانغا چىقىپ، مىللىتىنىڭ خەلق سەنئەتكارلىرىنى پارىژ سەھنىسىدە دۇنياغا نامايان قىلدۇرۇش مەقسىتىنى روياپقا چىقىرىشى كۆپلىگەن كىشىنىڭ نەزىرىدە ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغان ، بەلكى ئادەتتىكى كىشىلەر ئويلاپمۇ باقمايدىغان ئىش ئىدى. ئەمما بۇ ياشلا قىز ـ ئۇيغۇر قىزى بۇ ئىشنى روياپقا چىقىرالىدى. مانا بۇ بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ يەنە بىر ئۈلگىسى. باتۇرلۇق ئۇرۇش فرونتلىرىدىلا ئەمەس، ئەمگەك، تىنچلىق فرونتلىرىدىمۇ مەيدانغا چىقالايدۇ. مۇقەددەس مىجىتمۇ دەل دەۋرنىڭ ئەنە شۇنداق باتۇرى بولۇشقا مۇناسىپ.

بىر تامچە سۇدىمۇ قۇياش نۇرى ئەكس ئېتىدۇ. ئەزگۈ ـ خەيرلىك ئىشلار چوڭ ـ كىچىك دەپ ئايرىلمايدۇ. پەقەت بىزنىڭ ئاياللىرىمىزدا، قىزلىرىمىزدا، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىنى، مىللەت، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ۋەتىنى ئالدىدىكى بۇرچى، ۋەزىپىسىنى ئازراقلا بولسىمۇ سېزىش، قەدىرلەش تۇيغۇسىلا بولىدىكەن، بۇ ئوخشاشلا تولىمۇ قىممەتلىكتۇر. شۈبھىلەنمەيمىزكى، قىزلىرىمىزنىڭ زور كۆپچىلىكىدە ۋىجدان، غۇرۇر، ئۆزىنى، قوۋمىنى قەدىرلەش تۇيغۇسى يەنىلا كۈچلۈك. ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى ئۈلگىلەردىن قاتتىق تەسىرلەنگەنلىكى بۇ نۇقتىنى دەلىللەيدۇ. بىز ئىشەنچ بىلەن مەنزىلىمىز ھامان نۇرانە بولىدۇ! دەپ خىتاب قىلالايمىز.

2006 ـ يىل 16 ـ دېكابىر ، ئەنخۇي ــ خېفې

# مەدەنىيەتتىكى ھالەت، ھوقۇق ۋە مۇنازىرە روھى

نېمە ئۈچۈن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي شېئىرلىرىنىڭ ھەربىر مىسراسى يۈرەكلەرنى تىترىتىپ، قەلبلەرنى لەرزىگە سالىدۇ؟ لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «يىللارغا جاۋاب»، ئابدۇرەھىم ئۆتكۈرنىڭ « ئىز »، ئابلەت ئابدۇللانىڭ «چىمدىڭ ياشا» دېگەن شېئىرلىرى ئوخشاشلا ئائىلىلەرنىڭ، رېستوران ــ ئاشخانا، ساتىراشخانىلارنىڭ تۆرىدە رامكىلار ئىچىگە ئېلىنىپ ئورۇن ئالىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى تولىمۇ ئاددىي: بۇ شېئىرلاردىكى جەڭگىۋار روھ كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ئوزۇقى سۈپىتىدە قەلبلەر بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. نوقۇل مەدھىيىدىن خالىي، روھنىڭ ئىنساننى ئىنسان قىلىپ تۇرىدىغان سۈپەت ئالاھىدىلىكى يارقىن گەۋدىلىنىپ تۇرىدىغان بۇ شېئىرلار ئىنسانلارنىڭ ماھىيەتلىك خاھىشىنى شۇنداقلا زۆرۈرىيەت ئېھتىياجىنى ھېچبىر پەردازسىزلا روشەن كۆرسىتىپ، كىشىلەرنىڭ قىيىن ـ مۈشكۈلات مەسىلىلەرگە يولۇققاندا تاپىدىغان جاۋابى، ئۆزىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان ئەينىكى، روھىي مەدەتكارى بوپقالدى. شۇڭا بۇنداق ئۆزگىچە، ھاياتىي كۈچ جۇش ئۇرۇپ تۇرىدىغان ئۆلمەس شېئىرلار ئوقۇغانلارنى جەڭگىۋار روھتا تەربىيىلەپ، ئالغا بېسىشقا ئۈندەپ تۇرىدىغان قۇدرەتكە ئايلىنالىغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر شۈبھىسىزكى ياخشى كۆرۈپ، قەدىرلەشنى بىلگەن.

بىز مەدەنىيەت دېگەندە ئۇنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان كىتاب، گېزىت ـ ژۇرناللارنى كۆپرەك تىلغا ئالىمىز. شۇنداقلا مۇشۇ مەدەنىيەت تەركىبلىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتى كىشىلەرنىڭ مەنىۋى چاڭقاقلىقىنى يېتەرلىك قاندۇرالىدىمۇ، دېگەن سوئالغا دۇچ كېلىمىز. نېمە ئۈچۈن ھازىر كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتى ئانچە ئۇسسىمايدىغان بوپقېلىۋاتىدۇ دەپمۇ پىكىر يۈرگۈزۈپ قويىمىز. 1980 ـ يىللاردىن كېيىنكى ئىدىيە ئازادلىقىدا مەتبۇئاتلاردا ئەمەلىيەت ئاساس قىلىنىۋاتقان بىر تۈركۈم ئەسەر مەيدانغا چىقتى. بۇ باشلىنىش تەبىئىيكى، ئۇزۇن يىل مەدەنىيەت مۇستەبىتلىكىدە بوغۇقتۇرما بولۇپ تۈنجۇققان، روھىيىتى قاغجىرىغان ئادەملەرنى قاتتىق جەلپ قىلىپ، قىزىقىشىنى قوزغىدى. بىز ئوقۇرمەنلەر مەتبۇئاتلاردىكى مۇشۇنداق يېڭى يۈزلىنىشنى ئالقىشلايمىز، ئەلۋەتتە. ئەمما كۈندىن ـ كۈنگە روشەن چۈشىنىلىۋاتقان بۇ دۇنيا ، بۇ دەۋرگە نىسبەتەن بۇ يەنىمۇ يېتەرلىك بولمايۋاتقانلىقىنى ھەم سەزمەيمۇ قالمايمىز. بۇ باشلىنىشتا ماھىيەتكە چوڭقۇرلاش كەم بولغاچقا، ئاچقان يەرگە بارماي، كىشىلەر ئاسانلا تويۇنۇپ قېلىۋاتىدۇ دېمەيمۇ تۇرالمايمىز.

ئىدىيە ـ ئاڭ ساھەسىدىكى مۇھىم مەسىلە شۇكى، ھەرخىل رامكا ـ چەمبىرەك شەكىللەندۈرۈپ قويغان بىر خىل قاتمال ـ دوگما ھالەتتىن قول ئۈزۈش، يېڭى، جانلىق، خىلمۇ ـ خىل، ئىلمىي مۇنازىرە روھى ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە پىكىرلەر بولۇپ تۇرۇش، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش»نى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ، كىشىلەردە ئىشەنچ يارىتىش، ھاياتىي كۈچ، روھىي ئۇرغۇپ تۇرالايدىغان بولۇش تەلىپىگە قاراپ يول ئېلىش دەۋرنىڭ، «سىياسىي مەدەنىيلىك»نىڭ مۇقەررەر تەلىپى، ئەلۋەتتە. مانا بۇ ھەرقانداق ئوقۇرمەن پۇقرا ئۈچۈن ھەقىقىي خىزمەت قىلىش ياكى شەكىلەن خىزمەت قىلىشتىكى ئەمەلىي يۈزلىنىشنىڭ ئىستىقبالىنى بەلگىلەيدىغان تۈپكى ئامىلدۇر.

ھازىر گەرچە زامانىۋى ئاخبارات ۋاستىلىرى ــ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە، ئىنتېرنېت ۋاستىلىرى بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا كىشىلەرنىڭ دائىملىق ھەمراھى سۈپىتىدە كىتاب، گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ ئورنىنى تولۇق ئالالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشۇ ۋاستىلەرمۇ ئوخشاشلا يېڭى قانلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ھاياتىي كۈچكە ئىگە يېڭى ئوزۇقلۇقلارغا دائىم موھتاج بولۇپ تۇرىدۇ. ھازىر ئۇيغۇر تىلىدا چىقىۋاتقان گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ تۈرىمۇ ئاز ئەمەس. ئەمما جەلپ قىلالىغان دائىمىي تۇراقلىق ئوقۇرمەنلەر زادى قانچىلىك؟ بىز يېزىلاردىلا ئەمەس شەھەر ئاھالىلىرى ئىچىدىمۇ گېزىت ـ ژۇرناللارنى دائىمىي ھەمراھ قىلىپ ئوقۇپ تۇرىدىغانلارنى ئانچە كۆپ ئۇچرىتالمايمىز. ئېھتىمال بۇنىڭ بىر سەۋەبى، بۇنداق كىشىلەرنىڭ بىر قىسمى ئىقتىسادىي ئىمكانىيەت تۈپەيلى تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە كۆرمەيدىغاندۇ. ئەمما ئەسلىدىلا ئىمكانىيىتى بار كىشىلەرنىڭمۇ گېزىت ـ ژۇرناللارغا ئانچە قىزىقمايدىغان بوپقېلىشى نېمىدىندۇ؟ قارىشىمىزچە، يېڭى، جەلپ قىلارلىق تېمىلاردا يېزىلغان ئەسەرلەر بولسا، ھەتتا ئاشۇ گېزىت ـ ژۇرناللارغا قىزىقمايدۇ، دەپ قارىلىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭمۇ دىققىتى قوزغىلىپ، ھېچبولمىغاندا ساقلاپ قويۇش ئۈچۈن بولسىمۇ

سېتىۋالدىكەن. «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن»، «قاينام ئۇركىشى»، «قۇم باسقان شەھەر» قاتارلىق رومانلار قايتا-قايتا نەشر قىلىنىپ، ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەردە قالتىس كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىنى قوزغىغانىدى. زوردۇن سابىرنىڭ «ئانا يۇرت» ترىلوگىيىسى چىقىۋىدى، ئازراقلا ئىمكانىيىتى بار كىشىلەر پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماي سېتىۋېلىشتى. ھەتتا خەنزۇچە ئوقۇغان، ئۇيغۇرچە يېزىق بىلمەيدىغان بەزى ياش ئاتا-ئانىلارمۇ ئالايىتەن يېزىق ئۆگىنىپ ئوقۇيمىز، باللىرىمىزمۇ ئوقۇيدۇ، دەپ سېتىۋېلىشتى.

ھازىر مىللىتىمىزدىكى بىر يېڭىلىق تەپەككۇرگە يۈزلىنىش بولۇۋاتىدۇ. بىز بىر قىسىم ياشلارنىڭ رومان، ھېكايىلارنىمۇ كۆرە ئەمدى تەپەككۇرگە قىزىقىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق كىتابلارنى ئۆزىگە دائىم ھەمراھ قىلىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلماي قالمايمىز. بىز«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىدىن بۇ يۈزلىنىشنى ئېنىق كۆرەلەيمىز. مىللىتىمىز يۈزلىنىۋاتقان تەپەككۇر ھالىتىنىڭ سەۋىيىسىنى ھەرگىزمۇ تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. چۈنكى مىللىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئوبيېكتىپ ھالىتى باشقا ھەرقانداق بىر مىللەتكە قارىغاندىمۇ كۈچلۈك ئىزدىنىش ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىدەك مىللەت ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەن. بىز مۇشۇ سەھىپە ئارقىلىق كۆرۈۋالالىشىمىز تەس ئەمەسكى، ھەربىر تەپەككۇر ھاسىلاتى ئەمەلىيەتتە بىر مۇستەقىل تەپەككۇردىن ھاسىل بولغان يېڭى قاراش، يېڭى دادىل مۇھاكىمىدۇر. شۇڭا مەزكۇر ژۇرنالدىكى «تەپەككۇر كۆزى» ھەققەتەنمۇ ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلىدىغان بىر جانلىق سەھىپە بوپقالدى. بۇنىڭغا شۇنى كۆرسەتتىكى، ئەگەر گېزىت-ژۇرناللار ئۆز سەھىپىلىرىدە ئەنە شۇنداق يېڭىدىن يېڭى قانلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولسا، بىر خىل «تاماق»تىن چىقىپ قالغان ئادەملەرنى قايتىدىن يەنە جەلپ قىلالماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنى قىزىقتۇرىدىغان، قايىل قىلىدىغان كۆپلىگەن يېڭى تېما توغرا جاۋابنى ئاشكارىلىقتىن (ھازىر ھەردەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى«ئاشكارىلىق تاختىسى»نى يولغا قويغان)، مۇنازىرە روھىدىن تاپالايدۇ. تەنقىدچىلىك، مۇنازىرە روھى ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ ئەقىل بۇلىقى كۆزىنى ئېچىپ، ئۆلۈك، دوگما، قېتىمال، بۇرۇقتۇرما ھالەتكە خاتىمە بېرىپ، ئاخىر ئاشۇ نۇقتا ئۈستىدىكى (ئەڭ توغرا دېيىلگەن) يەكۈنگە ئېرىشىشتىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇلدۇر. بۇنداق جانلىق، ئەركىن، ھاياتچانلىقى كۈچلۈك بولغان جۇشقۇن پىكىر قىلىش يۈزلىنىشى ھەقىقەتەنمۇ كىشىلەرنى قىزىقتۇرۇپ، دىققىتىنى قوزغايدۇ. مىسال ئۈچۈن ئالساق، 1960-يىللىرى خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدە چوڭقۇر ئىدىيىۋى ئىختىلاپ يۈز بېرىپ، جۇڭگو، سوۋېت كومپارتىيىلىرىنى ئۆزئىچىگە ئالغان ھەرقايسى ئەل كومپارتىيىلىرى ئىدىيىۋى سەپتە كەڭ كۆلەملىك ئاشكارا بەھس-مۇنازىرە ئېلىپ بارغانىدى. جۇڭگو مەتبۇئاتلىرى جۈملىدىن دىيارىمىزدىكى مەتبۇئاتلارمۇ شۇ ۋاقىتلاردا ئۆزىنىڭكىنىلا ئەمەس سوۋېت ، ئىتالىيە، فرانسىيە ۋە باشقا ئەللەر كومپارتىيىلىرىنىڭ بۇ مۇنازىرە ئۈستىدىكى ئۆزىنىڭكىگە ئوخشىمىغان كۆز قاراشتىكى ماقالىلىرىنى گېزىتلەردە ئوچۇق-ئاشكارا ئېلان قىلىپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىگە سۇنغانىدى. بۇنداق دېموكراتىك روھتىكى ئاشكارىلىق كىشىلەرنىڭ زور دىققىتىنى قوزغاپ ، سىياسىغا قىزىقىش ۋە مۇھاكىمە قىزغىنلىقىنى قوزغىغانىدى. كىشىلەر ئەينى يىللاردا ئاشۇ گېزىتلەرنىڭ ھەر بىر سانىنى تەشنالىق بىلەن كۈتۈپ، ئوقۇشقانىدى. 1980-يىللاردىن كېيىن بۇنداق ھالەت قايتا كۆرۈلمىدى. ئەگەر گېزىت-ژۇرناللارغا نىسبەتەن يېتەرلىك قىزغىنلىق، كۈتۈلۈش بولمىسا، ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئەنە شۇنداق مەزمۇنى بىرخىل، يېڭىلىق كەم، مۇنازىرە-تەنقىدىي روھىنىڭ يوق ئىكەنلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان ھالەتتىن ئىزدىمەي مۇمكىن ئەمەس. ئەمما جانلىق، كۈچلۈك، ئەمەلىيەتچان يېزىلغان ئەسەرلەر بولسا، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، ئوقۇرمەنلەر يۇقىرى قىزغىنلىق بىلەن ئىنكاس قايتۇرىدىكەن. يېقىندا بىرەيلەن ماڭا مەلۇم بىر ئاپتورنىڭ ئەسىرىنى ئون نەچچە قېتىم قايتا-قايتا ئوقۇپ چىققانلىقىنى، ئەگەر گېزىت-ژۇرناللارنىڭ مۇشۇنداق ئەسەرلەرنى جەلپ قىلالىسا، ئاشۇ گېزىت-ژۇرناللارنىڭ ساپاسىغىلا ئەمەس، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ساپاسىغىمۇ تەسىر قىلىدىغان بىر قىزغىنلىقنىڭ باشلىنىشى بوپقالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ھەتتا بەزىلەر ئۆزلىرى قايىل بولغان بەزى ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرىغا رەھمەت خېتى يېزىش ئويى بارلىقىنى، پۇرسەت بولسىلا ئىزدەپ بېرىپ، رەھمەت ئېيتماقچى بولۇشقانلىقىنى ئېيتىشتى. دېمەك، كىشىلەر يەنىلا يېڭى، جانلىق، مۇنازىرە روھىغا ئىگە ھاياتىي تېمىلارغا موھتاج ئىكەن. بىز ئوقۇرمەنلەر ھەقىقەتەنمۇ تالláشنى، باھالاشنى خېلى ياخشىراق بىلىدىكەنمىز. مۇشۇلارغا قارىغاندا، روشەنكى، گېزىت-ژۇرناللارنىڭ قەد كۆتۈرۈش - كۆتۈرەلمەسلىكى، نوپۇزى دەل كىشىلەر رايىنى ئەكس ئەتتۈرۈش-ئەتتۈرەلمەسلىك يۆنىلىشىگە باغلىق بوپقالدى.

سۇلايمان قەييۇم «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ 2004-يىل 3-سانىدا ئېلان قىلغان «سالاھىيەت كرىزىسى ۋە سىياسىي تەپەككۇر»ناملىق مۇھاكىمە ماقالىسىدا مۇنداق بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ قالدى: «... بىزدىكى سىياسىي تەپەككۇردىن گۇمانلىنىپ قالدىم. بىزدە سىياسىي تەپەككۇر بارمۇ -يوق؟ بولسا قانچىلىك؟ »ئۇ يەنە: «سىز دۇنيادىكى ۋە ئەتراپىڭىزدىكى توختاۋسىز بولۇۋاتقان تۈرلۈك-تۈمەن ئۆزگىرىشتىن نۇرغۇن نەرسىنى ئالدىن ئويلىشىڭىز، ھېس قىلىشىڭىز كېرەك. ئويلاش، پىكىر قىلىش ئىنساندىكى كاتتا ھوقۇق. ئەجەبا، سىزدە شۇنچىلىك ھوقۇقمۇ يوقمۇ؟»دەپ سوئال قويىدۇ.

بۇ ھەقىقەتەنمۇ سىياسىي تەپەككۇر، تەنقىدچىلىك ۋە مۇنازىرە روھى ئۈچۈن مۇھىم تېما. ئەمەلىيەتتىمۇ دۇنيادىكى ھەر خىل تۈزۈلمىدىكى بۈگۈنگىچە بولغان ھاكىمىيەتلەر خەلق ھوقۇقى توغرىسىدا جار سېلىپ كەلگەن. ئەيناسى، بۇنىڭدىن2000 يىللار ئىلگىرىكى قەدىمقى يۇناندا، رىمدا قۇللۇق دۆلەت دېموكراتىيىسى (قۇلدارلار دېموكراتىيىسى) يولغا قويۇلغان. ئاۋامنىڭ تۆھپىسىگە ئاساسەن مەرتىۋە بېرىلگەن. رىمدا بىر دۆلەتنى ئىككى ئادەم دۆلەت رەھبىرى (كونسۇل) بولۇپ تەڭ باشقۇرىدىغان. شۇنداقلا ۋاقتىنى بىر يىلدىن ئاشۇرمايدىغان مۇستەھكەم قانۇن بارلىققا كەلگەن. دېمەك، ئىنساندا ھوقۇق بولۇشى(مۇئەييەن دائىرىدە بولسىمۇ) ئەزەلدىن زۆرۈرەن ئىپادىلەپ كېلىنگەن. شۇڭا بۈگۈنگىچە بولغان ھەرقانداق بىر ھاكىمىيەت (ھەتتا مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرمۇ) مۇشۇ «ھوقۇق» توغرىسىدا جار سېلىشتىن مۇستەسنا بولالمايدىغان، سىياسىي دەسمايىدىكى بىر كوزىر ئىدى. ئەمما مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقاندا ئەمەس، ئۇ ئەمەلىيلىشىۋاتقان چاغدىلا قىممەتكە ئىگە بولالايدۇ. ئېنىق ئېيتقاندا، بۇ مەسىلىدە يېتەكچى قاتلامنىڭ سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولغاندىلا ئاندىن بۇ «كاتتا ھوقۇق»نامايان بولالايدۇ. بىز دۇنيادا كۆرۈپ ئۆتكەن ئەمەلىيەتلەردىمۇ، تارىختا ۋۇجۇدقا كەلگەن ھەرقانداق بىر دىكتاتور دۆلەتتە ياكى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق خاھىشى ئەۋج ئالغان زېمىنلاردا تەشەببۇس بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ بىردەكلىككە ئىگە بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تولىمۇ تەس. گەرچە پەرۋەردىگار ھەممە ئادەمنى بۇدۇنيادا ئوخشاش ياراتقان، ئادەمنىڭ پەقەت ئۆزىگىلا خاس بولغان مېڭە توقۇلمىلىرىنى

پىكىر قىلىش ئۈچۈن ھەربىر ئادەمگە مۆجىزات سۈپىتىدە ئاتا قىلىنغان بولسىمۇ ، ئەمما مۇستەبىت ـ زوراۋان ھۆكۈمران كۈچلەر كىشىلەرنىڭ ئەقەللىي ياشاش ھوقۇقىنىمۇ چاڭ سېلىش بىلەنلا قالماي، ھەتتا ئاشۇ پىكىر قىلىش ماشىنىسى ـ مېڭە توقۇلمىلىرىنىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئۇرۇنغانىدى.

بىز تارىختىكى مۇئەييەن دەۋرلەردە گەرچە يۇقىرىقى ھالەت ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئومۇميۈزلۈك ياكى قىسمەن ياكى مۇئەييەن دەۋردە مۇئەييەن رايون خاراكتېرلىك يەنىلا داۋاملىشىپ كەلگەن دەپ ئېتىراپ قىلىدىغان بولساق، (ئىتاليۇق، جۇڭگو تارىخىدىكى بالايىئاپەتلىك ئون يىللىق ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» (1966 ـ 1976) دا ـــ «سەككىز ئۈلگىلىك تىياتىر» دەپ پۈتكۈل جۇڭگو خەلقىگە زورلاپ تېڭىلغان «شاجىاباڭ»، «قىزىل چىراغ»... لار دەۋرىدە سىزنىڭ ھوقۇقىڭىز پەقەتلا شۇ تىياتىرلارنىڭ ناخشىلىرىنى مەجبۇرەن تەڭ توۋلاشتىن نېرىغا ئۆتەلمەيتتى. 1975 ـ يىلى ھېيتىم ھۈسەيىن ھەتتا «قىزىل چىراغ»نىڭ «ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغان چاكىچىلە شەكلى»نىڭ ئۇيغۇر مۇقام ئاھاڭلىرىغا سېلىنغان پۈتكۈل ناخشىلىرىنى (كىنودا) تولىمۇ قاملاشتۇرۇپ ئېيتىپ، خەنزۇلارنىمۇ تەسىرلەندۈرۈپ يىغلىتىۋەتكەنىدى) ئۇ چاغدا پىكىر قىلىشتىكى ھوقۇق توغرىسىدىكى ئاشۇ مۇھىم سوئالغا پىكىر قىلىش ۋاستىلىرى ئەپسۇن چەمبىرىكىگە بەنت قىلىۋېتىلگەن ئەھۋال ئاستىدا «پىكىر قىلىش ھوقۇقى»نىڭ ئەسلىي مەنىدىكى نامايان بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ دەپ سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاب قايتۇرماقتىن ئۆزگە نېمە دېيىش مۇمكىن!؟

مېنىڭچە، ھەرقانداق بىر خەلقنىڭ سىياسىغا ئائىت ئۆزگە تۈشلۈق ئەسەرلىرىنىڭ يوق بولۇشىمۇ ناتايىن. بولىدىغانلىقى ئېنىق. چۈنكى دۇنيادىكى چوڭ ـ كىچىك، كۈچلۈك ـ ئاجىز دېيىلگەن ھەممىلا خەلق مۇئەييەن سىياسىي ئىچىدە ياشايدۇ. شۇنداق ئىكەن، كىشىلەرنىڭ ئۇنداق ياكى مۇنداق شەكىلدە ئىنكاس بىلدۈرمەي قالماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما بىلىش كېرەككى، تارىختا مۇئەييەن تۈزۈلمە ئاستىدىكى مۇئەييەن ھاكىمىيەت ئۇسۇلى كىشىلەرنىڭ پىكىر قىلىش «ھوقۇقى» غىمۇ مۇئەييەن چەك قويمىغان، دەپ كىممۇ مەيدانغا چىقىپ جاكارلىيالايدۇ!؟ ئەمما مۇستەبىت ـ دىكتاتور ھۆكۈمدارلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن تارىخنىڭ ھەقلىق جازاسىغا ئۇچرىشىمۇ، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئىنسانلارنىڭ ئىنسان سۈپىتىدە ياشاش ۋە پىكىر قىلىش ھوقۇقلىرىنى ئۆز قوللىرىدىكى ھاكىمىيەتتىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە كۈچتىن پايدىلىنىپ پايمال قىلىۋېتىش جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىكىدىن ئىبارەت.

تارىخىي ساۋاقلار بۇ ھەقتە كىشىلەر ئالدىدا يېتەرلىك تۇرۇپتۇ. گەرچە (ھوقۇق، مەنسەپ، نوپۇز، شەرەپ ۋە ئادەمدىن ئىبارەت) ھەممىلا نەرسە بۇ ئالەمدە بىردەملىك، ئۆتكۈنچى يولۇچى بولسىمۇ، مۇشۇنداق بىر ئەقەللىي ھايات قانۇنىيىتىنى مۇئەييەن ئىمتىياز قاتلىمى دىققەتتىن سارقىت قىلىدىغان نائەقىللانىلىقتىن خالىي بولمىغاچقا،

«سىياسىي مەدەنىيلىك»، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، ئىنسانىي ھوقۇق قانۇن كاپالىتىگە ئىگە بولمىغان مەتبۇئاتلار ئىگىلىكىدىمۇ كونا قاراش، قېلىپباز پىكىرگە زورلاش يەنىلا مەركەز بولغان ۋە بۇ ھال شۇ يەردە ھەرقانداق بىر سىستېمىلىق سىياسىي تەپەككۇر بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى بوشۇكىدىلا گۆرگە ئۇزىتىۋەتكەن.

ئەگەر سىياسىدا، پەلسەپىۋى تەپەككۇردا تەرەققىي تاپقان ئەل ۋە مىللەتلەر سىياسىي تۈزۈلمىسى مۇستەبىت، تەپەككۇرى قاتمال ئەل ۋە مىللەتلەردىن ئۆزاپ كەتكەن بولسا (بۇ پاكىت)، بۇ ئېنىقكى، ئۇلارنىڭ مېڭە توقۇلمىلىرى بۇ دۇنيادا پەقەت ئۆزىگىلا مەنسۇپلىقنى نامايان قىلالىغان؛ كىشىلەر ئۇچۇق كۆڭ نۇرىدا يۇقىرى ـ تۆۋەن دېمەي، قوماندا تايىقىدىن خالىي بولغان ئەركىن مۇنازىرە روھىنى نامايان قىلالايدىغان ئىشەنچ مەيدانى ھازىرلىغان. بۇ ھالەت ئۇلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەرەققىياتى ئۈچۈن راۋان يول ھازىرلىغان.

يىغىپ ئېيتقاندا: «ئىدىيىنى ئازاد قىلىش»، «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش»، «سىياسىي مەدەنىيلىك»، «ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى»، «ئىلىم ـ پەن دېموكراتىيىسى»، «ئادەمنى ئاساس قىلىش»، «ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش»، «كىشىلىك قەدىرىيەت» تەشەببۇس قىلىنىپ، پەيدىنپەي جەمئىيەتنىڭ سىياسىي ئاتموسفېراسىغا ئايلىنىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە مەدەنىيەت ـ ئاخبارات ۋاستىلىرى (گېزىت ـ ژۇرناللار) ھەقىقەتنىڭ ئەينىكى بولالىشى لازىم. ھەقىقەت بولسا بىر ئوت. مۇشۇ ئوتنى تۇتۇشقا جۈرئەت قىلالىغاندىلا ھاكىمىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەممە تىپ ئۆزاققىچە ئۆرە تۇرالايدۇ. دېمەك، ھەرقانداق بىر خەلقنىڭ مەدەنىيەت، سىياسىي(ھوقۇق) ۋە مۇنازىرە روھىنىڭ قانداقلىقىنى ئىستىقبال نۇقتىسىدا بەلگىلەيدىغان ئامىل يېتەكچى قاتلامنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا كۆرە مۇۋاپىق تىزگىنلەش بىلەن ئىلھام بېرىش ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا تاللىشىغا باغلىق. سىياسىيغا قىزىقىشلا ئەمەس، بەلكى يەنە قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن كاتالىزاتور بولۇشى كېرەك. سىياسىي تەپەككۇر ۋە ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالايدىغان سىياسىي ئۈچۈن مەيدان بولىدىغان گېزىت ـ ژۇرناللارغا بولغان ھېرىسمەنلەر قوشۇنىنى كۈندىن كۈنگە كۆپەيتىش، ئۆزىنىمۇ، باشقىلار (دۇنيا) نىمۇ چۈشىنىدىغان بەلگىلىك ئاڭغا ئىگە سىياسىي ساپالىق بىر خەلققە ئايلىنىش ئۈمىد قىلىنىدىغان بولسا، مۇنازىرە روھى بولۇشى، بۇ روھقا ئىلھام بېرىلىشى كېرەك. ھەقىقەتنىڭ ئىجراسى پەقەت سۆز بىلەن ھەرىكەت بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇچۇق كۆڭ نۇرىغا دادىل چىقىشقا جۈرئەت قىلالىغاندىلا ، ئاندىن مەتبۇئاتتىن ئىبارەت بۇ ئەينەكتە ئەكس ئېتىپ، كىشىلەر قەلبىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

2005 ـ يىل يانۋار، ئەنخۇي ـ خېفى

---

*سەرلەۋھە ۋە ماۋزۇلار مەسئۇل مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى.

ئاپتور: غۇلجا شەھەر باھار كوچا 3 ـ يان كوچا 60 ـ قورۇدا. شەھەر پوقراسى (MI)

ماشىنىست ۋە بەتچى: رىسالەت مۇھەممەت ؛ ژۇرنىلىمىز «ئۇيغۇر سوفت»
كومپيۇتېر شىركىتىنىڭ ئىختىراسى «ئەلكاتىپ ـ 5.0» سىستېمىسىدا تىزىپ،
بەت ياسالدى



# ئەزىزىمسەن ئۆزە ئەلەمىمسەن

ئابدۇۋاھىد مەتنىياز ئەمىن

# ئىغىر خىياللار

## ـ ئۇستاز ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەپەندىنىڭ «ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا» ناملىق ساياھەتنامىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى ئۇلانما ئويلار

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مۆھتەرەم ئۇستازىمىز ئابدۇقادىر جالالىددىن ئەپەندى، ئەزىز تېنىڭىز سالامەتمۇ؟ ھەدىمىز جەمىلە خانىم، سىڭلىمىز بۇلبۇلناز، ئىنىمىز بابۇرجانلار ئوبدان تۇرۇۋاتامدۇ؟ ئارام كۆڭلىرىڭىز كۆكۈللۈك، ئىجادىيىتىڭىز ئۇتۇقلۇق كېتىۋاتامدۇ؟ مەن ئائىلەم بويىچە سىزلەردىن ئەھۋال سورايمەن ۋە ئىشلىرىڭىزنىڭ كۆڭلىڭىزدىكىدەك ھەقدادىغا يېتىشىگە تىلەكداشمەن. ياپونىيە سەپىرىڭىزدىن ئامان-ئېسەن قايتىپ كەلگىنىڭىزگە تەشەككۈر!

دادام رەھمەتنىڭ دېيىشىچە، بوۋام ئىمىن ھوشۇر ئۆتكەن ئەسىرنىڭ دەل مۇشۇ يىلى سودا-سېتىق بىلەن ئەندىجانغا بېرىپ ئۆي-ئوچاقلىق بولۇپ، يەتتە يىلدىن كېيىن بەش ياشلىق قىزى ۋە ئايالى بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ كەلگەنىكەن. ھازىر ئەندىجاندا بەلكىم بىز ئىسمىنى بىلمەيدىغان ھامەممىز (قازا قىلىپ كەتكەن بولسا ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي)، نەۋرە، چەۋرە تۇغقانلىرىمىز باردۇ. تارىخنامىلەرنى ئوقۇسام، سەمەرقەند، ئەندىجان، خارەزم، باغداد، ئىسسىقكۆل، ئامۇ دەرياسى... دېگەنلەر ئۆيۈمنىڭ ئارقىسىغا چىقساملا كۆرۈنىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىۋالىمەن؛ خەرىتىلەرنى ئېچىپ، بىزگە سىياسىي مەنىدە يىقىن، ھەزارەت مەنىسىدىن تولىمۇ يىراق بولغان شەھەرلەر بىلەن بۇ جايلارنىڭ ئارىسىغا قاراپ، ئۆھسىنىمەن. ھازىر ئۇلار بىزدىن باشقىچە يىراقلاپ كەتكەندەك تۇيۇلىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن يۇرتىمىزنىڭ مەدەنىيەت يىلتىزداشلىقى ، مىللىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نوپۇسىنىڭ خېلىلا كۆپ بولۇشى قاتارلىق سەۋەبلەردىن ، ئاشۇ يۇرتلارغا بېرىپ، ئۆز قوۋملىرىمىزنىڭ بۈگۈنكى مەدەنىيەت تەرەققىياتى، تۇرمۇش ھالىتى، ئاڭ-ئىقبالىنى كۆرگۈم، بوۋامنىڭ ئىزلىرىنى ھىدلىغۇم بار. يەنە نۇرغۇن دۆلەتكە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ماتارىپىنى بۈيۈك رۇس پېداگوكى ئۇشىنسكىيغا ئوخشاش ئەتراپلىق تەكشۈرسەم دەيمەن.

ئەسلىدىنمۇ چەت ئەللەرگە چىقىش ئۇنچە غايىبانە ئىشمۇ ئەمەس. چەت ئەل چۈشى كۆرىدىغانلارنى سۆيۈملۈك يازغۇچىمىز مەمتىمىن ھوشۇر ئەپەندى«ئالتۇن جىشلىق ئىت» ھېكايىسىدە «چەت ئەللىكلەرمۇ قورسىقى ئاچسا تاماق يەيدىكەن، ئۇيقۇسى كەلسە ئۇخلايدىكەن»دەپ ئىشارىلىك ئەيىبلىگەنىدى. ئەمما، ئۆزى بىلمىگەن نەرسىگە ئىنتىلىش ئىنساننىڭ ئەسلىي تەبىئىتىدۇر. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە« ئەپەندىگە تىلىلا، پادىشاھقا ھەقىقەت كېرەك» بولغاندەك، بىزمۇ رېئاللىقتا ئۆزىمىزدە كەم نەرسىلەرنى ئىزدەيمىز. ھايات ئاللانىڭ بەندىلىرىگە بەرگەن سوۋغىسىدۇر. شۇڭا، ئادەم چەكلىك ئۆمرىدە ھايات ھەقىقەتلىرىنى ھېس قىلىشى، ئەجدادلىرىنىڭ

ئىزدىنىش سېپىرىدە

دوستلىرى ياكى دۈشمەنلىرىنىڭ بۈگۈننى بىلىشى، شۇ ئاساستا، ئەۋلادلىرىنىڭ هاياتىدا دۇچ كېلىش ئېهتىمالى بولغان قىسمەتلەر ۋە ئۇنىڭدىن قانداق ساقلىنىش كېرەكلىكى هەققىدە تەپەككۇر جەۋهەرلىرىنى قالدۇرۇپ قويۇشى كېرەك. مومىغا باغلاپ قويۇلغان كالىدەك بىر ئىزدا چۆرگىلەۋەرسە بۇ خىل مەنىۋى قۇۋۋەتكە ئېرىشمەك تەس. «سۇمۇ كۆلدە ئۇزۇن تۇرسا سېسىپ كېتىدۇ» (ئابدۇقادىر داموللا سۆزى) ئەمەسمۇ؟ شۇڭا، مۇمكىن بولسا، ئوخشىمىغان دۆلەت ۋە قوۋملارنىڭ ئىجتىمائىي هالىتىنى بىزگە ئوخشاش تەكرار-تەكرار تاشقاش، پىرىسلاشتىن كېيىن كىتاب ۋە مېدىيە ۋاستىلىرىدىن ئەمەس، ئۆز ئەينىنى ئۆز كۆزى بىلەن بىۋاستە كۆرۈشى كېرەك ئىدى. بۇ هەربىر كىشى ئۈچۈن هوقۇق، شۇنداقلا مەسئۇلىيەت بولۇشى كېرەك. ئابدۇقادىر داموللا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي، مەمتىلى ئەپەندى، نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوف، قۇتلۇق شەۋقىيلەرنىڭ تەرجىمىهالىنى يازغانلار ئۇنتۇپ قالدىمۇ، يا مەن تازا دىققەت قىلمىدىممۇ، ياكى ئۇ چاغلاردا «پاسپورت» دېگەن بۇ ئۇقۇم تېخى شەكىللەنمىگەنمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇلار چەت ئەللەرگە چىقىشتا ئانچە قىينالمىغانىكەن. ئۇ چاغلاردا دۆلەتلەرنىڭ چېگرىلىرى هازىرقىدەك قاتمۇ قات سىم توساق بىلەن ئايرىلمىغان بولغاچقا، سەپەر ئۇززۇقىغا يەتكۈدەك تەييارلىقى بار ئادەم نىيەت قىلسىلا قوشنا يۇرت-مەملىكەتلەرگە چىقىپ سەيلە قىلىپ، يۇرتداشلىرى، دىنداشلىرى، مەسلەكداشلىرى، دىلداشلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، هال-مۇڭ قىلىشىپ قايتىپ كېلەلەيدىكەن. قايسىدۇر بىر مەدرىسە-ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇيالايدىكەن. رېستورانلاردا بىزگە ئوخشاش«ئېلېكترون شامانى» بولۇپ بىهوشلىنىپ يۈرەلمىگەن، يىگىچە پاسوندىكى كىيىملەرنى كىيەلمىگەن ، زامانىۋى قاتناش ۋاستىلىرىدا ئولتۇرالمىغان بولسىمۇ، زىيالىيلىرىمىزلا ئەمەس، بۆگۈنكى كىشىلەر ئۈچۈن« ئەسكى چاپان» كىيىپ يۈرگەن بوۋام چېغىدا ئاشۇ لەززەتتىن، هوقۇقتىن بەهرىلىنەلىگەنىكەن. قارىسام، شۇلار يەنىلا تەلەيلىك ئىكەن. ئەپسۇسكى، دۆلەتچىلىك ئېڭى بەك تەرەققىي قىلىپ كەتسە، نۇرغۇن ئىش مۇرەككەپلىشىپ، ئىلگىرىكىلەر ئاددىيلا بىر تەرەپ قىلغان ئىشلار كېيىنكىلەر ئۈچۈن يىراقتىكى مەۋهۇم شولىغا ئايلىنىپ قالامدۇ-قانداق؟ مۇشۇ كۈنلەردە بىزگە نىسبەتەن چەت ئەللەرگە چىقىش ئاجايىپ غايىبانە ئاڭلىنىدىغان بوپكەتتى.

بىزدە چەت ئەللەرگە چىقىش ئارزۇسىغا ئازساندىكىلەرنىڭلا يېتەلىشى، كۆپىنچە، پۇل مەسىلىسىدىن بولۇشى مۇمكىن. ئاڭلىسام، بىر-ئىككى يىللىق پاسپورت هەل قىلىشقىمۇ بەش-ئالتە مىڭ سوم كېتەرمىش. بوسۇغا ئاتلىدى دېگەن گەپ، هەربىر تىنىقىڭمۇ سەن ئۈچۈن بەدەل تەلەپ قىلىدۇ. ماڭا ئوخشاش بىر مۇئەللىمنىڭ 20مىڭ سومچە پۇلنى مەخسۇس ساياهەت ئۈچۈن ئاجرىتالىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇ ئەلۋەتتە ئاز سان ئەمەس. قاراڭ: هازىر بۇ پۇلغا يېزىدىن لايىق ئۆي، ناهىيە بازىرىدىن ئۈچ پۇڭچە ئۆيلۈك يەر ئالغىلى بولىدۇ. تازا نەۋقىران يىگىت ئۆزى سۆيگەن، ياكى تۇرمۇش ئېهتىياجى بىلەن توي قىلاي دېگەن قىز (خۇدا ئېيىتنى ساقلاشنى نېسىپ قىلغان بولسا) بىلەن نورمال توي قىلىپ بېشىنى ئوڭشىۋالالايدۇ. يەنە شۇنچىلىك پۇل بىلەن بەلكىم ئۆزى ئىنتىلگەن بىرەر مەنسەپ ئورۇندۇقىغا ئېرىشكىلى بولۇشىمۇ مۇمكىن. «ئايلىق پۇل - تايىنلىق پۇل» دېگەندەك (مەسئۇل مۇهەررىردىن)، هازىر مائاش بىلەن پەقەت سىرىقتاللا ياشىغلى بولىدىغان تۇرسا، هەممىمىز ئۆي قەرزى، توي قەرزىگە چۆكۈپ ياشاۋاتساق، ئۇنچىلىك پۇل مەندە نېمىش قىلسۇن؟ پىنسىيگە چىققىچىغۇ پۇلمۇ تاپارمىز. بىراق، ئۇ چاغقىچە روهىي ۋە جىسمانىي هاردۇقىمىز تۈپەيلىدىن ئۇبدانلا «قانات-قۇيرۇق»تەڭشىگەن لەنتى كېسەللىكلەر بىزنى تەرەپ-تەرەپتىن ئىسكەنجىگە ئېلىپ ئۆلگۈرىدۇ. زېهنىمىز ئوتتۇز بەش-قىرىق يىللىق ئۇنۇمسىز، بيۇروكراتلىق ئىلكىدىكى خىزمەت تەسىرىدە هاياتىي كۈچىنى يوقىتىدۇ. ئۇ چاغدا چىققان ئەللەدە مەنزىرە بىلەن بىنا كۆرۈپ كېلەمدۇق؟ شۇڭا، بوۋامنىڭ ئىشىدىن سۆيۈنۈپ، ئۆزۈمدىن ئۆكۈنۈپ، زىيارەتنامىلەرنى قايتا-قايتىلاپ ئوقۇپ ئۆزۈمنى بەزلەيمەن. رېئاللىقتا تەن بەرمەي ئامالىم يوق.

ئەڭ ئەپسۇسلۇق يېرى شۇكى، چەت ئەللەرگە بېرىپ سەيلە-ساياهەت قىلالمىغانلىقىڭ ئۈستىگە، كۆپىمىز توختام سۇدەك تۇرغۇن هاياتقا كۆنۈككەن. ئەتراپ خاسلىق تەكىتلەنمىگەن ئوخشاشلىق بىلەن تولغان. ئۆز ماهارىتىڭنى كۆرسىتىدىغان ئىشتا «تۆر»لەر پۈرسەتپەرەس «ئەپچىلەم»لەر تەرىپىدىن ئىگىلىنىۋېلىنىپ، ساڭا«پەگا»لا قالغان. ئوخشاشلىق جەمئىيەلەشكەن مۇهىتتا هەممەيلەن ئوخشاش ئويلىشىمىز، ئوخشاش پىكىر قىلىشىمىز كېرەك. ئوخشاش يېمەكلىك، ئوخشاش ئولتۇرۇش... يەنە تېخى ئوخشاش كىيىم. خىزمەت هاردۇقچۇ تېخى! مەن بىر ئىلمىي خادىم، دۆلەتنىڭ خىزمەتچىسى تۇرۇقلۇق، دەم ئېلىشلىرىم دائىم بىر خىلدا تەكرارلىنىدىغان تۈگىمەس - زېرىكىشلىك يىغىن، ئۇنۇمسىز خىزمەت، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ، ئولتۇرۇشلاردا قۇربان بوپكېتىدۇ. پات-پات ئەينەككە قاراپ قويىمەن. ئەينەك مېنى«چىرايىڭغا قورۇق چۈشمىگىنى بىلەن، روهىڭ قورۇلۇپ-يىگىلەپ بولدى»دەپ ئەيىبلەۋاتقاندەك بىلىنىدۇ.

خىزمەتكە چىققىلى سەككىز يىل بولغاندا، تەپەككۇرۇمنى بىلىمسەم، مۇهىت ئالماشتۇرمىسام، ئاشۇ بۇرۇقتۇرمىلىقتا تۇرۇۋەرسەم، نېرۋام چېگىقىلىپ كاردىن چىقىدىغاندەك هېس قىلدىم. سىزگە ئوخشاش چەت ئەلگە چىقالمىساممۇ، روهىي ۋە جىسمانىي هاردۇقتىن كەلگەن بۇرۇقتۇرمىلۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، 2000-يىلى كۈزدە شىنجاڭ ماڭارىپ ئىنستىتۇتىغا ئىككى يىللىق بىلىم تولۇقلاشقا باردىم. بۇ ئارزۇيۇم بەش-ئالتە يىلچە نەچچەيلەننىڭ قوشۇلماسلىقى تۈپەيلى كېچىكتى. ئۆگىنىش جەريانى ماڭا مەنىلىك تۇيۇلۇشى كېرەك ئىدى. بىراق، يېڭى مۇهىت تەپەككۇرگە نىسبەتەن يىگىچە كاتالىزاتور ئىكەن. ئادەملىرىمىزنىڭ مىللىي ئۆزلۈكتىن چەتنەپ، زەيپانلىشىۋاتقان مەنىۋى هاياتى، قىزلىرىمىزنىڭ بارغانسېرى مىللىي ئەخلاقتىن يىراقلاپ كېتىشى، كاتتا سوداسارايلىرى ئالدىدا كاۋاپچىلىق قىلىۋاتقان، ناغرا-سۇناي چېلىپ خېرىدار چاقىرىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇرلار نېرۋامنى تېخىمۇ قوچۇپ، تۈمەنلىگەن سوئالغا كۆمۈۋەتتى. خىزمەت هاردۇقىدىن قۇتۇلغان بولساممۇ، تەگسىز خىيالنىڭ ئازابى قىينايتتى. ئۈرۈمچىنىڭ 2000كىلومېتىر نېرىسىدىكى سەهرادىن كەلگەن بىر ساددا مۇئەللىمنى زامانىۋىلىقنىڭ سېتىرېئولۇق سەهنىسىدە ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى خاسلىقىنى تولۇق يوقىتايلا دەپ قالغان يېتىم كۆرۈنۈشلەر يىگىمدىن يېڭى گادىرماچ خىياللارغا غەرق قىلدى. مەن ئىككى يىلنى ئەنە شۇنداق تەگسىز خىيال، قايمۇقۇش، گادىرماچ سوئاللىرىمغا جاۋاب ئىزدەش بىلەن ئۆتكۈزدۈم. چۈشىنىشنى ئۆزۈمگە قەرز دەپ قارىغان ماڭارىپ مەسىلىسى ئۈچۈن يېتەرلىك ماتېرىيال يىغدىم ۋە ئۆگەندىم. 2002-يىلى ئىيۇننىڭ ئاخىرىدا «گۈلساي»قەبرىستانلىقىغا بېرىپ، مىللەت سەركىلىرى بولغان مەرهۇم ئۇستاز ئەپەندىلىرىمىزنىڭ روهى بىلەن خوشلاشتىم. 22-ئىيۇن بولسا كېرەك، سىزنىڭ ئىنستىتۇت زالىدا بەرگەن سالاهىيەت مەسىلىسى هەققىدىكى نۇتقىڭىزنى ئاڭلىدۇق، خاتىرە سۈرەتلەرگە چۈشتۇق. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۆيىڭىزگە تېلېفون قىلسام، «ئىچكىرىگە كىرىپ كەتكەن»لىكىڭىز ئايان بولدى. مەن چەت ئەللەر زىيارىتىگە، چەت ئەللەردە ئوقۇشقا قىزىقىدىغان، ئەمما،

بۇ خىل پۇرسەتكە ئېرىشىش تەس بولغان ھەۋەسكار مىسالى سىزدىن سۆيۈنىدۇم. ئەينى ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدىن قايتقاندىكى تەسىراتىم بەكمۇ مۇرەككەپ ئىدى. ئادەمنى تولىمۇ زورۇقتۇرۇۋېتىدىغان بىر مۇھىتقا كېتىۋاتاتتىم. كىمگىدۇر دېمەكچى بولغان، ئەمما دېگۈدەك پۇرسەت تاپالماي ئىچىمگە يۇتۇۋەتكەن يىغانلىرىم ئۆرلەپ تۇراتتى.

يۇرتىمىزدا چەت ئەللەرگە چىققانلار ئىنتايىن كەم. ئۇلار ئاساسەن ھەج قىلىپ كەلگەنلەر بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئاڭلىسام، ساياھەت كوپىراتىپلىرىدا ئىشلەيدىغانلار باشقا دۆلەتلەرگە ئۇ مەھەللىدىن بۇ مەھەللىگە چىققاندەك ئەركىن چىقارمىش. بىراق، ئازكەم توققۇز مىليونچە ئۇيغۇر ئۈچۈن بۇنداق كىشىلەرنىڭ سانى قانچىلىك؟ شۇڭىمۇ، چەت ئەللەرگە چىققان قەلەمكەشلەرنىڭ يازمىلىرى ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن ئەتىۋارلىق «سوۋغات» سانىلىدۇ. مەن ئوقۇشتىن قايتىپ كېلىپ، شەنبە- يەكشەنبە، ھېيت- بايرام، تەتىللەرنى تۈگىمەس يىغىن- ئۆگىنىشلەرگە قۇربان قىلىشقا، بىردەكلىك - قېلىپبازلىققا ماسلىشالماي، ئىلمىي ئىزدىنىش ھاردۇقىدا ئېزىلىپ، ئەنە شۇنداق سوۋغات ئارقىلىق روھىمنى كۆتۈرەي دېگەندە، ئالاھەزەل 2005 - يىلى مايغا كەلگەندە «ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا» ناملىق ساياھەتنامىڭىز بىلەن يۈز كۆرۈشتۈم.

ياپونىيىدە تۇرغان ۋاقتىڭىزنىڭ بىرقەدەر كۆپلىكى، تۇرۇۋاتقان ئورنىڭىزنىڭ بىر ئالىي بىلىم يۇرتى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، زامان تەرەققىياتى بىلەن ماس قەدەمدە تەپەككۇر كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقىغا ئىگە بولۇشىڭىز سەۋەبىدىن، ئوقۇرمەنلەر ياپونىيىدىكى ساياھەتنامىڭىزگە تېخىمۇ بەكرەك قىزىقىدىغاندىمىز. كىتابىڭىز ياپونىيىنى كۆز ئالدىمىزغا يايدى. كىتابىڭىزدا ياپونىيە جەمئىيىتىدىن ئىبارەت بىر زامانىۋى جەمئىيەت مودېلىنى يىپ ئۇچى قىلىپ، تەرەققىي تاپقان دۇنيانى قەلەم سەھنىسىگە ئېپچىقىپسىز. ئەسىرىڭىزدە ياپونىيە جەمئىيىتىدىكى ئاممىۋى مۇلازىمەت، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت، سىياسەت ۋە ھەزارەت، مائارىپ ۋە ئىقتىساد، باشقۇرۇش ۋە دېموكراتىيە... قاتارلىق تەرەپلەر دىققىتىڭىزدىن چەتتە قالماپتۇ. سىز بىرەر ھۆكۈمەت تارمىقىدىن ئەھۋال ئىگىلەپ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان سانلىق مەلۇماتلارنى مىسال قىلمىسىڭىزمۇ، تەپسىلاتلارنىڭ ئەينەنلىكى، تەپەككۇردىكى ئىزچىللىق، ئىپادىلەشتىكى ماھىرلىق سەۋەبىدىنمۇ، ئىلگىرىكى ئەسەرلىرىڭىزدىن بىخەۋەر ئوقۇرمەن ئەسىرىڭىزنى ئېسىل يېزىلغان رومانىدەك ھېس قىلىپ قالىدىكەن. ياپونىيە مائارىپىنى ئەتراپلىق تەكشۈرمىگەن بولسىڭىزمۇ، ئۆزىڭىز ۋە جەملە خانىمنىڭ ئوقۇش جەريانىدىكى تەسىراتى بويىچە ياپونىيە ئالىي مەكتەپلىرى ھەققىدە كونكرېت توختىلىپسىز. سىڭلىمىز بۇلبۇلناز، ئىنىمىز بابۇرجانلارنىڭ قىسقىغىنا ئوقۇش ھاياتى سىزگە ياپونىيىنىڭ يەسلى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى ھەققىدە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى تەقدىم قىپتۇ (يېقىنراق بولسا، بۇلبۇلناز بىلەن بابۇرجانلارنى زىيارەت قىلغۇم بار ئىدى).

بۇ كىتاب مەندەك بىر ئوقۇرمەننىڭ نۇرغۇن سوئالىغا جاۋاب بەرسە، نۇرغۇن جاۋابىغا سوئال قويىدى. بەزى تەپسىلاتلاردىن ئىختىيارسىز دىمىقىم ئېچىشىپ، كۆزۈمگە ياش كەلدى. ئەزەلدىن كىتاب ئوقۇشقا قىزىقىپ كەتمەيدىغان ئايالىمۇ تەسىراتلىرىمنى ئاڭلاپ، ئۇمۇ تېزلا ئوقۇپ چىقتى ۋە «مەنمۇ ياپونىيىگە بېرىپ كەلگەندەك بوپقالدىم. بىراق، ئابدۇقادىر مۇئەللىم ياپون ئاياللىرىنى شۇنچە مۇھەببەت بىلەن يېزىپتۇيۇ، ئۇيغۇر ئاياللىرىغا تازا سوغۇق مۇئامىلە قىلغاندەك تۇرىدۇ» دېدى.

ئادەم ئوخشىمىغاندىكىن ئوخشاش مۇھىتتىكى تەسىراتىمۇ ئەلۋەتتە ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىتابتا بايان قىلىنغان بارلىق تېما ئۈستىدە سۆز ئېچىشمۇ ئارتۇقچە. شۇڭا، ساياھەتنامىنى باھالاپ ئولتۇرۇش، تەپسىلاتلارنى قايتىلاشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك. ئەمما، «موزدوز ئاياغقا قارايدۇ، توماقچى باشقا» دېگەندەك، مېنى مىللىي كىملىك ۋە مائارىپ مەسىلىسى بەكرەك جەلپ قىلدى. چۈنكى، نۆۋەتتە ھەرقانداق بىر ئىشقا ماركا - ئوبراز كېرەك بولۇۋاتىدۇ. خەلقئارادىكى ھەرقانداق بىر دۆلەت، مىللەت ۋە گۇرۇھلار ئۆزىگە لايىق سىمۋول، تەسىر كۈچ، نوپۇز، نام ئىزدەۋاتىدۇ. بىزمۇ ماس ھالدا مىللىي سالاھىيەت مەسىلىسىگە دۇچ كېلىۋاتىمىز. باشقىلار ئۆز سالاھىيەتلىرىنى كۆز-كۆز قىلىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، بىز ئۇ ئەڭگۈشتەردىن ئايرىلىپ قالغىلىۋاتىمىز. بۇ بىزنى ئويلاندۇرۇشلا ئەمەس، مەسىلىنىڭ يىلتىزىنى تېپىشقا، مىللىي سالاھىيەتنى تۇرغۇزۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. مائارىپ مەسىلىسى دۇنياۋى مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ئۇ بىزنىڭ مىللىي كىملىك تۇرغۇزۇشىمىزغا، نۆۋەتتىكى تەرەققىيات قەدىمىگە ماسلىشىشىمىزغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. مەن مۇشۇ ئىككى خۇسۇستا سىزگە سالام يازغاچ، ئويلىغانلىرىمنى دېگۈم كەلدى. ئالىي مائارىپ ھەققىدىكى ئەھۋاللارنى يەنە تەكرارلاپ ئولتۇرمىدىم. يەسلى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپ مەسىلىسى ھەققىدىكى تەسىراتىمنى يوشۇرۇپ قويغۇم كەلمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۆز قاراشلىرىمنى پاكىتلىق شەرھلىدىم. خېتىم بەكمۇ ئۇزىراپ كەتكەنلىكى ئېنىق، قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى ئېپقويىدىغان بولدۇم. يازمام دىتىڭىزغا ياقماي قالسا كەچۈرەرسىز.

## 1. ئۇيغۇرلارنى قانچىلىك ئادەم تونۇيدۇ؟

ئانام رەھمەتلىك ساۋاتسىز بولسىمۇ تېتىك، ماقال-تەمسىل ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەشكە ئۇستا ئايال ئىدى. ئۇ: «نامى چىقمىغان پادىشاھتىن نامى چىققان قەلەندەر ياخشى» دەيتتى. ئۇدۇل مەنىسى بويىچە قارىساق، بۇ ئىبارە تازا ئىلمىي ئەمەستەك تۇيغۇ بېرىدۇ. چۈنكى، بىز نام چىقارغان قەلەندەرنى ھەرگىزمۇ نام چىقارمىغان پادىشاھتىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويمايمىز. بىراق، نام شۇ شەخسنىڭ، شۇ قوۋمنىڭ باشقىلارغا بولغان چوڭقۇر تەسىرىدىن شەكىللىنىدۇ. ئۇ شۇ شەخس ۋە قوۋمنىڭ باشقىلار قەلبىدىكى ئوبراز ۋۇجۇدىكى. نامىڭ بولسا ئىناۋىتىڭ بولىدۇ. خۇشلۇقۇڭغا، قىيىنچىلىقىڭغا ھەمدەم بولىدىغان دوستۇڭ كۆپ بولىدۇ. ئەلۋەتتە دۈشمەنلىرىڭمۇ كۆپىيىشى مۇمكىن. بىراق، يەنىلا نامىڭ بولمىغاندىن كۆپ ياخشى. نامىڭ بولمىسا «يېتىم بۇلۇڭدا، تېرىق تۇلۇمدا» دېگەندەك ئىش بولىدۇ. بۇ بەلكىم خەلقىمىزنىڭ نام چىقىرىشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان ئاقىلانە چۈشەنچىسى بولسا كېرەك. شۇڭا، ئەجدادلىرىمىز نام چىقارغان قەلەندەرنى نام چىقارمىغان پادىشاھتىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويغان، دەپ ئەيىبلەشكە ھەققىمىز يوق.

خوش، ئۇنداقتا، ئۇيغۇر دېگەن بۇ مىللەتنىڭ نامى بارمۇ؟ ئۇنى باشقىلار قانچىلىك بىلىدۇ؟ دۇنيا خەلقىچۇ؟

بۇ، ساياھەتنامىڭىزدىكى مېنى ئېغىر خىيالغا بەند قىلغان بىرىنچى مەسىلىدۇر. سىزنىڭ بەرگەن جاۋابىڭىزچە تونۇمايدۇ. ئۇنداقتا نېمىشقا تونۇمايدۇ؟

تارىخىي يازمىلار ئۇيغۇرلارنى تارىختا دۇنيا خەلقىنىڭ تونۇيدىغانلىقىنى، تونۇغانلا ئەمەس، ھەتتا چوڭ بىلىدىغانلىقىنى، كېيىنچە تونۇمايدىغان بوپقالغانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن تونۇمايدىغانلىقىنى يەكۈنلەپ ئۈلگۈرگەندى! مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ تۇنجى ئانا تىنى، مەدەنىيەت ئوچىقى بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئاشۇ كەڭ زېمىندا ياشاپ، ئاۋۇپ، شانلىق مەدەنىيەت ياراتقان ھەقلىق ئىگىلەر ئىدى! بۇ زېمىندا ئىنسان شەكىلسىز مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بەلگىسى بولمىش يېزىق، مائارىپ ئەڭ بۇرۇن

قالدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا باشلانغان كامالىزم ئۇلارنى تۈركىي گېنىدىن ياتلاشتۇرۇۋەتتى. ھازىر ئۇلار ھەزارەتتە يا ياۋروپالىق (خىرىستىئان)غا، يا ئاسىيالىق (مۇسۇلمان)غا ئوخشىمايدىغان خۇنسە تىپ بوپقالدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا تالاي يىل ھاكىمىيەت سۈرگەن تۈركىي قوۋملار نەچچە چېگرا سىزىقىغا بۆلۈنۈپ، بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلىدىغان بوپقالدى. بىز بولساق، روھىمىز تەكلىماكانغا دۈملىنىپ ياشاپ، دۇنيا تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپتىمىز. بۇلار تارىخنىڭ بۇ مەدەنىيەت ياراتقۇچىلىرىغا قىلغان رەھىمسىز چاقچىقىمۇ ياكى ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ بىخۇدلۇقلىرى بەدىلىگە كەلگەن مەڭگۈلۈك قىسمەتمۇ؟ ۋەياكى تارىخىي مۇۋەپپەقىيەت، تارىخىي ئۈستۈنلۈكنىڭ ھېچقانداق بىر قوۋمغا مەڭگۈلۈك باقىمەندە ئەمەسلىكىنىڭ بېشارىتىمۇ؟

قىرغىز دېسە نەچچە مىليون قىرغىز چارۋىچى ئەمەس، بىرىنچى بولۇپ يادىمىغا دۇنياۋى شۆھرەتلىك قىرغىز يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوف ئەپەندى كېلىدۇ. كۆڭلۈمدە يەنە شېكىسپىر ئەنگلىيىگە، مۇپاسان فىرانسىيىگە، تولستوي روسىيىگە، ئوخارا ياپونىيىگە، سېرۋانتىس ئىسپانىيىگە، ئېينىشتېين، فرېئود، ماكس ۋېبېرلار يەھۇدىيلارغا تەڭ. ھەركىمنىڭ ئۆز قىزىقىشى ۋە ئۆگەنگەن كەسپى بويىچە مىللەتلەرنىڭ يادىدا قالىدىغان ئېلېمېنتلىرىمۇ ئوخشىماسلىقى مۇمكىن. بىراۋ موڭغۇللارنى كۆرۈپ باقمىسىمۇ، موڭغۇل دېسە چىڭگىزخان يادىغا كېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، بۇ تولىمۇ بىر تەرەپلىمە قاراشتۇر. بىراق، مېنىڭ خىيالىمدا شۇ دۆلەت ، شۇ مىللەت بىلەن ئۇلارنىڭ داڭلىق شەخسلىرى زەنجىرسىمان تەسىرات پەيدا قىلغان. مىللەتلەر ئۆزلىرىنى سىياسىي، ئىقتىساد، ئىلىم ـ پەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت قاتارلىق ساھەلىرى بويىچە تونۇتىدىكەن. بىز ئالدىنقى ئىككى تۈردە تەبئىيلا يوق. بىزدە ئوغۇزخاننىڭ قايتا تۇغۇلۇشى بولغان باتۇر تەگرىقۇتلار كېيىن بارلىققا كەلمىدى. مىللىي ئىقتىسادىمىز تۇزغاق ھالىتىدە. ئىلىم ـ پەن جەھەتتە ، نۆۋەتتە ئاز بىر قىسىم ئالىمىمىز يېتىشىپ چىقىۋاتىدۇ ۋە دۆلىتىمىز شۇنداقلا چەت ئەللەردە خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. ئەمما، يۇقىرى پەن ـ تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ئاساسلىق خىزمەتلەرنى قىلىدىغان ئالىملىرىمىز نەچچە ئونغا يەتسە بولاتتى. بۇلارنىڭ سانى ھەقىقەتەنمۇ ئاز. ئۈرۈمچىدىكى چېغىمدا بىر ژۇرنالدىن كۆرۈشۈمچە، جۇڭگودىن ھەر يىلى ئۆز خىراجىتى بىلەن چەت ئەللەرگە چىقىپ ئوقۇيدىغان ماگىستىر ئاسپىرانت ، دوكتور ئاسپىرانتلار 150 مىڭدىن ئاشىدىكەن. مېنىڭچە، ئۇيغۇرلاردىن ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئوقۇيدىغانلارنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز. زېمىن چوڭلۇقى بويىچە بولسا، شىنجاڭدىن يىلىغا 25 مىڭ، نوپۇس نىسبىتى بويىچە بولغاندا ئاز كەم توققۇز مىليونچە ئۇيغۇردىن مىڭدىن ئارتۇق خادىم مۇشۇ سان ئىچىگە كىرىشى كېرەك. ئەمما، ئۇيغۇرلاردىن يىلىغا ئۆز خىراجىتى بىلەن چىقىدىغانلار 50 كە يەتمەسلىكى مۇمكىن. سىزمۇ دەل مۇشۇنداق «قولى قىسقىلىق»سەۋەبىدىن ئوقۇيالماي قايتىپ كەپسىز. مەيلى ھۆكۈمەت پىلانى بويىچە بولسۇن، مەيلى ئۆز خىراجىتى بىلەن بولسۇن ، ماگىستىر ئاسپىرانت، دوكتور ئاسپىرانتلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلسە، نازۇك ئورۇنلاردا خىزمەت قىلالايدۇ. بىزدە مۇھىم ـ نازۇك ئورۇنلاردا خىزمەت قىلىۋاتقانلار قانچىلىك؟بۇ، ماھىيەتتە بىزنىڭ ئەتراپىمىزدىكىلەرگە ، دۇنيا ئەھلىگە ئۆزىمىزنى تونۇتۇش ئىقتىدارىمىزنىڭ ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى ئەمەسمۇ؟

ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە ھەرھالدا ئۆزىمىزنى گوللاپ كېلىۋاتىمىز. ئۆزىمىزنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت مىللىتى دېيىشكە شۇنچە ئامراق. ئەمما، ئىقتىسادىي تايانچىسىزلىق بۇ ئارتۇقچىلىقىمىزنىمۇ ئېسەنگىرىتىپ قويىۋاتىدۇ. بىزدىن نەچچە پارچە رومان، پوۋېست، ھېكايە دۇنيادىكى چوڭ تىللارغا تەرجىمە قىلىنىدى؟ ئايتماتوفقا ئوخشاش ئەسەرلىرى دۇنياۋى تىللارغا ئەڭ كۆپ تەرجىمە قىلىنغان يازغۇچىلىرىمىز بارمۇ؟ ئۇيغۇرچە ئەسەرلەرنى تاللاپ دۇنياغا تونۇشتۇرىدىغان كىتاب چىقتىمۇ؟ نېمىشقا ئۇيغۇرنى دۇنيا ئەھلىگە تونۇشتۇرىدىغان كىتاب بولمايدۇ؟ مۇزىكا سەنئىتىمىزنى كۆككە كۆتۈرىدىغان، «يانىي ئوركېستىرى»غا بەس كەلگۈدەك ئوركېستىرلىرىمىز بارمۇ؟ تەرەققىيات بار. بىراق، نىشاندىن تېخى يىراقتا.

چەت ئەللىك نۇرغۇن تەتقىقاتچى يۇرتىمىزنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى بۇلاپ كېتىپ تەتقىق قىلدى. بۇ تەتقىقاتلار ئۇلارنىڭ نامىنى خەلقئاراغا تونۇتتى. ئۇلارغا كاتتا ئۇنۋان ئاتا قىلدى. ئەمما، ئۇيغۇرنى تۈزۈك تونۇتالمىدى. بۇ نۇقتىدىن مۇنداق ئىككى مەسىلىنى چۈشىنىش مۇمكىن. بىرى، دۇنيا مىللەتلىرى باشقىلارنى ئۆتمۈشى ئارقىلىق ئەمەس، بۈگۈنى ئارقىلىق تونۇيدۇ: سىياسىي، ئىقتىساد، پەن ـ تېخنىكا، سەنئەت قاتارلىق شەرتلەر بولمىسا تونۇشتىن ئېغىز ئېچىش تەس بولىدۇ: يەنە بىرى، مىللەتنى تونۇتىدىغانغا چوقۇم ئۆز سەركىلىرى بولۇشى كېرەك!

مىللەتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تونۇشى ئۆزىنى باشقىلارغا تونۇتۇشتىنمۇ مۇھىم بولۇشى كېرەك. تارىخىمىزدا بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن زىيالىيلىرىمىز مىللەتنى ئۆزىگە تونۇتۇشقا ئالدىن كۆچىگەن. بۇ خىل روھ ھازىرمۇ داۋاملىشىۋاتىدۇ. سىزمۇ دەل مۇشۇ يولنى تۇتقانلارنىڭ بىرى. يامان بولغىنى، بىزنى تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغىنى، مىللەتنى ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا تونۇتىدىغان ئەدىبلىرىمىزگە بولغان سوغۇق مۇئامىلىدۇر. ئانامنىڭ ھېكايە قىلىپ بېرىشىچە: ئاللا چىراي بىلەن ئەقىلنى تەقسىملىمەكچى بولۇپ، بىرىنچى كۈنى«بۈگۈن كىم ئورنىدىن بالدۇر تۇرغان بولسا، شۇنىڭغا چىرايىنى بېرىمەن»دەپ جىبرىئىلنى ئەۋەتىپتۇ. جىبرىئىل پۈتكۈل ئالەمنى تەكشۈرۈپ ھەممىدىن بۇرۇن بىر مۇسۇلماننىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ مەسچىتكە ماڭغانلىقىنى خەۋەر قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، چىراي مۇسۇلماننىڭ بوپتۇ. ئىككىنچى كۈنى «بۈگۈن كىم بالدۇر تۇرغان بولسا، شۇنىڭغا ئەقىلنى بېرىمەن» دەپ يەنە جىبرىئىلنى بۇيرۇپتۇ. جىبرىئىل بۇ كۈنى ئالەمنى شۇنچە ئارىلاپمۇ بىرەر مۇسۇلماننىڭ ئورنىدىن تۇرمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىپتۇ. بىر شەھەر كوچىسىغا كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، بىر ناسارا ئەتىگەندىلا موزدۇزلۇق دۇكىنىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغان ... ئاللا ئۆز ۋەدىسىگە ئاساسەن ئەقىلنى ناساراغا بېرىپتۇ. بۇ ھېكايە ئەرەبلەرنىڭ چىرايلىق،يەھۇدىيلارنىڭ ئەقىللىقلىقىغا قاراپ توقۇلغان بولۇشى مۇمكىن. مەن« بالدۇر ئويغىنىش»دېگەن بۇ سۆز بىلەن «بالدۇر بىلىش»دېگەن سۆزنىڭ ئۆزئارا مەنىداشلىقى شۇنىڭدىن كەلگەن بولسا كېرەك دەيمەن. ھېكايىنى ئۆزىمىزگە تەتبىقلاپ كۆرسەك، تارىختا ياشىغان ئەزىمەتلىرىمىز ئەسلىدە شۇ دەۋرگە نىسبەتەن چىراي تەقسىملەنگەن كۈنى ئەمەس، ئەقىل، ۋىجدان، غۇرۇر تەقسىملەنگەن سەھەردە «بالدۇر ئويغانغان ئادەم»ئىكەن. ئۇلار تارىخ تەرىپىدىن ئىزچىل ئۆگەيلىنىپ كەپتۇ. چۈشەنگەن ئادەمگە بىزنىڭ يېقىنقى بەش يۈز يىللىق زىيالىيلار تارىخىمىز قان بىلەن يېزىلغان تارىخ ئىكەن! ئۇلۇغبەگ پاجىئەسى مەركىزىي ئاسىيا كەنجى ئويغىنىشىنى ھالاكەتكە مەھكۇم قىلدى. بۇنداق ئەھۋال سەئىدىيە خانلىقىدىمۇ يۈز بەردى.20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەينى دەۋرىمىز ئۈچۈن دانكو بولالايدىغان ئابدۇقادىر داموللا، مەمتىلى ئەپەندى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي قاتارلىق ئۇلۇغلىرىمىز ئوخشىشىپ كېتىدىغان نىيەت ـ سەۋەبلەر بىلەن كېتىپ قالدى. ئۇلارنىڭ پۈتكۈل مىللەتكە نۇر

بېشغشلىغۇچى ئەزىز باشلىرى تېنىدىن جۇدا قىلىندى. ئون يىل داۋاملاشقان بالايىئاپەتلىك — لەنىتى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە جېمى بىلىم ئەھلى — سەللىلىك-شەپكىلىك زىيالىيلىرىمىزنىڭ مۇدھىش قىسمەتتە خارلانغانلىقىنى سۆزلەشكە تىل، يېزىشقا قەلەم ئاجىزلىق قىلىدۇ (مەسئۇل مۇھەررىردىن) . ئاددىيسى، شۇ قارا يىللاردا ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندىگە زىيانكەشلىك قىلمىغان بولساق، بىز ئۈچۈن يەنە نۇرغۇن قىممەتلىك ئەسەر يېزىپ بەرگەن، ئۇزۇنراق ياشاپ ئۆز ئەمگىكىنىڭ مەنىۋى لەززىتىدىن بەھرىلەنگەن، ھېچبولمىغاندا «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»دېگەن مەشھۇر ئەسىرىنىڭ ئاخىرقى جۇملىسىنى تولۇق چۈشۈرۈۋالغان بولاتتى! زۇنۇن قادىرى، زوردۇن سابىر ئاكىلىرىمىز ئەسلىدە كاتتا پسىخولوگ، ئىنسانشۇناس، تىل ئۇستازلىرى ئىكەندۇق. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغانسېرى ئوقۇغۇسى كېلىدۇ كىشىنىڭ. بىراق، ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئالدىمىزدا قانچىلىك قەدىرلەنگىنى ھەممىمىزگە ئايان — «ئىشتانغا چىققان كۆگۈلگە تايىن». بۇ نومۇسلۇق قارا يىللارغۇ ئۆتۈپ كەتتى. ھازىرمۇ ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىمىزنى بىلىش مەسىلىسى تاھازىرغىچە ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئېقىمغا ئايلىنالمىدى! مائارىپىمىز ئۇزاقتىن بۇيان كونا بىلىمنى ئۆگىتىپ قويۇش مائارىپى بولدى. ئۆزىنى تونۇمىغان مىللەت ئۆزىنى ئۆزگىلەرگە قانداق تونۇتۇشنى نەدىن بىلسۇن؟ ھازىر خۇددى سىز كۆپ قېتىم كۆرسەتكەندەك، تاشقى مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىۋېرىپ، ئۆز مەدەنىيىتىمىزنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيلا قېلىۋاتىمىز. ئەسلىدە دىنىمىز ئەخلاقىنى مۇجەسسەملەشتۈرىدىغان، مۇقەددەسلەشتۈرىدىغان، ئادەمنى ئالىيجانابلىق، كوللېكتىپزىملىق روھىغا ئىگە قىلىدىغان مەنىۋى تۈۋرۈك - روھ ئىدى. ئەنگلىيىلىك مەشھۇر مۇتەپەككۇر، ماتېماتىك، پېداگوگ ۋايتخېد (Whitehead 1861—1947) : «مائارىپتا زېھنىي ئىقتىدارنى يېتىلدۇرۇشكە ئېتىبار بەرمىگەن مىللەت كەلگۈسىدە مۇقەررەر شاللىنىپ كېتىدۇ»دەيدۇ ۋە سۆزىگە ئۇلاپلا: «ئىنسانلار مەدەنىيەت تارىخىغا قەدەم قويغاندىن بۇيانقى ئومۇمىي ئېتىقادىدىكى مائارىپ غايىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ چىقارغان يەكۈنىمىز شۇكى، مائارىپنىڭ ماھىيىتى دىنىيلىكىنى ئۇلۇغلىغانلىقىدا. بىز بۇنىڭدىن بەكمۇ مىننەتدارلىق ھېس قىلىمىز»[6] دەيدۇ.

ئەجدادلىرىمىز دىنلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ روھىنى تاۋلىغان، بىرلىك ھاسىل قىلغانىدى. بىز ئۇنىڭدىن بىراقلا تېنىپ كەتمەكچى بولدۇق. نەتىجىدە روھىمىز قۇرۇقدىلىپ، ئەخلاقىمىز بارغانسېرى چۈشكۈنلۈككە يۈز تۇتتى. ماددىي مەدەنىيەت، ئەدەبىيات، سەھنە سەنئىتى، نەپىس سەنئەت قاتارلىقلاردا ئەنئەنىمىزدىن پەخىرلىنىپ كېلىۋاتىمىز. ئاشۇ ئەنئەنە بىزگە قان ھەم جان بولۇۋاتىدۇيۇ، مەنىۋى — شەكىلسىز مەدەنىيەتتىكى ئەنئەنىمىز بارغانسېرى كۆزىمىزگە سەت كۆرۈنىدىغان بوپكەتتى!

كومپوزىتور، مۇزىكا تەتقىقاتچىسى ياسىن مۇخپۇل ئاكا مەن بىلەن بىللە بولغان بىر سۆھبەتتە مۇنداق بىر لەتىپە دېگەنىدى:

بىر كۈنى نەسىردىن ئەپەندى پادىشاھقا بىلىم سوۋغا قىپتۇ. شۇم نىيەتلىك ۋەزىر ئەپەندىنى مات قىلىش ئۈچۈن پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپتۇ. پادىشاھ مىننەتدارلىق بىلەن ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، سىزنىڭ بۇ بىلىمىڭىز ئەركەكمۇ، چىشىمۇ؟

نەسىردىن ئەپەندى ئەركەك ياكى چىشى دېسە چوقۇم بىلىمنى تەكشۈرۈپ، ئىسپاتلاپ بېرىشى كېرەك بولىدىكەن. شۇڭا ئۇ ئىككىلەنمەيلا:

— بۇ، خۇنسا بىلىم ئىدى، ئالىيلىرى، - دەپتۇ.

تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئەھۋالى ھەققىدە ئەتراپلىق تەتقىقات ئېلىپ بارغان تارىخ مۇتەخەسسىسى، روسىيىلىك ئولېگ درېيېر(Oleg. K. Dreier) 1970-يىللارنىڭ ئاخىرىدا: «زامانىۋىلىشىش بىلەن مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىش قارىمۇقارشى ئەمەس، بەلكى، مىللىي مەدەنىيەتنى ئاسراش تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇستەقىل كۆرەش قىلىشىدىكى مۇھىم تەركىب. بىراق، زامانىۋىلىشىش ئەنئەنىۋى تۇرمۇش شەكلىگە نىسبەتەن يۇقىرى كىرىم قوغلىشىش، تېجەشچانلىقنىڭ سۇسلىشىشى، شەھەر تۇرمۇشىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىق غەربلىشىشنى ئەكېلىدۇ. ئەگەر جەمئىيەت بۇنداق تۇرمۇش شەكلىنى ئۇڭۇشلۇق ھەزىم قىلالمىسا، بەزى تەركىبلەر پارتلاش خاراكتېرلىك كېڭىيىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ»[7] دېگەنىدى. ھازىر بىزدە ھەزارەتتىكى سەلبىي تەركىبلەرنىڭ پارتلىشى يېڭى ئۇچۇر ئەمەس. بۇ نۇقتىغا كىملەر دىققەت قىلىدىكىن؟ بىز ھازىر خۇنسالاشقان بىر ھەزارەت تىپى يارىتىۋاتىمىز. قازاق مۇتەپەككۇرى، شائىرى مۇختار شاخانوف بىر شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

«ئەجدادىڭنى بىلمەسلىك ئىللىتىنى تاشلىما!
ھەر كىشىدە ئۆز ئاتىسىدىن ھەم باشقا
يۈرەك بولۇپ يۈرىدىغان ئارقىدىن —
بولۇش كېرەك كۈچ-قۇدرەتلىك يۇرت ئاتا.
تۇغۇلغان يەر-تۇپراق قوزۇقى، بايرىقى،
ئانا تىلى — سېخىلىقى زور بىلىقى،
ئىشەنچ ۋە تۆرپ-ئادەت تېرىكى،
قېرىندىش دەم كۈچ بېرەر مادارى.
يەنە ئانا تارىخى،
ئۆلمەك تىرىك، دەرد-ھەسرەتلىك بولسىمۇ.
كۆيلىرىدە يۇرت ئاتىغا زەررە سۆيگۈ قالمىغان
بەندىلەرنىڭ بېشى قايدا قالمىغان؟!
يۇرت ئاتىسىن قوغدىمىغان ئەللەرنىڭ
ھېچقاچاندا قۇت يۇلتۇزى يانمىغان!
خەلىپىتىلىك بۇ يۇرت ئاتا — ئەجدادىڭنىڭ تىنىقى،
يۇرت ئاتىچۇن بولغان كۆرەش — كۆرەشلەرنىڭ ئۇلۇغى»[8].

سىزنىڭ ساياھەتنامىڭىزنى ئوقۇپ ماڭا بۇ خۇسۇستا تېخىمۇ بەكرەك تەسىر قىلغىنى، ئۇيغۇرلارنى ئىچكىرىدىكى زىيالىيلارنىڭمۇ ئاساسەن تونۇماسلىقى بولدى. سىز «سەپەر ۋە ھاسىلات» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 1995-يىل 5-، 6-(قوشما)سان، «ئابدۇقادىر جالالىدىن ماقالىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىل نەشرى)دېگەن بەدىئىي مۇھاكىمىڭىزدە مۇشۇ ھەقتە قىسقا ئۇچۇر بەرگەنىدىڭىز. ئۇ چاغلاردا مەن تازا دىققەت قىلمىغانىكەنمەن. توغرا، ئۇيغۇر دېگەن ئىسمنى دۇنيا خەلقىغۇ تونۇمىسۇن، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خەنزۇ زىيالىيلىرى نېمىشقا تونۇپ كەتمەيدۇ؟ بۇ ئەلۋەتتە سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىدىغان تولىمۇ ئېغىر سوئال ئىدى.

بىز ئۆزىمىزنى قانداق تونۇتىمىز؟ بار ئاۋازىمىز بىلەن تارىختىكى ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ نامىنى ئاتاپ: «مەن ئۇيغۇر! ئوغۇزخاننىڭ، ئاتىللانىڭ ئەۋلادى!» دەپ ۋارقىراشنىڭ ئورنى يوق، ئەلۋەتتە.

## 2. ياپونىيە مائارىپى ۋە ئۇيغۇر مائارىپى

مېنىڭ مائارىپ تېمىسىدا ئىزدەنگىنىمگە بەش يىلچە بولدى. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مائارىپ ئەھۋالى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىم ئاشقانسېرى ياپونىيە مائارىپىغا شۇنچە قىزىقىپ قالدىم. ھەزارەت نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئۇلارنىڭ ئەنئەنىسى ياپون تۇپرىقىدا

شەكىللەنگەن كۆپ خۇدالىق دىن — شىنتو ئەقىدىسى بولۇپ، ئۇلار تا ھازىرغىچە دىنىي ئاڭنى قەدىرلەپ كېلىۋاتىدۇ. ياپونىيە يەنە سىنگاپور، چاۋشيەن، كورېيىلەرگە ئوخشاش كۇڭزى ھەزرىتىگە چوقۇنۇپ ئۆچرىغان دۆلەتنىڭ بىرى. دېمەك، ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشىنىڭ يادروسىدا كوللېكتىۋىزم تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ كوللېكتىپ ئۈچۈن ساداقەتمەن بولۇشتەك«ساموراي روھى» شىنتو ئەقىدىسى ۋە كۇڭزىچىلىق ئاساسىدا تىكلەنگەن بولۇپ، بۇ جەھەتتە جۇڭگو بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئەمما ياپونلار ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئىنتايىن ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، خالار-خالىماي ئامېرىكىچە لىبېرالىزم ئېڭىنى قوبۇل قىلغان. ئامېرىكىلىق مەشھۇر مۇتەپەككۇر، پېداگوگ جون.دېۋېي(1859_1952 John Dewey) نىڭ مائارىپ ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى ياپونىيە مائارىپىدا چوڭقۇر ئىكەن. يۇقىرىقىلاردىن قارىغاندا، ياپونىيە مائارىپىنى ئەنئەنىۋىلىك بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ ستېرېئولۇق كېسىشمىسى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ نۇقتا، مېنىڭ ياپونىيە مائارىپىغا قىزىقىشىمدىكى بىرىنچى سەۋەب. ئىككىنچى سەۋەب شۇكى، ياپونىيىنىڭ بۈگۈنكىدەك گۈللەنگەن ئىقتىسادى ھەممىمىزنى ھەيران قالدۇرىدۇ. 1996-يىلىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ئامېرىكىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 7تىرىليون 166مىليارد دوللار بولۇپ، دۇنيا ئومۇمىي ئىقتىسادىنىڭ%25.6 نى ئىگىلىگەن، كىشى بېشى كىرىمى 28548 دوللار ئەتراپىدا بولغان. ياپونىيىنىڭ 4 تىرىليون 963 مىليارد دوللار بولۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ %17.9نى ئىگىلىگەن، كىشى بېشى كىرىمى 40024دوللار بولغان. جۇڭگونىڭ ئومۇمىي كىرىمى 818مىليارد دوللار بولۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ%2.9 نى ئىگىلىگەن، كىشى بېشى كىرىمى 677دوللار بولغان. ئومۇمىي كىرىم جەھەتتىن 11-ئورۇندا تۇرغان [9]. بۇ مەلۇماتتىن بىلىش مۇمكىنكى، جۇڭگونىڭ كىشى بېشى كىرىمى ياپونىيىنىڭ 1/59 گە، ئامېرىكىنىڭ1/42گە توغرا كېلىدۇ. ئۈچىنچى سەۋەب، ياپونىيە پۇقرالىرىنىڭ ئىجادچانلىق، قول سېلىپ ئىشلەش ئىقتىدارى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، ياپونىيە كەشپىياتتا دۇنيا بويىچە بىرىنچى دۆلەت ئىكەن. 1990-يىللارنىڭ بېشىدىكى دۇنيادىكى ئون چوڭ كەشپىيات دۆلىتىنىڭ ھەربىر مىليارد نوپۇسقا توغرا كەلگەن يىللىق كەشپىيات پاتېنت ئىلتىماس سانى ياپونىيىنىڭ 2708، شۋېتسارىيىنىڭ465، گېرمانىيىنىڭ 415، شۋېتسىيىنىڭ 368، ئامېرىكىنىڭ 348، ئەنگلىيىنىڭ 336، ئاۋسترىيىنىڭ270، فرانسىيىنىڭ 224، دانىيىنىڭ 216، ئىتالىيىنىڭ 150بولغان [10]. بۇ سانلىق مەلۇماتتىن ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ مۇھىم بىر «مەخپىي رېتسېپ»ى ئايان بولىدۇ. يەنە بىر خەۋەرگە قارىغاندا، 20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن بۇيانقى جۇڭگونىڭ ھەر يىللىق ئوتتۇرىچە كەشپىيات پاتېنت ئىلتىماسى 30مىڭ ئىكەن، ھالبۇكى، ئامېرىكىنىڭ 100مىڭدىن كۆپ بولۇپ، نوپۇس نىسبىتى بويىچە سۇندۇرۇپ ھېسابلىساق، جۇڭگونىڭ 1:40000، ئامېرىكىنىڭ 1:2000 بويىچە توغرا كېلىدىكەن [11]. يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتتىن ئالدىنقىسىغا قارىساق، ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدا تەخمىنەن سەككىز ھەسسە پەرق بار. كېيىنكىسىدە بولسا، جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا 20ھەسسە پەرق بار. ئەگەر ئىككىنى بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، ياپونىيە بىلەن جۇڭگو پۇقرالىرى ئارىسىدىكى پەرق 160ھەسسىگە يەتكەن بولىدۇ. بۇنداق ھېسابلاش ئەقىلگە سىغمىسىمۇ، بۇ بەلكىم ئىككى دۆلەتنىڭ مائارىپ ئىدىيىسىدىكى پەرقنى روشەن كۆرسىتىدىغان دەلىل بولۇشى مۇمكىن.

ئۇنداقتا ياپونىيە مائارىپى قانداق مائارىپ؟ ياپونىيىدە باللار قانداق تەربىيىلىنىدۇ؟

مېنىڭ دىققىتىمگە ئەڭ ئاۋۋال چۈشكىنى ياپونىيە ئائىلىلىرىدىكى باللارنى تەربىيىلەشكە بولغان مەسئۇلىيەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۇلارغا ياراتقان شارائىتى بولدى. «ياپونىيىدە باللار يەسلىگە كىرگەن شۇ كۈندىن باشلاپ ئانىلارمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئوقۇش ھاياتىغا قەدەم قويىدۇ. ھەپتىدە بىر-ئىككى نۆۋەت يەسلى ۋە مەكتەپلەرنىڭ ھەرخىل پائالىيىتىگە قاتناشمىسا بولمايدۇ. ئۇلار ئوقۇتقۇچىغا ھەمكارلىشىپ باللارنىڭ ئائىلىدىكى ئۆگىنىشىگە ياردەم قىلىدۇ. ... باللىرى مەكتەپكە كىرگەن ئانىلار خىزمىتى بولسا خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىدۇ-دە، پۈتكۈل زېھنىنى پەرزەنت تەربىيىسىگە قارىتىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە خىزمەت قىلىپ ئېرىشكەن پايدا پەرزەنت تەربىيىسىنىڭ ئارقىسىدىكى كۆرۈنمەس پايدىغا قارىغاندا ئەرزىمەس بىر نەرسە» («ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا»، 345-بەت). مانا بۇ مائارىپنىڭ ھەقىقەتەنمۇ جەمئىيەتنىڭ مۇھىم پائالىيىتىگە ئايلانغانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر. باللارنى ياخشى تەربىيىلەشتە ئائىلە تەربىيىسىنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى مۇتەپەككۇرلار، پېداگوگلارنىڭ قىممەتلىك ئەسكەرتمىلىرى بار. گېرمانىيىلىك چوڭ كارل ۋېرتېر 1818-يىلى يازغان «كارل ۋېرتېرنىڭ تەربىيىسى»دېگەن كىتابتا بايان قىلىشىچە، نورمال باللارغا قارىغاندا ئەقلى ۋە تەن ئىقتىدارى جەھەتتىن كۆرۈنەرلىك كەمتۈك تۇغۇلغان ئوغلى كارل ۋېرتېر ئۇنىڭ كۆيۈنۈپ تەربىيىلىشى نەتىجىسىدە، سەككىز يېشىدا گېرمان، فرانسۇز، ئىتالىيان، لاتىن، ئىنگلىز، يۇنان تىللىرىنى ئەركىن قوللىنالايدىغان بولغان. بوتانىكا، زوئولوگىيە، فىزىكا، خىمىيە قاتارلىق ئىلىملەرگە ئىچكىرىلەپ كىرگەن. ماتېماتىكىدا ئالاھىدە ئىلگىرىلىگەن. توققۇز يېشىدا ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرگەن. 14يېشىدا پەلسەپە ئىلمى دوكتورلۇقى، 16يېشىدا قانۇنشۇناسلىق دوكتورلۇقى ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ھەم بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇنشۇناسلىق پروفېسسورى بولغان. 23يېشىدا «دانتېنىڭ خاتا چۈشەنچىسى» (但丁的误解) دېگەن كىتابى ئېلان قىلىنغان. كارل ۋېرتېرنىڭ ئائىلە تەربىيىسى ئۇتۇقلىرى رىۋايەت ئەمەس. ئۇنداقتا بىزچۇ؟ ئانىلارنىڭ شۇنداق ۋاقتى بارمۇ؟ باللارنى تەربىيىلەيدىغان ساپا بارمۇ؟ باللار تەربىيىسىنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە يىراقنى كۆرىدىغان ئاتا-ئانىلار بىزدە زادى قانچىلىك؟ شۈبھىسىزكى، ئۇيغۇر باللىرىنىڭ كۆپى چىن مەنىسىدىن ئىلمىي پەرۋىشسىز قالغان باللاردۇر.

بايانىمىزغا قارىغاندا، ياپونىيىدە ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەققىي سىرداش دوستىغا ئايلانغان. مېنىڭچە، بۇ ياپونىيىنىڭ ئوبارا كۇنىيوشى (1887_1997 Obara kuniyoshi 小原国芳) ئىدىيىسىنى كېڭەيتىشى، شۇنداقلا غەربنىڭ پراگماتىزملىق مائارىپ روھىنى قوبۇل قىلغانلىقىنىڭ تەسىرى بولسا كېرەك. ياپونىيە ئۇرۇشتىن ئاۋۋال جۇڭگوغا ئوخشاشلا گېرمانىيە پېداگوگى ھېربارت (1776_1841) نەزەرىيىسىنىڭ تەسىرىگە كۈچلۈك ئۇچرىغان بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن مائارىپ تەتقىقاتى جەھەتتە مۇستەقىل يول تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ مىللىي پېداگوگىكىسىنى شەكىللەندۈرۈۋاتاتتى. ياپونىيە پېداگوگى ئوبارا (小原国芳 1887_1977) بۈگۈنكى ياپونىيە مىللىي پېداگوگىكىسىنىڭ ئاتىسىدۇر. 1947-يىلى ئۇ ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن قۇرغان تەجرىبە مەكتىپىنى باللار باغچىسى، باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپتىن تارتىپ ئالىي مەكتەپكىچە سىنىپلىرى تەل بولغان ئۇنىۋېرسال مائارىپ ئاپپاراتىغا ئايلاندۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەكتىپى كەڭ دائىرىلىك تەجرىبە بازىسى بوپقالغان. مۇكەممەل ئادەم تەربىيىسى، خاسلىقنى ھۆرمەتلەش، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش، جىسمانىي مەشغۇلات

تەربىيىسى، بىر-بىرىگە قارشى ئىككى خىل پەزىلەتنى بىرلەشتۈرۈپ يېتىلدۈرۈش، ئۈنۈملۈك تەربىيە، ئۆگىنىشكە ئاساس سېلىش تەربىيىسى، تەبىئەتنى سۆيۈش، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى دوستلۇق، باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچىلار ۋە ئىنسانىي ھاياتنىڭ ئاچقۇچلىرىنى تەربىيىلەش، ئەنئەنە تەربىيىسى، بەينەلمىنەل(ئىنتېرناتسىئونال) تەربىيىسى قاتارلىق ئون ئىككى مەزمۇن ئوخارانىڭ مائارىپ ئەقىدىسىدۇر[12]. بولۇپمۇ، «مۇكەممەل ئادەم تەربىيىسى»ياپونىيە مائارىپىغا ئەڭ زور تەسىر كۆرسەتكەن ئىدىيە بولۇپ، ئوخارانىڭ قارىشىچە، بىلىمنىڭ غايىسى ھەقىقەت، ئەخلاقنىڭ غايىسى ئاق كۆڭۈللۈك، سەنئەتنىڭ غايىسى گۈزەللىك، دىنىنىڭ غايىسى مۇقەددەسلىك، تەننىڭ غايىسى ساغلاملىق، تۇرمۇشنىڭ غايىسى مولچىلىق بولۇپ، مائارىپ غايىسىنىڭ قىممىتى ئادەمنى بىلىم، ئەخلاق، سەنئەت، دىن، ساغلاملىق ۋە تۇرمۇش قاتارلىق ئالتە تەرەپتىن ماسلاشقان ھالەتتە تەربىيىلەش كېرەك[13]. بىز ئوخارانىڭ مائارىپ ئىدىيىسىدىن قۇسۇر تېپىشقا ئۇيىلىمىز.

ياپونىيە ھۆكۈمىتى 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، «مىجى يېڭىلىقىغا كۆچۈش»ھەرىكىتىگە ئوخشاشلا، ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھاتقا دۇچ كەلگەن. 1947-يىلىدىكى «مائارىپ نېگىزلىك قانۇنى» ۋە «مەكتەپ مائارىپى قانۇنى»نىڭ نېگىزلىك روھى رەسمىي ھالدا شەخس ۋە دېموكراتىيە بولغان. «مائارىپ نېگىزلىك قانۇنى»دا: «مائارىپ چوقۇم ئادەمنىڭ مۇكەممەللىكىنى ئىزدىشى، ھەقىقەت ۋە ئادالەتنى قىزغىن سۆيىدىغان، شەخسنىڭ قىممىتىنى ھۆرمەت قىلىدىغان، تىرىشچانلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان، مۇستەقىللىق روھىغا تويۇنغان، تەن ۋە قەلب جەھەتتىن ئورتاق ساغلام بولغان پۇقرالارنى يېتىلدۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك»[14] دەپ بەلگىلەنگەن. ئۇرۇشتىن ئاۋۋالقى پۇقراۋى مائارىپ تۈزۈمىدە ئوقۇتقۇچىغا: « 1. ئوقۇتقۇچى دۆلەت ئىرادىسىنى تارقاتقۇچى (传达者). شۇڭا دۆلەتنىڭ ئىرادىسىنى چۈرىدىشى لازىم. دۆلەت پۇقرالىرىنى تەربىيىلىشى لازىم؛ 2. ئوقۇتقۇچى زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ تونۇشتۇرغۇچىسى. شۇڭا، يېڭى مەدەنىيەتنى ئىزچىل تونۇشتۇرۇشى ۋە يەتكۈزۈشى لازىم؛ 3. ئوقۇتقۇچى ئەخلاقنى ئۈلگىلەشتۈرگۈچى. شۇڭا، تۇرمۇشتىكى زۆرۈر ئادەتلەر ۋە ئەخلاقتا يېتەكچىلىك قىلغۇچى. ئۆز ۋۇجۇدىدا بۇلارنى ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك» دېگەندەك روللار بېرىلگەن بولسا، ئۇرۇشتىن كېيىن بۇنداق قاراشلار بىكار قىلىنىپ، ئوقۇتقۇچى«ياللانما خادىم» غا ئايلىنىپ، دۆلەت تەرەپتە ئەمەس، بالىلار تەرەپتە تۇرۇشى كېرەك بولغان[15]. 1966-يىلى ئىيۇندا ياپونىيە مەركىزىي مائارىپ مۇھاكىمە يىغىنى تەييارلىغان «غايىمىزدىكى ئادەم»( 理想的人)ناملىق دوكلاتتا يېڭى مائارىپ نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، چوقۇم شەخسنىڭ ئەركىنلىكىنى ھۆرمەتلەش، خاسلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەكلىكى كۆرسىتىلگەن[16]. مائارىپتا شەخسنىڭ خاسلىقى — ئىندىۋىدۇئاللىقىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش ئۈچۈن، مائارىپ مۇھاكىمىسى بويىچە 1984-يىللىق يىغىندا: « ئوخشاشلىشىشنى بىكار قىلىش، خاسلىشىش — ئىندىۋىدۇئاللىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، مەجبۇرىيەت مائارىپىدىكى ئوخشاشلىقنى ئىسلاھ قىلىپ، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئائىلە باشلىقلىرىغا مەكتەپ تاللاش ئەركىنلىكى بېرىش»[17] قاتارلىق كونكرېت مەزمۇنلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ياپونىيە ئالىملىرى يەنە 21-ئەسىرگە يۈزلەنگەن مائارىپ نىشانىنى تەتقىق قىلىپ: 1. بالىلاردا كەڭ قورساقلىق ۋە مول ئىجادىيەت ئىقتىدارى يېتىلدۈرۈش؛ 2. بالىلاردا مۇستەقىللىق، ئۆزىنى باشقۇرۇش روھى يېتىلدۈرۈش؛ 3. خەلقئارا ئىشلاردا قابىلىيەتلىك بولغان ياپونىيە پۇقرالىرىنى تەربىيىلەش[18] دېگەن ئومۇمىي قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئابدۇۋەلى ئەلى ئەپەندىنىڭ «خوككويدودىكى كۈنلەر»دېگەن ساياھەتنامىسىدا ۋاستىلىك ئوتتۇرىغا قويۇشىچە، ھازىر ياپونىيە مائارىپىدا ئوقۇغۇچىلارنى ھەر تەرەپلىمە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ، ئۇلارنىڭ سىنىپتا ئەركىن مۇلاھىزە ۋە بەھس-مۇنازىرىگە، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ نۇقتىئىنەزىرىگە قوشۇلمىغاندا، ھەتتا ئۇدۇلدىن رەددىيە بېرىشكىمۇ يول قويۇلىدۇ. ئوقۇتقۇچى سىنىپتا مەلۇم بىر دەرسنى ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلەشتىن ئىلگىرى بۇ دەرستىكى ئاساسىي تېمىنى مەسىلە شەكلىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەركىن مۇلاھىزە قىلىشىغا تاپشۇرىدۇ ۋە ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆزىمۇ ئاددىي بىر مۇلاھىزىچى سۈپىتىدە ئوقۇغۇچىلار بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ، بۇ مەسىلە ئۈستىدىكى بەھس-مۇنازىرىگە قاتنىشىدۇ. ھەربىر ئوقۇغۇچى ئۆزىنىڭ ياكى ئۆزى توغرا تاپقان ئوقۇغۇچىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى قۇۋۋەتلەپ، ئۆزىنىڭ بۇ مەسىلە ئۈستىدىكى ھېس قىلغانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بەھس-مۇنازىرە ئارقىلىق، سىنىپتا ئاشۇ مەسىلە ھەققىدىكى توغرا نۇقتىئىنەزەر پەيدىنپەي شەكىللىنىدۇ. ئوقۇتقۇچىمۇ بىر سائەتتە يەتمەكچى بولغان نىشانغا يېتىدۇ. بىر سائەتلىك دەرستە يەڭگۈچى-يېڭىلگۈچى بولمايدۇ[19]. بىز ئۇزاقتىن بۇيان ئوقۇغۇچىلار بىلەن باراۋەر ئورۇندا مۇئامىلە قىلىشمىدۇق. ئۇلارنىڭ كىشىلىك ئىززەتنى«ئىنتىزام»ۋۇۋىسكىسى ئاستىدا پايخان قىلدۇق. نەتىجىدە، كىچىك بالىلار، ياۋاش بالىلار ئوقۇتقۇچىنىڭ دېگىنىنى قىلغىنى بىلەن، چوڭ بولغانسېرى ئوقۇتقۇچىنى يامان كۆرىدىغانلار كۆپەيدى. نۆۋەتتە، بەزى مەكتەپلىرىمىزدە ھەتتا ئوقۇتقۇچىلارغا تىغ كۆتۈرىدىغان ئىشلار يۈز بەردى. بۇ، مىللىي - ئەنئەنىۋى ئەخلاق تەربىيىسىدىن چەتلەشكەن بالىلارنىڭ قەلبىدىن يىراقلاشقان شىرشىم نوپۇز-مۇتلەق بويسۇنۇشنى ئىستەيدىغان ئىززەت-ھۆرمەت غايىسىنىڭ كونكرېت نەتىجىسى بولسا كېرەك.

ياپونىيە مائارىپى بالىلارنىڭ ئەمەلىيەت ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىشىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىكەن. بىز قاچاندا تۇرمۇش بىلەن بىقىنلاشقان مائارىپ ئەندىزىسى قۇرالايمىزكىنتاڭ! يېڭى دەرسلىك ھەققىدە داۋراڭ بولغىلى خېلى ئۇزۇن بولدى. دەرس ئىدىيىسى«ئەمەلىيەت بىلەن يېقىنلاشتۇرۇش، بالىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشتۇرۇش، ئىجادچانلىقىنى يېتىلدۈرۈش»دېگەندەك چىرايلىق ئىبارىلەر بىلەن بېزەلدى. كىتابلار كېلىۋىدى، ھەممىمىزنىڭ رايى ياندى. چۈنكى، كىتابلاردىكى مەزمۇنلار ھەم قىيىن، ھەم بەكمۇ جىق ئىدى. يەرلىك دەرسلەر قوشۇلۇپ، بىر مەۋسۇمدىكى بەزى يىللىقلارنىڭ دەرسى كۈنىگە يەتتە سائەتكە بېرىپ قالدى. ھەممە پەنگە تاپشۇرۇق قوشۇلدى. نەچچە سائەتلەپ دەرسكە، «كۆتۈرەلمەسلىك ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك ئايىغى چىقماس تاپشۇرۇققا بالىلىرىنىڭ مېڭىسى بەرداشلىق بېرەلەمدۇ؟

مەن كىتابىمىزدا ياپونىيىدىكى يەسلى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدىلەشكەن مەنزىرىسىنى كۆرۈپ، ياپونىيە مەكتەپ مائارىپىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئىلمىيلىشىش يولىغا ماڭغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. رىم مۇتەپەككۇرى سېنكا: «ئۆگىنىش مەكتەپتە ئەمەس، بەلكى ھاياتتا»[20] دېگەنىكەن. ئەسلىدە مائارىپ دېگەن ئادەمنىڭ ھاياتىغا يۈزلىنىشى كېرەك. ئادەم ھاياتى تەبىئىيلىك ئارقىلىق ۋايىغا يېتىدۇ. بىز نۇرغۇن سۇنئىي نەرسىنى بالىلارنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈپ، ئۇنى بالىلارنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتىگە ئايلاندۇرۇۋېتىشكە تىرىشىمىز. بۇ ئۇرۇنۇشلىرىمىز دائىما ئەكسىچە ئۈنۈم بېرىدۇ. مائارىپ بالىلار ئىگە بولغان تەبىئىيلىكنى مەركەز قىلىشى، بالىلارنى سۇنئىي بىنالار ئىچىگە قورشاپ قويماي، ئەتراپتىكى

كەڭ تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ، ئادەمنى تەبىئەتكە يېقىنلاشتۇرۇشى كېرەك. بۇ بەلكى، 20-ئەسىر مائارىپىدا زور غۇلغۇلا قوزغىغان، جۇڭگو مائارىپىدا ئىسلاھات باشلانغاندىن كېيىن ئەمدىلىكتە تىلغا ئېلىنىۋاتقان «بالىلارنى مەركەز قىلىش»روھى بولسا كېرەك. ئېكارىي كوئىچى: «20-ئەسىر بالىلارنىڭ ئەسىرى بولىدۇ دېيىلىدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەھمىيىتى، تەلىم-تەربىيە ئارقىلىق ئادەمنى ئادەم قىلىش مۇمكىنچىلىكى بايقالدى دېمەك بولىدۇ» [21] دەيدۇ. قارىغاندا، ياپونىيە مائارىپى ئادەمنى ئادەم قىلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى ھەقىقىي تاپقاندەك قىلىدۇ.

زامانىۋى مائارىپ ئۇقۇمى ئالدى بىلەن ئۇ ئىگە بولغان زامانىۋى ۋاستىلەرگە ئەمەس، ئىدىيىگە كۆپرەك باغلىقتۇر. مەكتەپ مائارىپى نۇرغۇن ئەۋزەللىكى بىلەن بىرگە ئۆزىدە يەنە نۇرغۇن يېتەرسىزلىكنىمۇ ساقلاپ قالغان. ئادەمنى ھالقىما ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش — ھالقىما ئوخشاشلاشتۇرۇش يولىغا باشلاپ قويۇشى ئۇنىڭدىكى ئەڭ خەتەرلىك نۇقساندۇر. كانادانىڭ سابىق باش مىنىستىرى ترۇدېئو مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇپ: «ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ بىر دۆلەت ھۆكۈمىتىگە قوشۇلۇشى كىشىلەرنىڭ بىر جەمئىيەتكە قوشۇلغىنىغا ئوخشاش مەدەنىي تۇرمۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى... ھۆكۈمەت ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا ئامال قىلالمىسا، ئۆزىنى ئۆزى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدۇ؛ ھۆكۈمەت ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنى نېيتراللاشتۇرسا... ئاپتونومىيىنىڭ تۈپ پرىنسىپىدىن مەھرۇم بولىدۇ. دۆلەت تەۋەلىكى، مىللەت تەۋەلىكى نەزەرىيىسى تارىختا بىر قەدەم ئارقىغا چېكىنگەن بولىدۇ» [22] دەيدۇ. مەلۇمكى، نېيتراللاشتۇرۇش خىمىيىلىك ئۇقۇم بولۇپ، كىسلاتالىقى ئېشىپ كەتكەن ماددىغا ئىشقار، ئىشقارلىقى ئېشىپ كەتكەن ماددىغا كىسلاتا قوشۇشنى كۆرسىتىدۇ. رېئاكسىيىدىن كېيىن يېڭى ماددا — تۇز بىلەن سۇ ھاسىل بولىدۇ. ئەسلىدىكى ئىككى خىل ماددا ئۆزىنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتىنى تامامەن يوقىتىدۇ. ئادەم نۇرغۇن جەھەتتىن ئورتاق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، نۇرغۇن جەھەتتىن ئادەم ھەيران قالغىدەك خاسلىققا ئىگە بولىدۇ. بۇنداق خاسلىقنىڭ كۆپىنچىسى يوشۇرۇن بولۇپ، ئۇنى مائارىپقا قارام قىلىپ قويغان. مائارىپنىڭ ئەڭ ئالىي غايىسى ئادەمدىكى كونكرېت، خاس بولغان ئاشۇ يوشۇرۇن ئىقتىدار چوغلىرىنى يالقۇنجىتىپ، ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئىمكانىيەتتە تەرەققىي قىلىشى ۋە جارى بولۇشىغا شارائىت بېرىشتۇر.ئەمەلىيەتتە، مائارىپنىڭ بۇ ئۇلۇغۋار غايىسى مەكتەپ مائارىپىنىڭ قولىدا ھالاك بولىدۇ. يەنى، مەكتەپ مائارىپى خاسلاشتۇرۇشقا ئامال قىلالمىغاننىڭ ئۈستىگە ، كۆپىنچە ئەھۋالدا مىللەت-مەدەنىيەتنى نېيتراللاشتۇرۇشنىڭ كىشىلەر دەماللىققا سەزمەيدىغان، «يولۋاسنى چىمدىپ جىننى چىقىرىدىغان»ئەڭ ئۇنۇملۇك قورالى بوپقالىدۇ. ئەۋلادلارنى ھالقىما ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش — «غەيرىي سورت»لىشىشقا ئۈندەيدۇ. شەخسنىڭ خاس ئالاھىدىلىكلىرى ئەمەس، مىللەتنىڭ خاس ئالاھىدىلىكلىرىمۇ كۆمپەيكۈم بولىدۇ. ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟

بۇيەردە مەكتەپ مائارىپىنىڭ بۇنداق نۇقسانىنى ھەل قىلىش ھەققىدىكى تۇنجى ئىزدەنگۈچى، يول باشلىغۇچى، 18-ئەسىردە ئۆتكەن فرانسىيىلىك مەشھۇر مۇتەپەككۇر، بېشارەتشۇناس(预言家)، پېداگوگ، كانتنىڭ نەزىرىدىكى «ئەخلاق دۇنياسىنىڭ نيۇتونى»روسسۇنىڭ مائارىپ قارىشى، ئامېرىكىدا 20-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ تاھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مەكتەپكە قارشى پىكىرلەر، شۇنداقلا، نۆۋەتتىكى يۈزلىنىشلەر ھەققىدە توختىلىش زۆرۈردەك قىلىدۇ.

روسسۇ(1712-1778 Jean Jacques Rousseau) مەكتەپ مائارىپ ئەمەلىيىتىگە قاتناشمىغان، پەقەت مۇۋەپپەقىيەتلىك ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولغان. ئۇ ئەينى دەۋردە تەبىئىي تەربىيىنى تەكىتلەپ: «مائارىپ بالىلارغا پەقەت ئادەم بولۇشنى ئۆگىتىشى كېرەك» دېگەننى تەشەببۇس قىلغانىدى. روسسۇ 1762-يىلى يازغان، دۇنيا پېداگوگىكا تارىخىدىكى گىگانت ئەسىرى«ئېمىل»(مائارىپ ھەققىدە) يېرىم مۇلاھىزە، يېرىم ھېكايە شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، كىشىلەر روسسۇنىڭ «ئېمىل»ى بىلەن دېۋېينىڭ «دېموكراتىزم ۋە مائارىپ — مائارىپ پەلسەپىسى»دېگەن ئىككى ئەسىرىنى پېداگوگىكىدىكى ئەڭ بۈيۈك ئەسەرلەر دەپ قارايدۇ. ئەسەردىكى ئېمىل پۈتۈنلەي تەبىئىي بىر جەرياندا ئۆسكەن بالا. روسسۇ ئۇنى سەھرالارغا ئېلىپ بارىدۇ. باققۇچى ۋە ئىنىكئانىنى كۆڭۈل قويۇپ تاللايدۇ. ئېمىل ئىككى ياشقا كىرگەندە روسسۇ ئۇنىڭغا ئەركىنلىك بېرىشنى مۇھىم تەربىيە پرىنسىپى قىلىدۇ. ئۇنىڭغا ھەرىكەت ئىمكانىيىتى بېرىدۇ، پۇت-قولىنى چۈشەپ قويمايدۇ. كەڭ كىيىم كىيدۈرىدۇ. ئىككى ياشتىن ئون ئىككى ياشقىچە ئېمىلنىڭ كىتاب ئوقۇشى ۋە ئۆگىنىشىگە قارشى تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە تارىخ ئۆگىتىشكە تېخىمۇ قارشى تۇرىدۇ. ئېمىلنىڭ پائالىيەت ئارقىلىق ئەتراپتىكى شەيئىلەرگە قارىتا سەزگەن تەجرىبىلىرىنى جۇغلىشىغا، ئەركىن، شاد-خۇرام ياشىشىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. روسسۇنىڭ قارىشىچە، ئەتراپتىكى شەيئىلەرنىڭ ئۆزى بىر كىتاب ئىدى. روسسۇ ئېمىلنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا تۈرلۈك سەزگۈ ئەزاسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بەك دىققەت قىلىدۇ. ھەرخىل ئويۇن، رەسىم، مۇزىكا ئارقىلىق ئۇنىڭ سېزىمىنى چېنىقتۇرىدۇ. بىلىم ئۆگىنىش ۋە ئەقلىي ئىقتىدارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسىدە ، ئېمىلنىڭ بىلىمگە ئېرىشىش(ئۆگىنىش) ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىشىنى تېخىمۇ تەشەببۇس قىلىدۇ. ئېمىلنىڭ باشقىلارنىڭ چۈشەنچىسى ۋە مېڭىسىگە تايىنىپ ئەمەس، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ئۆگىنىش ئىقتىدارىغا تايىنىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئېمىل ئون بەش ياشقا كىرگەندە، روسسۇ ئۇنى شەھەرگە ئەكىرىدۇ. شۇندىن كېيىن، ئۇنى بىلىمگە ئېرىشتۈرۈش بىلەن بىرگە تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئەخلاق تەربىيىسى ۋە ئەمگەك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى باشلايدۇ.

18-ئەسىردە ئۆچ ئالغىنى بالىلارنى نوپۇزغا بويسۇنۇشقا مەجبۇرلاش، مېخانىك ئەستە ساقلاشنى تەكىتلەش، تەن جازاسى ئارقىلىق بالىلارنى قورقۇتۇشتەك مەدرىسە تەربىيىسى ئىدى. ئېمىل تامامەن ئادەملىك تەبىئىتى بىلەن ياشىغان ۋە ئۆسكەن بالا. روسسۇ بۇ ئەسىرى ئارقىلىق ئادەمنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتىنى نېگىز قىلىپ، بالىلارنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتىنى مەقسەت قىلىپ، بالىلارنى ئاسراشنى، ئۇلارغا تولۇق ئەركىنلىك بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان. بالىلار تەربىيىسىنى«مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرۈش»كە ئايلاندۇرۇپ قويۇشقا قارشى تۇرغان. ئۇ : «تەبىئەت بالىلارنىڭ يېتىلىشىدىن ئاۋۋال پەقەت بالىلارغا ئوخشاش بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەگەر بىز بۇ خىل تەرتىپنى قالايمىقان قىلىۋەتسەك، بالدۇر پىشقان مېۋىنى پەيدا قىلىمىز. ئۇنىڭ تەمى بولمايدۇ، بۇزۇلۇپ چىرىيدۇ. مائارىپ شۇنداق قىلسا، يېشى كىچىك دوكتور ۋە قېرىلىق يەتكەن بالا يېتىشتۈرىمىز»[23] دەپ يازغان. روسسۇنىڭ قارىشىچە، ئادەم ۋۇجۇدىغا تەبىئىي بولغان ياخشىلىق بەخش ئېتىلگەن. شۇڭا، ئۇنىڭغا ئادەمنى ئۇستاز ( 以人为师) قىلماستىن، تەبىئىيلىكنى ئۇستاز قىلىش (以天性为师) كېرەك. تەبىئىي تەربىيىنىڭ مەقسىتى تەبىئىي ئادەم يېتىلدۈرۈش بولۇپ، روسسۇنىڭ قارىشىچە ، تەبىئىي ئادەم بىرىنچىدىن، ئەنئەنىۋى ئاسارەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي تەرەققىي قىلغان ئادەم؛ ئىككىنچىدىن، ئۆز قىممىتىنىڭ مۇستەقىل خوجايىنى، دەرىجىسىز ، سىنىپسىز ئادەم؛ ئۈچىنچىدىن، مېڭىسى تەرەققىي قىلغان،

تەن ۋە قەلبى ساغلام ئادەمدۇر[24] . روسسونىڭ قارىشىچە، ئادەمنى ئادەم ياراتقان ئادەمگە ئايلاندۇرماستىن، تەبىئەت ياراتقان ئادەمگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. ئۇنىڭ دەرس نىشانى تەبىئىي ئادەم يېتىلدۈرۈش، تەن ۋە قەلب جەھەتتىن ماس تەرەققىي قىلغان ئادەم يېتىلدۈرۈش ئىدى [25] .

مائارىپتا ئوقۇغۇچىنى مەركەز قىلىشنى رېئاللاشتۇرۇش ئۇنچە ئاسانغا توختايدىغان ئىشمۇ ئەمەس. روسسونىڭ: «باللارنى مەركەز قىلىش»ئىدىيىسى دېۋېينىڭ «ئوقۇغۇچىلارنى مەركەز قىلىش»نەزەرىيىسىنىڭ سىستېمىلىشىشىغا نۇر مەنبەئى بولدى. بىراق، 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىغىچە تەلتۆكۈس ئىزچىللاشمىدى.

1950 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئامېرىكىدا ھۆكۈمەتنىڭ مائارىپتىكى رولى ھەققىدە بەھس ـ مۇنازىرە بولدى. ئامېرىكىلىق ئاتاقلىق ئىقتىسادشۇناس، پۇلشۇناسلىقتا ئاساس سالغۇچى، چىكاگو ئىلمىي مەزھىپىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى تەسىرى ئەڭ چوڭ ئالىم، پۇلشۇناسلىق نەزەرىيىسىنى يارىتىپ، مەڭگۈلۈك كىرىم قىياسىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ئۈچۈن 1976 ـ يىلى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن مىلتون فرېدمان (Milton Friedman) بۇ مۇنازىرىگە «ئوت ياققۇچى» شەخستۇر. ئۇ 1955 ـ يىلى «ھۆكۈمەتنىڭ مائارىپتىكى رولى» ماۋزۇلۇق ماقالىسىدا ھۆكۈمەت ئائىلە باشلىقلىرىغا مەلۇم خىراجەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان مائارىپ بېلىتى بېرىشى، ئائىلە باشلىقلىرى پەرزەنتىگە مەكتەپنى ئەركىن تاللىشى كېرەك دېگەن تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇنداق قىلغاندا، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن ئوقۇتۇش سۈپىتىنى بەس ـ بەستە ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، مائارىپ تۈزۈمىنى تېخىمۇ جانلاندۇرغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ تەشەببۇسى ھۆكۈمەتنىڭ مائارىپنى زىيادە باشقۇرۇشىغا قارشى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە، ھۆكۈمەتنىڭ مائارىپقا مەبلەغ سېلىش مەجبۇرىيىتى بار. لېكىن مەكتەپلەرنى باشقۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئۇنىڭ نەزىرىدە، ھۆكۈمەتنىڭ مائارىپنى مونوپول قىلىۋېلىشى ۋە رىقابەتنىڭ نورمال بولماسلىقى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ تۆۋەن بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىدىكى باش جىنايەتچى. ئۇنىڭ تەشەببۇسى بويىچە، مائارىپنى پۈتۈنلەي تىجارەت خاراكتېرلىك تارماق تەمىن ئېتىشى كېرەك ئەمەس، ئۇ پەقەت رىقابەتنى تولاراق ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ تاللىشىغا ئىمكان بېرىشنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئوچۇق بازارنىڭ بارلىققا كېلىشىنى، خىلمۇ خىل مەكتەپنىڭ ـ جۈملىدىن تىجارەت خاراكتېرلىك مەكتەپلەر، ئالاھىدە ئىجازەتلىك مەكتەپلەر، دىنىي جەمئىيەت مەكتەپلىرى ھەم ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىنىڭ بولۇشىنى، بۇ مەكتەپلەرنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش ـ تۇرالماسلىقىنىڭ خېرىدارلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش ـ چىقالماسلىقىغا باغلىق بولۇشىنى، ھۆكۈمەت تارمىقىنىڭ مائارىپنى باشقۇرۇشتىكى رولىنىڭ تېز ئاجىزلىشىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، باللارنىڭ بارلىق مائارىپىنىڭ بىرلا بىنادا ئورۇنلىشىشى ئاقىلانىلىك ئەمەس، مائارىپ بېلىتى ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ تاللاش ئىمكانىيىتى يارىتىش كېرەك. ئۇلارغا بىر بۆلۈك مائارىپ بېلىتىنى ئىشلىتىپ، بىرىيەردە ماتېماتىكا، بىرىيەردە تىل ياكى باشقا پەنلەرنى ئوقۇش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىشكە تامامەن بولىدۇ. مائارىپ بېلىتىنىڭ ئەڭ چوڭ رولى، نامراتلار رايونىدىكى باللار قوبۇل قىلغان تەلىم ـ تەربىيە سۈپىتى بىلەن يۇقىرى كىرىملىك ئائىلىلەر باللىرى قوبۇل قىلغان تەلىم ـ تەربىيە سۈپىتى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كىچىكلىتىدۇ. كارخانىچىغا خاس جاسارەتكە ئىگە كىشىلەر خۇسۇسىي مەكتەپ ئاچسا، مائارىپ بېلىتى بار ئوقۇغۇچىلارنى جەلپ قىلسا بولىدۇ. كەلگۈسىدە شۇنداق بىر ھالەت ئايان بولىدۇكى، مائارىپ كەسپى خۇسۇسىيلار باشقۇرىدىغان، تىجارەت خاراكتېرىگە ئىگە ياكى تىجارەت خاراكتېرىسىز مائارىپ كەسپى بولىدۇ. دۆلەتنىڭ مائارىپ خىراجىتى زورايغانسېرى، چوڭايغانسېرى رىقابەت كۈچىيىدۇ. ئوقۇتقۇچى ھۆكۈمەت مەكتىپىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلداردىن خېرىدارلارغا خىزمەت قىلىدىغان مۇلازىملارغا ئايلىنىدۇ. بۇنداق مەكتەپ تېخىمۇ مەمنۇنلۇققا ئېرىشىدۇ.

1960 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا گۇمانىزم ــ ئىنسان تەبىئىتى پسىخولوگىيىسى تەرەققىي قىلدى. پسىخولوگىيىدىكى بۇ ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆلگىرىلەش نەتىجىسىدە ئەنئەنىۋى مەكتەپ مائارىپىغا قارىتا تېخىمۇ كۈچلۈك تەنقىد، گۇمان پەيدا بولدى.

1969 ـ يىلى گۇمانىزم پسىخولوگى نېئىل يەنە بىر قېتىم: «باللار مەكتەپ ئېھتىياجىغا ئەمەس، مەكتەپ باللار ئېھتىياجىغا لايىقلىشىشى كېرەك» [26] دېدى. شۇ يىللاردا كومپيۇتېرنىڭ تەرەققىياتى تېزلەشكەن بولۇپ، ئامېرىكا قاتارلىق بىر قىسىم دۆلەتنىڭ كەلگۈسى مائارىپ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن غۇلغۇلا، ئۈمىد ئېپكەلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئامېرىكىدا مەكتەپكە قارىتا ئىنكار پوزىتسىيىلەر پەيدا بولدى. بولۇپمۇ، 1970 ـ يىللارنىڭ بېشىدا كومپيۇتېر تورى بارلىققا كېلىشى بىلەن، مەكتەپكە قارشى بىر خىل نەزەرىيە بارلىققا كەلدى. بۇ نەزەرىيە «مەكتەپسىزلەشتۈرۈش نەزەرىيىسى»(非学校化理论) دەپ ئاتالدى.

بۇ ئەينى يىللىرى ئامېرىكىدا خېلى ئەۋج ئالغان مائارىپ نەزەرىيىسى ئېقىمى بولۇپ، كەڭ مەنىدىن ئالغاندا، بۇ ئېقىم ھازىرقى زامان مەكتەپ تەربىيىسى تۈزۈمىنى تۈپ جەھەتتىن تەنقىد قىلدى ۋە مەكتەپ تۈزۈمىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ئىسلاھ قىلىش ۋە يوق قىلىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئېقىمنىڭ ۋەكىلى رېيمېر (Reymer. E) نىڭ قارىشىچە(1971)، «مەكتەپ مائارىپى تۈزۈمىنىڭ بەدىلى بەكمۇ قىممەت، ئىشەنگىلى بولمايدۇ ھەمدە ئۈنۈمى تۆۋەن. شۇڭا، بۇنداق تۈزۈمنى ئورناتقاندا، ئاساسلىقى، بىر خىل بۆلگىنىشقا باشلىغان رولى، ئىنسان تەبىئىتىنى يوقىتىدىغان تېخنىكىلاشقان كېسەل جەمئىيەت ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ» [27] . مەكتەپسىزلەشتۈرۈش نەزەرىيىسى تەرەپدارلىرى تەنقىد تىغ ئۇچىنى بىۋاستە مەكتەپ مائارىپىغا قارىتىپ، بۇ خىل تۈزۈمگە قارشى تۇردى. رېيمېر يەنە مۇنداق قارىدى: «تۈزۈم ماھىيەتتىن ئالغاندا يىرگىنىشلىك(恶)بولىدۇ»، «بىزنىڭ تۈزۈمدىكى ئورۇنلاشتۇرغان ئۆگىنىشىمىزمۇ بۇرمىلىنىپ (歪曲)، پاسسىپلىق، مەجبۇرلىنىش(钳制) تۈيغۇسىغا تولغان بولىدۇ. مەكتەپتىكى تۈزۈملۈك مۇھىت ئىچىدە ئۆگىنىش قىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئەڭ ئاۋۋال نوپۇز(权威) ــ ئوقۇتقۇچى ياكى مەكتەپ تۈزۈمى قاتارلىقلارغا بويسۇنۇشنى ئۆگىنىشى كېرەك. ئاندىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ، ئالدىن تاللاپ بولۇنغان، ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتكەن ئۇچۇرلارنى ئۆگىنىدۇ. بۇ جەرياندا، كاپىتالىزملىق ئىستېمال فورمىسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ساقلانغان بولىدۇ. مەكتەپ مۇلازىمەتچانلىقتا ئىگە بولغان زاۋۇتقا، مائارىپ مەشىق قىلدۇرۇش(训练)قا ئايلىنىدۇ. مەكتەپنىڭ ئىشلەپچىقىرىدىغان تۈۋرى ــ ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىدىغان بىلىمنى ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن لايىھىلەپ بەرگەن بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلار پەقەت ئېلانچىنىڭ رولىنى ئېلىپ، ‹سودىنى تېزلىتىپ› (促销) بېرىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ھېچقانداق تاللاش ئىمكانىيىتى يوق ھالدا، ئىستېمالچىغا ئايلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۇبيېكتىپ ئەركىنلىكى پۈتۈنلەي تارتىۋېلىنغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ

ئۆگىنىشى، ماھىيەتتە يۈرۈشلەشكەن ئۇچۇرلارنى مەجبۇرىي ئۆگىنىش بولىدۇ. چۈنكى، مەكتەپ پائالىيىتىگە ئىقتىساد، سىياسىي، ئىجتىمائىي تۈزۈم قاتارلىقلارنىڭ ھوقۇق مۇناسىۋەتلىرى سىڭگەن بولىدۇ. شۇڭا، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتە، مەكتەپ تۈزۈمى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە تەدرىجىي ئىجتىمائىيلىق ھاسىل قىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا سىياسىي جەھەتتىن ياۋاش پۇقرا(顺民)، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئىشچى، مەدەنىيەت جەھەتتىن ئىستېمالچى بولۇپ ئۆزگىرىدۇ». رېيمېر يەنە مۇنداق كۆرسەتكەن: «مەكتەپ ئادەمنىڭ پەقەت جېنىلا ئامان قالىدىغان، ئادەمنىڭ تەبىئىتى(人性) نى چۈشەپ قويىدىغان سورۇنغا ئايلىنىپ قالدى. مەكتەپ بىدئەتلەشكەن(世俗化) ئىبادەتخانا(教堂) غا، ئوقۇتقۇچىلار دىن تارقاتقۇچى پوپ(传教士) غا، دەرسلىك ئىنجىلغا، ئوقۇغۇچىلار خاتا يول باسقان ئوغلاققا ئوخشايدۇ. مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش پائالىيىتى بىر خىل مۇراسىم شەكلىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەكتەپ ئەكسىچە، جەمئىيەتنى كونترول قىلىش (ھامىيلىق قىلىشقا ئايرىلىش، ئىجتىمائىي رول تاللاش، ئىدىيە ـ ئاڭنى سىڭدۈرۈش)جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى»[28].

مائارىپنى مەكتەپنىڭ ئاسارىتىدىن ئۈزۈل ـ كېسىل ئازاد قىلىش ئۈچۈن، بۇ ئېقىمدىكىلەر ئائىلە تۇرمۇشى، سەھىيە ـ ساقلىقنى ساقلاش، ئىجتىمائىي مۇلازىمەت، قانۇن ئورگانلىرى، ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرى قاتارلىق مەكتەپتىن باشقا مائارىپ ئورگانلىرى ۋە ۋاستىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، مەكتەپسىزلەشكەن جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇلار بۇ خىل ئەھۋالنى ئىنسانلار كەلگۈسىدە دۈچ كېلىشى مۇمكىن بولغان ئەھۋال دەپ قارىغان. بۇنداق جەمئىيەتتە، ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان مەكتەپ تۈزۈمى بولمايدۇ. ماتېرىيال، ئەسلىھە، ئۇسكۇنىنى ئۆگىنىدىغان، ئىقتىدارى بار ئادەملەر ئۆزئارا ئالاقىلىشالايدىغان، ئۆگىنىش ھەمراھىنى تاللىيالايدىغان، مائارىپ مۇتەخەسسىسلىرى بار بولغان كومپيۇتېر تورلىرى بەرپا قىلىنىدۇ. بۇنداق ئۆگىنىش تورى مەكتەپنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ. بۇ خىل تورلارنىڭ مەقسىتى كىشىلەرنى قولاي بولغان ئىقتىسادىي شارائىت بىلەن تەمىنلەش بولۇپ، كۈتۈپخانا، قىرائەتخانا، مۇزېي، زاۋۇت، باغ ـ ھويلا قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئورۇنلاردا ئۆگىنىشنى ئىنچىكىلىك بىلەن لايىھەلەپ، كىشىلەرنى كىتاب، سىن لېنتا ـ دېسكا، ئۇسكۇنە، كومپيۇتېر، ئويۇن قاتارلىق مائارىپ رولىنى ئۆتەيدىغان ماددىي ۋاستىلەر بىلەن تەمىنلەپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدۇ. غەيرىي رەسمىي ئۇسۇل بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. كىچىك گۇرۇپپىلار ئىدىيە ئالماشتۇرىدۇ ۋە مۇنازىرىلىشىدۇ. ئۆگەنگۈچىلەرنى ئالاھىدە ئىقتىدارلىق كىشىلەرنىڭ ئىقتىدارىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن يېقىنلىشىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشتا، جەمئىيەتتىكى باشقا ئورگانلارنىڭ يوشۇرۇن مائارىپ ماھىيىتى ئېتىراپ قىلىنىدۇ. ھەربىر ئادەم بارلىق تېخنىكىلىق خىزمەتتىكى ئىلگىرى بار بولغان ئوقۇتۇش مەزمۇنلىرىنى مەجبۇرەن ئەمەس، ئۆز ئېھتىياجىغا ئاساسەن ، ئەمگەك بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىدۇ. بۇنداق ئۆگىنىش ئارقىلىق، مائارىپنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىگە يەنىلا ئۈزۈل ـ كېسىل قايتىپ كەلگىلى بولىدۇ.

رېيمېرنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئۇ تەشەببۇس قىلغان «مەكتەپسىزلەشتۈرۈش ھەرىكىتى» خەلقئارا مائارىپ ساھەسىدە بىرمەيدان قالايمىقانچىلىق ۋە ئۇزاققا سوزۇلغان بەھس ـ مۇنازىرە پەيدا قىلغان. بەزى ئەللەرنىڭ مائارىپشۇناسلىرى، بۇ ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىنىڭ ئىشى، بىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ قارىغان. يەنە بەزىلەر، مەكتەپنى بىكار قىلىش كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى زىددىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى دېگەن. ئاز بىر قىسىم دۆلەت بۇ خىل قاراشنى قوبۇل قىلغان. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بەزىلىرى نېمە قىلىشنى بىلەلمىگەن. يەنە بەزىلىرى تەنتەنە قىلىشىپ: «خۇدا، ئاخىر سۆزلىدىڭ»دېيىشكەن. بەزى ژۇرناللاردا ۋە مائارىپ يىغىنلىرىدا ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا: «مەكتەپسىزلەشتۈرۈش نەزەرىيىچىلىرى مائارىپنىڭ دۈشمىنى، ئىلىم (学术) نىڭ ساتقۇنلىرى»دەپ تەنقىد قىلىنغان. زور كۆپچىلىك كىشى مەكتەپسىزلەشتۈرۈشنى مۆلچەرلىگۈسىز قاپقان دېگەن[29]. مەكتەپسىزلەشتۈرۈش نەزەرىيىسى ئەنە شۇنداق تەنقىدلەرگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى دۇنيا مائارىپ يۈزلىنىشىگە چوڭقۇر تەسىر ئېپكەلدى. 1976 ـ يىلى ئافرىقا دۆلەتلىرى مائارىپ مىنىستىرلىرى راگس خىتابنامىسىدا: «مائارىپ چوقۇم مىللەتلىشىش، دېموكراتىيىلىشىش، يەرلىكلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىش كېرەك»[30] دەپ كۆرسىتىلدى. بالىلار ھوقۇقىنى قوغداشنى تەشەببۇس قىلغۇچى غەرب دۇنياسىدىكى پائالىيەتچىلەر: بالىلارنىڭ ھەقىقىي بالا بولۇشىغا يول قويۇلۇشى كېرەك. بالىلارنى مەكتەپكە بەك بالدۇر ئاپىرىپ بەرمەسلىك كېرەك. شۇنداقلا، يېشى كىچىك بالىلارنى ھەرخىل رەسمىي تۈزۈملۈك ئۆگىنىش تەلىپىگە يۈزلەندۈرمەسلىك كېرەك، دەپ قارىدى. ئامېرىكىدا ئېلكىند(Elkind 1981 ) ۋە پوتمان (Potman 1983) قاتارلىق ئالىملار بالىلارنىڭ ئائىلىدە تۇرۇش ۋاقتىنى قىسقارتىپ(ھەتتا يوق قىلىپ)، مەكتەپ تەربىيىسىنى بەك بالدۇر قانات يايدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغانلارنى قاتتىق ئەيىبلىدى[31].

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، دۇنيادىكى كۆپلىگەن دۆلەتتە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ خۇسۇسىيلىشىش سۈرئىتى ئىنتايىن تېز بولدى. ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خۇسۇسىيلىشىشى نۆۋەتتىكى مۇھىم يۈزلىنىش بولۇۋاتىدۇ. نۆۋەتتە، ياپونىيىدىمۇ مائارىپنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش تەشەببۇسى بار. مائارىپنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش دېگەنلىك، مەكتەپ مائارىپىنىڭ قىسمەن فۇنكسىيىلىك رولىنى ئائىلىنىڭ تاللاپ ئىشلىشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشتۇر. يۇقىرى دەرىجىدە تەشكىللىشىش دەۋرى يۇقىرى دەرىجىدە لايىھىلىشىش دەۋرىدۇر. لايىھىلەنگەن بولۇش بىزنىڭ نۆۋەتتىكى دەۋرىمىزنىڭ ئاساسلىق مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى. بىراق، ئادەتتە لايىھە بىلەن تەبىئىيلىك زىددىيەتلىك نەرسە، لايىھە كۆپەيگەنسېرى تەبىئىيلىك ئازىيىدۇ. بالىلار بىر خىل ئوبيېكت دەپ قارىلىپ لايىھىلەنسە، ئۇنىڭ تەبىئىيلىكى كاردىن چىقىدۇ. لايىھىلىنىش كۆپەيسە، بالىلارنىڭ ئويغۇن قىزىقىشى، تەبىئىي، يوشۇرۇن ئىقتىدارى بېسىمغا ئۇچرايدۇ. ھازىر يەنە ئوقۇغۇچىلارنى يىللىقلار بويىچە سىنىپقا ئايرىشمۇ گۇمانغا ئۇچراۋاتىدۇ. گېرمانىيە، ھونگرىيىدىكى كۆپلىگەن ئالىم ئوقۇغۇچىلارنى سىنىپقا ئارىلاش جايلاشتۇرۇشنى ياخشى دەپ قاراۋاتىدۇ. ئۇلار بۇنداق قىلغاندا، چوڭ بالىلارنى كىچىك بالىلارنىڭ ياخشى ئۈلگىسىگە ئايلاندۇرغىلى، كىچىك بالىلارنىڭ جەمئىيەت ھەققىدىكى بىلىشىنى تېخىمۇ ياخشى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

نۆۋەتتە، ئامېرىكىدا يەنە مۇشۇ ھەقتە مەخسۇس تەتقىقاتلار بولغان. بۇ، فرېدمان، رېيمېرلار تەشەببۇس قىلغان مەكتەپسىزلەشتۈرۈش تەشەببۇسىنىڭ داۋامى بولۇپ، بۇنى ھەقىقەتەنمۇ چېكىگە چىققان چاقچاق دېيىشكە بولىدۇ. يېقىندا، ئامېرىكا مىندىيانا ئۇنىۋېرسىتېتى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، مەلۇم بىر مائارىپ مەسلىھەت شىركىتىنىڭ لىدېرى جون. ك. لۇند( Jonhn.C.Lundt) باشقىلار بىلەن بىللە «مەكتەپتىن ئايرىلىش: مائارىپ ئىزدەش» ناملىق ئەسەر يازغان. ئۇ ئامېرىكا «كەلگۈسىشۇناسلار» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىل 12 ـ سانىدا ئېلان

قىلىنغان ماقالىسىدا، ئۆگىنىشنى كونىچە مەكتەپ تۈزۈمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ قولىغا بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان. بىز لۇندنىڭ بۇ يېڭى تەشەببۇسىنىڭ خەلقئارادا قانداق تەسىر پەيدا قىلغانلىقىنى بىلمەيدۇق. بىراق، ئاپتورنىڭ كەلتۈرگەن بەزى ئاساسلىرىغا كۆرە، ئامېرىكىدا مەكتەپ مائارىپىنىڭ يوقىلىش ئالامەتلىرىدىن دېرەك بېرىدۇ. تەشەببۇسنىڭ قانداق باھاغا ئېرىشىشى بىر گەپ، بىراق، ئۇنىڭ رېئاللىشىش يوللىرىنىڭ ئېچىلىشى ھەقىقەتەن كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان پاكىتتۇر.

لۇند مۇنداق دەيدۇ: «مەكتەپ مائارىپى ئۆز كەمچىلىكىنى ئىزچىل ھالدا ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. مەكتەپلەر سودا ۋە سانائەت ساھەسىدە قوللىنىلىدىغان ئەندىزىلەردىكى ئۆزگىرىشلەرنى قوبۇل قىلدى. بىراق، ئۆزگىرىۋاتقان ھالەت ئەكەلگەن توقۇنۇشنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالدى. ماس ۋە مۇناسىپ ھالدىكى مائارىپ ئىسلاھاتى بارلىققا كەلمىدى»[32]. ئۇ باشقۇرۇش مۇتەخەسسىسى پېتېر سېنگى(Peter Sengi) نىڭ مۇنۇ سۆزىنى نەقىل ئالىدۇ: «سانائەت ئىگىلىكى دەۋرىدىكى ئاقما لىنىيە سىزىقى ئەندىزىسى ياراتقان مەكتەپلەر بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىشلەپچىقارغىنى بىر ئۆمۈر ئۆگىنىدىغانلار ئەمەس، بىر ئۆمۈر تونۇيدىغانلاردۇر»[33]. مەكتەپلەر خاسلىقنى تەرەققىي قىلدۇرالمىدى. نۆۋەتتىكى تالانتلىق بالىلار ياردەم كۆنى ئېنىق ئايرىلمىغان جايغا ئەۋەتىلگەن، ئۆزلىرى ئوقۇيدىغان كىتابلىرى چەكلەنگەن بالىلاردۇر. جەمئىيەت ۋە دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىگە بولغان نارازىلىقى كۈچىيىۋاتىدۇ. كۆلىمى ۋە مىقدارى تېخىمۇ چوڭ تەشكىلاتلار ئىسلاھ قىلىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. شەھەر جەمئىيىتىدە ئاكتىپ ئامىللار كۆرۈلۈۋاتىدۇ. مەكتەپتىن باشقا، جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ تۆۋەن ئۈنۈملۈك ئومۇملاشتۇرۇشىغا قارىتا قوزغالغان نارازىلىقى ۋە تاقەتسىزلىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ پائالىيەتچانلىق ئېڭىنى تىرىلدۈرىۋاتىدۇ. دېمەك، مائارىپ مەكتەپتىن يىراقلىشىۋاتىدۇ... شۇڭا، مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك.

ئۇ كەسكىن ھالدا يەكۈن چىقىرىدۇ: «مائارىپ خەۋپكە بىلدۈرۈلگەن ئەنئەنىۋى ئىنكاس ھازىرقى مائارىپ سىستېمىسىنىڭ يامىقىدۇر»[34]. ئۇنىڭ قارىشىچە، بىر دېموكراتىك جەمئىيەتتە تەربىيىنى قانداق قوبۇل قىلىش جەھەتتە ئائىلە باشلىقلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلاردا زور دەرىجىدە تاللاش ھوقۇقى بولىدۇ. بۇ، كىشىلەر كۈتۈۋاتقىلى ئۇزاق بولغان ۋە تامامەن مۇۋاپىق بولغان ئىش. شۇڭا، ئامېرىكا مائارىپىنىڭ بىرىنچى نىشانى مەكتەپ مائارىپى ئەمەس، مائارىپ بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئامېرىكىدا قوللىنىشقا تېگىشلىك بىردىنبىر ھەرىكەت ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىنىڭ مەبلەغكە بولغان مونوپوللۇقىنى ئاخىرلاشتۇرۇشتۇر. شۇنداق قىلساقلا، ئۆگەنگۈچىلەر مەكتەپتىن ئايرىلىپ، ئۆز ئېھتىياجىدىكى مائارىپنى ئىزدەيدۇ. بالىلار مەكتەپكە بارمىسا، ئىجتىمائىيلىشىشنى قانداق ئۆگىنىدۇ؟ ئاپتور بۇ جەھەتتە، مائارىپنىڭ ئائىلە تەربىيىسى، دېموكراتىك ۋە ھەقسىز مەكتەپلەر، شەخسىي مەكتەپلەر، چېركاۋ مەكتەپلىرى، ئاممىۋى مائارىپ ئورگانلىرى، ئۇچۇق مەكتەپلەر، مۇستەقىل مەكتەپلەر قاتارلىق شەكىللىرىگە زور ئۈمىد بىلەن قارىغان. ئاپتور يەنە، مەكتەپ يوقالغاندىن كېيىنكى ئالامەتلەرنى بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىن خېلى يۇقىرى دەرىجىدە سۈرەتلىگەن. يەنى: چەكلىمىسىز تاللاش ئۆگىنىش بىلەن تەمىنلىگۈچىلەر ئارىسىدىكى رىقابەتكە ئىلھام بېرىپ، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنى ئاشۇرىدۇ؛ ئۆگىنىش ئورگانلىرى مەخسۇسلىشىدۇ؛ ياش ئاساس قىلىنغان مائارىپ پىلان جەريانى يوقىتىلىدۇ؛ بىر ئۆگەنگۈچىنىڭ تەربىيە ھاياتى ئىزچىل ئۆزگىرىۋاتقان بىر قاتار پائالىيەت بىلەن تەركىبلىنىدۇ؛ مائارىپ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ۋە باشقا غەيرىي تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى تاشلىۋېتىدۇ؛ باھالاش تېخىمۇ ئادىللىشىدۇ، ئۆلچەملىشىدۇ؛ ئوقۇش كۈنى يوقىلىدۇ؛ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۇنىۋېرساللىشىشى كۈچىيىدۇ؛ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇقىم خىزمىتى ئەمەس، ئىلىم ئەركىنلىكى قوغدىلىدۇ؛ ئوقۇتقۇچىلار ئىش ھەققى كەسپىي مۇۋەپپەقىيىتىنى ئاساس قىلىپ بەلگىلىنىدۇ[35].

نۆۋەتتە، مەكتەپسىزلەشتۈرۈش تەشەببۇسى يالغۇز ئامېرىكىدىلا كۆرۈلمىدى. مائارىپنى ئۆچۈرلاشتۇرۇش سۈرئىتىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، باشقا دۆلەتلەردىمۇ بۇ خىل قاراشلار بولۇۋاتىدۇ. ئەنگلىيىلىك ئالىم ستېپھېن بال(Stephen Ball) «سىياسىي ۋە مائارىپ سىياسىتىنى بەلگىلەش ــ سىياسەت جەمئىيەتشۇناسلىقى ھەققىدە ئىزدىنىش» دېگەن ئەسىرىدە، «مائارىپ ھۆكۈمىتى»دېگەن ئاتالغۇنى ئوتتۇرىغا قويدى. «مائارىپ ھۆكۈمىتى مائارىپ سىستېمىسى تۈزۈمى بىلەن ئالاقىدار بولغان ئىشلارنى بېجىرىدىغان ۋە تەشكىللەيدىغان ئورگانلارنىڭ بىرىكمىسىدۇر»[36]. ھازىر تەرەققىي تاپقان ئەللەردە مەكتەپ مائارىپىنىڭ تۈرلۈك نۇقسانىنى تۈگىتىش، بالىلارنىڭ تەبىئىيلىكىنى چىقىش قىلىش، ئادەمنىڭ مىللىيەتلىكىنى ئېتىراپ قىلىش ئومۇمىي يۈزلىنىش بولۇپ قالدى. ب د ت مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ يېڭى سىياسەتلىرىدە مائارىپنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش، مائارىپنى ئۆز دۆلىتىنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا زامانىۋىلاشتۇرۇش... تەلەپلىرى قويۇلدى. ب د ت مائارىپ ، پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى: ئەڭ سۈپەتلىك مائارىپ ھەربىر ئادەمنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ھۆرمەتلىشى كېرەك، ھەزارەت ۋە ھەر خىل تىلنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك... دەپ قارايدۇ[37].

يېقىندا مەن تۆت يېرىم ياشلىق ئوغلۇمنى كۆزۈم قىيمايلا يەسلىگە بەردىم. بۇ، ناھىيە بازىرىنىڭ قاق مەركىزىگە يېقىندىن سېلىنغان ئالاھىدە دەرىجىلىك يەسلى ئىدى. ئورمان، چىملىق كۆلىمى يوق دېگۈدەك يەسلى قورۇسىدىكى ئويۇنچۇقلار سادا بالىلارنى ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى. ئوغلۇم ئىلگىرى ھەرقانداق قۇرۇلۇشنى كۆرسىلا بالىلارچە قىزغىنلىق بىلەن: «مەن مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇيمەن، مېنى ئەكىرىپ بېرىڭلار» دەيتتى. بىراق، ئۇنىڭ تەبىئەتتىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىسام كۆڭلۈم غەش بولاتتى. بۇ يەسلى ئىشقا كىرىشكەن بىر يىلدىن بۇيان خىزمەت ۋاقتىدا يولدىن ئۆتۈپ قالسام، بالىلارنىڭ ئاشۇ ئويۇنچۇقلارنى ئوينىغىنىنى بىر قېتىممۇ كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ئوغلۇم يەسلىگە كىرگەندىن كېيىن ئۇقسام، ئۈچ قەۋەتلىك بۇ يەسلىنىڭ زامانىۋى تەرەپلىرىمۇ بار ئىكەن. قۇرۇلۇش سۈپىتى ئالاھىدە ياخشى ئىكەن. سىنىپنىڭ ئالدىدىكى تامغا ھەربىر بالىغا بىردىن سۈزۈك سۇلياۋ خالتا تەييارلانغان بولۇپ، بالىلارنىڭ سىزغان تۈرلۈك رەسىمنى سېلىپ قويىدىكەن. ئەمما، مېنى ئەجەبلەندۈرگىنى، سىنىپ، ياتاق، ھاجەتخانا ـ مۇنچا بىرلا ئىشىك ئىچىگە جايلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بالىلار ئەتىگەندىن كەچكىچە ئاشۇ بىناغا سولىنىپ قالىدىكەن. كەچتە ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن قايتىدىغان چاغدىلا ئويۇنچۇق ئوينىيالايدىكەن! ئوغلۇم يەسلىگە كىرىپ ئۈچىنچى كۈنى تەربىيىچى دەرس ئۆتۈۋاتقاندا باشقا بالىلارغا گەپ قىلغانلىقى سەۋەبلىك بالىلارنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇلۇپ جازالىنىپتۇ. ھەپتىدىن كېيىن: «ئادەمنى بىر ئورۇندا مۇقىم ئولتۇرغىلى قويمايدىكەن، ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويىدىكەن، ئوينىغىلى قويمايدىكەن، باشقا بالىلار ئۇرىدىكەن...» دەپ، يەسلىگە ماڭغىلى ئۇنىمايدىغان بولۇپ قالدى. تېخى ئۆتكەن يىللا ئالاھىدە لايىھىلىنىپ بەرپا قىلىنغان بۇ

زامانىۋى يەسلى ئوغلۇمنىڭ ئانا تىلىدا دەرس ئاڭلاش، ئويۇن ئويناشتەك تەبىئىي بىر ھوقۇقىنى ھېچقانداق ئويلىمايلا تارتىۋالغان، باللارنىڭ سەبىي قەلبىگە «مۇتلەق بويسۇنمىسا جازالىنىش» تۇيغۇسىنىڭ قارا تامغىسىنى باسقاندى. بۇ بىزدىكى زامانىۋى مائارىپنىڭ يېڭى نۇسخىسىدۇر.

جۇڭگو مائارىپ ئىدىيىسى ئىزچىل ھالدا بىرتەرەپلىمە خاھىشنى ساقلاپ كەلگەن. «مۇتلەق بويسۇنۇش = ئەخلاق»، «ئەخلاق قىممىتى = ئادەم قىممىتى» ، «ئوقۇتقۇچى = مەنسەپدار = كاتتا»، «مۇنازىرىلىشىش = ئەدەبسىزلىك»، «تالانتلىقلار = سىياسىي ئىختىساسلىقلار»، «ياخشى ئۆگىنىش = مەنسەپدار بولۇش»، «شەخسنىڭ قىممىتى = ئىجتىمائىي قىممىتى»، «شەخسىي ئارزۇ = سۈزۈك ئەينەك يۈزىدىكى داغ»، «ھۆرمەتلەش = ئەنئەنىنى ساقلاش»، «كىتاب = بىلىم = پەن بىلىملىرى» دەيدىغان تەڭلىك مەنىلىرى مائارىپنىڭ قىبلىگاھى بوپقالغان. 20-ئەسىردىكى جۇڭگو مائارىپى ئىسلاھاتىدا، كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكى، ئەنئەنىۋى مائارىپ ئىدىيىسىگە بولغان زىيادە مايىللىق، خاتا تاللانغان ئۈلگە ( سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئەندىزىسى — كايروف پېداگوگىكىسىنى دېمەكچى.-ئا)، مائارىپ ئىلمىي تەرەققىياتىنىڭ بەكمۇ كېينلىكى، مائارىپنىڭ نىسپىي مۇستەقىل ئورنىغا ئېرىشەلمەسلىكى، مائارىپ ئىسلاھاتىدىكى ئاستىلىق ۋە مۇكەممەلسىزلىكلەر تۈپەيلىدىن جۇڭگو مائارىپى تېخىچە ئىلمىي يولنى تېپىپ بولالمىدى. شۇڭا بەزىلەر: «1949-يىلىدىن بېرى جۇڭگو مائارىپىدا مائارىپ ھەمۇرىيىتى بار بولدى. بىراق، مائارىپ ئىشلىرى بولمىدى؛ مائارىپ سىياسىتى بار بولدى، بىراق، مائارىپ چۈشەنچىسى بولمىدى» [38] دەيدىكەن.

كومىنيۇس يىللىق تۈزۈمنى تەشەببۇس قىلغانىۇ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا: «مەكتەپ ئەقلىي ئەتتىدار قۇشخانىسىدۇر» [39] دېگەن يەكۈننى قالدۇرغان. چارلىز دىككىنس: «مەكتەپنىڭ تەربىيە ئۇسۇلى نەزەرىيىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ باللىق دەۋرىدىكى گۈزەل نەرسىلىرىنى يوقىتىۋېتىدۇ. بىردىنبىر ئېشىپ قالغىنى بىلەلمەسلىكتۇر» [40] دېگەن. بىز مەكتەپ مائارىپىنىڭ يوق بولۇشىنى ئۈمىد قىلمايمىز. ئوخشىمىغان دۆلەتلەرنىڭ سىياسىتى، مەدەنىي مۇھىتى مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىغا يېڭىچە تالاش، زورۇقۇش ئەكەلگەن بولىدۇ. بىراق بۇ ئىلمىيلىششى كېرەك. بىزگە ھەقىقىي مەنىدىكى ئەلا سۈپەتلىك مائارىپ كېرەك. بۈگۈنكى مەكتەپ مائارىپىمىز ئاشۇنداق «قۇشخانا»غا ئايلىنىشتىن ساقلىنىشى، «بىلەلمەسلىك»نىڭ تۈگمىنىگە داۋاملىق سۇ قۇيماسلىقى، خاسلىقنى«يوق قىلىش»قا، ھەزارەتنى نېپىرالاشتۇرۇش — «خۇنە»لاشتۇرۇشقا ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك-تە! قارىغاندا، ياپونلار زىخمۇ، كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان چارىنى تاپقاندەك قىلىدۇ. ياپونلارنىڭ مەكتەپ قورۇسىنى تەبىئىي ھالدا ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋاناتلار باغچىسىغا ئايلاندۇرۇۋېتىشى ھەقىقەتەنمۇ غايىۋى مائارىپتۇر.

كونىلارنىڭ ھېكايە قىلىشىچە، مىسىرنىڭ قەدىمكى تۇنجى پىرئەۋنى - پادىشاھى ئاۋام پۇقرا ۋاقتىدا كالللىسىغا بىر خىيال كەپتۇ. بىر قەبرىستانلىق - زىيارەتگاھنىڭ يېنىدا بازار بولىدىكەن. پىرئەۋن زىيارەتگاھنىڭ ئەتراپىغا تام قوپۇرۇشقا باشلاپتۇ. كىشىلەر سەۋەبىنى سورىسا، «زىيارەتگاھلىق بەك توپا-چاڭ بوپكەتتى، ماللار كىرىۋالدى، بۇنى ئاسرايمەن»دەپتۇ. كىشىلەر دىققەت قىلماپتۇ. تام پۈتكەندىن كېيىن يوغان بىر دەرۋازا ئورنىتىپتۇ. كىشىلەر بۇ چاغدا سەل گۇمانلىنىپ، سەۋەبىنى سورىسا، پىرئەۋن: «قورۇ دېگەننىڭ دەرۋازىسى بولمىسا تام سالغاننىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟» دەپتۇ. دەرۋازا قويۇلغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭغا ئىشكباقار قويۇپتۇ. پىرئەۋن كىشىلەردىن كىرىش ھەققى ئاپتۇ. شۇنداق قىلىپ بېيىپ كېتىپتۇ ۋە ئاخىرى شۇ پۇلغا تايىنىپ پادىشاھ بوپتۇ... سىز قىزىڭىز بۇلبۇلنازىنى شىنجاڭدىن ياپونىيىگە يۆتكەپ، ئېيىغا جۇڭگو پۇلى بويىچە 140يۈەنلىك تاماق پۇلى بىلەن ھەقسىز دېگۈدەك ئوقۇتۇپسىز. بىزدە بولسا، ئۇيېزىدىن بۇ يېزىغا ئالماشقان باللاردىنمۇ 100يۈەنلەپ «رايون ئاتلاپ ئوقۇش ھەققى» تۆلەيمىز(بۇ ھەقتە مال باھا تارماقلىرىنىڭ ئېنىق ھۆججىتى بار). بىز خۇددى ئاشۇ پىرئەۋنگە ئوخشاش، ھەرقەدەمدە باشقىلارنىڭ ئېھتىياجلىق ئېلېمېنتلىرىنى تېپىشقا ماھىر بولۇپ، ھەممىنى «قويۇپ»يۈردۇق. مەكتەپلىرىمىزمۇ شۇنداق ئورۇنغا چۈشۈۋالدى. ئوغلۇمنىڭ يەسلىگە كىرىشى ئۈچۈن پەقەت بىر مەۋسۇمغىلا 514 سوم تۆرلۈك نامدىكى ھەقنى تۆلىدىم(ئېيىغا 100سومدىن تاماق پۇلى بۇنىڭ سىرتىدا). مانا مۇشۇ چاغدا مىسىرنىڭ تۇنجى پىرئەۋنىنىڭ پادىشاھ بولۇش ھېكايىسى ئېسىمدىن قايتا كەچتى.

ياپونىيىدە باللارغا چۈشلۈك تاماق بېرىلىدىكەن. كىتابىڭىزدىن مۇشۇ قۇرلارنى كۆرۈۋېتىپ، كۆز ئالدىمدىن ئوقۇغۇچىلىرىم كەچتى. مەن ئوقۇغۇچىلىرىمنى ياخشى ئوزۇقلىنىشقا دەۋەت قىلىمەن. ئەپسۇسكى، ئۇلار نېمە يەيدۇ؟ ئەلۋەتتە قۇرۇق نان. نان بىز ئۇيغۇرلارنىڭ دائىملىق تامىقى. دېھقان دېگەن ئەتىگىنى بىر بۇردا نان بىلەن ناشتا قىلىپ ئېتىزغا چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ «ئاشۋاقتى»دېگىنى سائەت توققۇزلاردا بولىدۇ. شۇڭا، ئوقۇغۇچىلىرىم ئەتىگەندە ئۆيلىرىدىن ناشتا قىلار- قىلمايلا قاتتىق ناننى ئېلىپ كېلىدۇ. پۇلى بولسا لەڭپۇڭ بىلەن ، بولمىسا، مەكتەپنىڭ ئالۋاڭ ھېسابىدا تەمىنلىگەن، چاي يوپۇرمىقىنىڭ شامىسى تېتىيدىغان داغ چاي بىلەن چۈشلۈك تامىقىنى ھەل قىلىدۇ. ئۇلار كۈندۈزگە تەۋە بولغان تەخمىنەن 14سائەتچە ۋاقىتتا ئىسسىق تاماقسىز يۈرىدۇ. دوختۇرلارنىڭ دېيىشىچە، قاتتىق ناننى ئۇزاق يېسە، قىزىل ئۆڭگەچ راكىغا ئايلىنىدىكەن. ئۇنىڭسىزمۇ، ئاچ يۈرگەن ئادەمدە زېھىن مەركەزلەشمەيدۇ. ئۇزاق داۋاملاشسا، گومۇش بوپقالىدۇ. نۇرغۇن دۆلەتتە ئوقۇغۇچىلار چۈشلۈك تاماقنى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆزلىرى ئېتىپ يەيدىكەن. بۇ ھەل قىلىش ئەڭ ئاددىي بولغان بىر ئىش. بىزنىڭ مەكتەپلىرىمىز ئادەمنىڭ ئوزۇقلىنىشتەك ئەڭ ئىپتىدائىي ئېھتىياجلىرىنىمۇ نېمىشقا قانائەت تاپقۇزمايدۇ؟

كىتابىڭىزدىكى مىياتاكى باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىپلوم ئېلىش مۇراسىمى سۈرىتى مېنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلاندۇردى. قاراڭ: بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئۈستى يېپىق تەنتەربىيە زالى بار ئىكەن. بىزدىچۇ؟ يېقىنقىياقى بەزى يېزا ئوتتۇرا مەكتەپلىرىگىمۇ قەۋەتلىك ئوقۇتۇش بىناسى پەيدا بولدى. ھازىر يىراق مۇساپىلىق ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى قۇراشتۇرۇلۇۋاتىدۇ. ئەپسۇسكى، خېلى كۆپلىگەن ئوتتۇرا مەكتەپتە تەجرىبىخانا يوق. بولغاندىمۇ، يېتەرلىك سايمان-دورىلار يوق. بەزىدە سىنىپ يېتىشمەي باللار سىرتتا ئوقۇشقا مەجبۇر بوپقالىدۇ. تېخىمۇ يامان بولغىنى، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسىدۇر. مەن ئىشلەۋاتقان يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتە 1600 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بار. ئەمما، دەرس ئۆتىدىغان ئادەم 60 قا بارمايدۇ. مەكتەپ مۇدىرىمىز ھەمىشە: «مەكتىپىمىزگە ئەسلىدە 150 شتات كېرەك، يەنە 75 ئادەم كەم دەيدۇ» . ئىلىم مۇدىرى دەرس تەقسىملىيەلمەي بېشى قاتقان. يۇقىرىغا ئوقۇتقۇچى كەم دېسە: «دەرسنى توختىتىپ قويۇشقا بولىدۇكى، ئادەم بېرەلمەيمىز»دېگەن جاۋابنى بېرىدۇ.

يىللىق تۈزۈم بويىچە ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىشنىڭ تۇنجى

پېشۋاسى كومىنيۇس ئۆز ۋاقتىدا: «بىر ئوقۇتقۇچى بىرلا ۋاقىتتا يۈز ئوقۇغۇچىغا دەرس ئۆتۈش مۇمكىن بولۇپلا قالماي ، بەلكى زۆرۈردۇر»[41] دېگەنىكەن. كومىنيۇسنىڭ يەكۈنى يىللىق تۈزۈمدىكى مەكتەپنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، ھازىرقى ئېھتىياجنى قانائەتلەندۈرەلمەيدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا ئامېرىكا ئالىمى گلاسىر سىنىپتىكى ئوقۇغۇچى سانى بىلەن ئۆگىنىش نەتىجىسى، ھېسسىيات ئۇنۇمى قاتارلىقلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە تەتقىق قىلغان بولۇپ، بىر سىنىپتىكى ئوقۇغۇچى 30 دىن يۇقىرى بولغاندا، پەرق كۆرۈنەرلىك بولمىغان. ئەمما، 30 دىن ھەربىر ئوقۇغۇچى ئازايغاندىكى ئۈنۈم ئىنتايىن گەۋدىلىك بولغان. شۇنىڭ بىلەن، بەزى شتاتلاردىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچى نىسبىتى 15:1 گە يەتكۈزۈلگەن [42] . ھازىر خەلقئارانىڭ ئۆلچىمى 14:1 [43] ئىكەن. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تولۇق سەپلىنىشى مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ سۈپەت كاپالىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان مۇھىم ئەينەكتۇر. ھالبۇكى، بىز ھازىر ساپا جەھەتتىلا ئەمەس، سان جەھەتتىمۇ يېتەرلىك ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا ئىگە ئەمەسىمىز.

ئۇيغۇر مائارىپىدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەپلىنىشى نۆۋەتتىكى ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىق بولسا كېرەك. يۇقىرىقى مەلۇماتلارغا قاراپ، رايونىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئەمما، ئوقۇتقۇچى سانى يېتەرلىك ئاشتىمۇ؟ بىز دۆلىتىمىز ئىقتىسادى ئىككى خانىلىق سان بويىچە ئۆرلەۋاتقان مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، بەزىدە باللارغا دەرس ئۆتىدىغانغا ئادەم تاپالماي، 50تىن 60قىچە بالىنى بىر سىنىپقا كەپلەپ قويىدۇق. بۇ خىل مۇھىتتا، باللارنىڭ سوئال سوراش، چۈشىنىش، مۇستەقىل ئىشلەش، ئىلھامغا ئېرىشىش مۇمكىنچىلىكى قانچىلىك؟ چۆجە بېقىشنىڭمۇ «بىر كۋادرات‌مېتىرغا مانچىدىن»دېيىدىغان ئۆلچىمى بارغۇ؟ مەكتەپلەردە 1990 - يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئەۋج ئالغان كەسپىي مائارىپىمىزمۇ دەل ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىنى «بالا ئىشلەمچى»گە ئايلاندۇرۇۋاتىدۇ. سىنىپ يېتىشمەسە زالغا ياكى مەيدانغا يىغىپ ئوقۇتىدىغان گەپكەن. ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسە، مەكتەپ باللارنى يىغىپ بېقىپ چىقىدىغان يېڭى مەنىدىكى «قوتان»غا ئوخشاپ قالىدىكەن.

مەكتەپلەردە، بولۇپمۇ يېزىلاردىكى مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى شۇقەدەر ئازكى، ئوتتۇرامەكتەپلەردىمۇ ئۈچ - تۆت خىل تەييارلىق بىلەن 24سائەتلەپ دەرس ئۆتىدىغان، ئالتە - يەتتە قېتىملاپ تاپشۇرۇق تەكشۈرىدىغان ئەھۋال بار. يېزىلاردىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە خەنزۇ تىلىدىن باشقا پەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى ئۆتۈش، مېنىڭچە، ھېچكىمنى ھەيران قالدۇرمايدۇ. يېزىدا ئىشلىگەنلەرنىڭ تۇرمۇشى دىققەتتىن چەتتە قالماقتا. تا بۈگۈنگىچە مەكتەپ باشقۇرۇش ئىلمىيلاشمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارنىڭ شەنبىلىك، يەكشەنبىلىك دەم ئېلىشلىرى مەكتەپلەرنىڭ ئېتىزلىرىدا، تەتىلى قانداقتۇر يالتىراق نىقابلار ئاستىدىكى ئەھمىيەتسىز كۇرسلار، ئەسلىي مەقسەتتىن چەتنىگەن، ئۈنۈمنى يوقاتقان تۈرلۈك شەكىلۋاز سىياسىي ئۆگىنىش، تەسىرات يېزىش، جەدۋەل توشقۇزۇشلاردا يىگىلەپ - يوقاپ كېتىۋاتىدۇ. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يۈكى زىيادە ئارتىپ كېتىپ، چارچاش سەۋەبىدىن بەزى ئوقۇتقۇچىلار نېرۋىسىدىن ئادىشىپ قالدى. نۆۋەتتە، 30ياشنىڭ قارىسىنى ئالماي تۇرۇپ تۇبېركۇليوز، ئۆپكە كېسىلى، ئومۇرتقىغا كۆمۈرچەك ئۆسۈپ قېلىش كېسىلىگە گىرىپتار بولىدىغانلارنىڭ سانى تېز ئېشىۋاتىدۇ. كۆپىنچەيلەن پېنسىيەگە چىقماي تۇرۇپ، سالامەتلىكىدىن خوشلىشىۋاتىدۇ. ھېلىمۇ

ياخشى، كومپارتىيە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەمگىكىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىپ، ئىش ھەققىنى باشقا كەسىپلەردىن يۇقىرىراق بەلگىلىگەنىكەن. دەرسلىك كىتابلارنى ھەقسىز قىلىۋېتىپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېخىمۇ مۇھىم بىر باش قېتىنچىلىقى ھەل بولدى. بولمىسا، بۇ كەسىپتىن مېھرى تولۇق ئۈزۈلۈپ كېتەر ئىكەن!

ئېنىق ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ 85.24%ئاھالىسى يېزىدا ياشايدىكەن [44] . بۇ دېگەنلىك، ئۇيغۇر باللارنىڭ 85%تىن كۆپرەكى يېزىدا ئوقۇيدۇ، دېگەن گەپ. مەلۇماتلاردىن خەۋەر تېپىشىمىزچە، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ باغچا تەربىيىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئەھۋالىدا، ئەنگلىيەدە 1900 - يىلىلا ئۈچ - بەش ياشلىق باللارنىڭ يەسلىگە كىرىش نىسبىتى43.1%گە يەتكەن [45] . ئىسرائىلىيەدە 1981 - يىلى باللارنىڭ باغچىدا تەربىيە كۆرۈش ئەھۋالى ئۈچ ياشلىقلار88.6% گە، تۆت ياشلىقلار96.5%كە، بەش ياشلىقلار100%گە يەتكەن [46] ؛ چاۋشيەندە 1976 - يىلى تۆت ياشلىقلارنىڭ باغچىدا تەربىيىلىنىش نىسبىتى90%كە، بەش ياشلىقلارنىڭ100%كە يەتكەن [47] ؛ فرانسىيەدە 1985 - يىلى باللارنىڭ يەسلىگە كىرىش نىسبىتە ئىككى ياشلىقلار31%گە، ئۈچ ياشلىقلار92.6%گە، تۆت ۋە بەش ياشلىقلار 100%گە يەتكەن [48]؛ 1996 - يىلى 99.6%ئۈچ ياشلىق بالا، 34.7%ئىككى ياشلىق بالا ئوقۇشتىن ئاۋۋالقى تەربىيىنى قوبۇل قىلغان [49] ؛ ئىتالىيەدە 1985 - يىلى ئىككى ياشلىقلارنىڭ باغچا تەربىيىسى كۆرۈش نىسبىتى 31%گە، ئۈچ ياشلىقلارنىڭ 92.6%گە، تۆت ياشلىقلارنىڭ 100%گە يەتكەن؛ ياپونىيەدە 1975 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆرلەش نىسبىتى 90%گە، ئالىي مەكتەپكە ئۆرلەش نىسبىتى30%كە يەتكەن [50]؛ 1985 - يىلى ئۈچ - تۆت ياشلىقلارنىڭ باغچىدا تەربىيىلىنىش نىسبىتى 70%گە، بەش ياشلىقلارنىڭ90%گە يەتكەن [51] ؛ ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا 766يەسلى بار ئىكەن [52] . بۇ سانى ئاپتونوم رايوندىكى يېزا - بازارلار سانى بويىچە نىسبەتلەشتۈرۈپ باقساق، يەسلى مائارىپىنىڭ ئومۇملىشىشىنىڭ قانچىلىك تۆۋەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

ئوقۇتۇش شارائىتى ناچار بولۇش، ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك، چەت - يىراق جايلاردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلمەسلىك، يېزىلاردا يەسلى بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەر تەبىئىي ھالدا مائارىپ ئىقتىسادى ۋە ئۇنى تەقسىملەش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، جۇڭگو مائارىپ سېلىنمىسىدا ئېغىر قاششاق ھالەتنى ساقلاپ كەلگەن دۆلەتلەرنىڭ بىرى ئىكەن. جۇڭگونىڭ مائارىپ مەبلىغى 1978 - يىلى ستاتىستىكىلانغان 149 دۆلەت ئىچىدە 130 - ئورۇندا تۇرغان [53] . 1977 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە ئارىدا، جۇڭگونىڭ مائارىپ مەبلىغىنىڭ مىللىي كىرىم ۋە مالىيە چىقىمىدىكى نىسبىتى3.44% ۋە 12.44% بولغان بولسا ، 1987 - يىلى بۇ نىسبەت 3.29% ۋە 12.4% كە چۈشۈپ قالغان [54] . 1991 - يىلى ب د ت مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ «دۇنيا مائارىپ دوكلاتى»دا كۆرسىتىلىشىچە، دۆلىتىمىزنىڭ 1988 - يىلىدىكى ئاساسىي مائارىپ خىراجىتى دۇنيا مائارىپ خىراجىتىنىڭ1.18%نى ئىگىلەيدىكەن. بۇ خىراجەت بىلەن دۇنيادىكى ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 18.4%نى تەربىيىلەيدىكەن. شۇ چاغدا تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە باللار يەسلىسى، باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مائارىپ خىراجىتى ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2000 ئامېرىكا دوللىرىدىن توغرا كېلىدىكەن. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىدە 55 ئامېرىكا دوللىرىدىن توغرا كېلىدىكەن.

جۇڭگونىڭ تېخىمۇ تۆۋەن بولۇپ، ھەربىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن يىلىغا 200 يۈەن خەلق پۇلى، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئۈچۈن 100 يۈەن خەلق پۇلى سەرپ قىلىنىدىكەن. بۇ جەھەتتىن جۇڭگو ھەتتا ھىندىستاندىنمۇ تۆۋەن تۇرىدىكەن [55]. يېقىنقى يىللاردىن بۇيانمۇ بۇ نىسبەتتە ياخشىلىنىش بولماپتۇ. ئەكسىچە، 20-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدا، جۇڭگونىڭ مائارىپ سېلىنمىسىدا مەسىلە تېخىمۇ ئېغىر بولغان. يەنى، 1991-يىلى جۇڭگونىڭ مائارىپ خىراجىتى تۈرلۈك يول ئارقىلىق توپلانغان مەبلەغنى قوشقاندا جەمئىي 73.15 مىليارد يۈەن خەلق پۇلى بولغان. ئامېرىكىنىڭ ھەر يىللىق مائارىپ سېلىنمىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 400مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشىدۇ. ھالبۇكى، ئىككى دۆلەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى بىر-بىرىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، جۇڭگودا ئوقۇغۇچىلار سانى ئامېرىكىنىڭكىدىن 100ھەسسە كۆپ [56]. جۇڭگو مائارىپ سېلىنمىسى 1992-يىلى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى(GDP) نىڭ 2.83% تىگە توغرا كەلگەن، 1995-يىلى بولسا2.44%كە چۈشۈپ قالغان. بۇ نىسبەت تۆۋەن كىرىملىك دۆلەتلەردە 4%، يۇقىرى كىرىملىك دۆلەتلەردە5.7% بولغان. ئەسلىدە، جۇڭگونىڭ ئەينى يىللاردىكى كىرىم ئەھۋالى بويىچە، مائارىپ سېلىنمىسى نىسبىتى GDP نىڭ 4% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىشى كېرەك ئىكەن [57]. 1990-يىلدىن 2003-يىلغىچە ئارىدا مائارىپ سېلىنمىسى ئايرىم ئايرىم ھالدا GDP نىڭ 2.46%، 2.50%، 2.59%، 2.79%، 2.87%، 3.19%، 3.41%، 3.28% ىگە توغرا كەلگەن [58]. ئەسىر ئاخىرىدىكى ئون يىلدا، جۇڭگونىڭ مائارىپ سېلىنمىسى ئىزچىل ھالدا 2% لىك نىسبەتنى ساقلاپ قالغان. جۇڭگونىڭ نوپۇسى دۇنيا نوپۇسىنىڭ21%ىنى تەشكىل قىلىدۇ. 1998-يىلى 22-ئۆكتەبىردىكى «خەلق گېزىتى»دە: «بىز دۇنيادىكى 1%تىن كۆپرەك مائارىپ خىراجىتى بىلەن دۇنيادىكى تەربىيىلىنىدىغان ئادەمنىڭ 20% قامدايمىز» [59] دېيىلگىنىگە قارىغاندا، باشقا دۆلەتلەرنىڭ مائارىپ سېلىنمىسى بىزدىن تېزرەك ئاشقان بولسا كېرەك. مائارىپ مەبلىغىنىڭ ئەنە شۇنداق يېتىشمەسلىكى مائارىپ خىزمەتلىرىنىڭ نورمال تەرەققىياتىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگودا مائارىپ خىراجىتىنىڭ تەقسىملىنىشىدە يېزىلار بىلەن شەھەرلەرنىڭ پەرقى خېلىلا پەرقلىق. دۆلەتنىڭ مائارىپ مەبلىغى تۆۋەنگە چۈشۈپ بولغىچە، تېخى كۆرمەسلىك «ئەلگەك»تە «تاسقىلىپ» بولىدۇ.

نۆۋەتتە، ساۋاتلىق بولۇشنىڭ خەت-يېزىقنى بىلىش مەنىسى ئاللىقاچان ئۆزگىرىپ، ئىقتىدار ساۋاتسىزلىقى ئۇقۇمى بارلىققا كەلدى. ئەمما، بىزنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ خېلى كۆپ ساندىكىسى ساۋاتسىز ياكى چالا ساۋاتتۇر. ھازىر يېزىلىرىمىزدا باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ داۋام مەسىلىسى تېخىچە ئوقۇتۇشنىڭ مۇھىم مەسىلىسىدۇر. ياپونىيە جىگدۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئىتسكى مىنورۇ ( Ichtski Minoru 实附石 ) ئوقۇتۇش مەجبۇرىيىتى، مەكتەپ ئېچىش مەجبۇرىيىتى، ئوقۇتۇشقا كاپالەتلىك قىلىش، ھەقسىز ئوقۇتۇش مەجبۇرىيىتى، ئوقۇش يېشىدىكىلەرنى يالاپ ئىشلىتىشنى چەكلەش مەجبۇرىيىتى قاتارلىق تۆت مەسىلىنى مەجبۇرىيەت مائارىپىدىكى زۆرۈر شەرت دەپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ [60]. جۇڭگو ئالىمى سۈي جۇنىڭ ئەپەندى «تەربىيىلىنىش جەمئىيەتتىكى ھەربىر ئەزانىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى»دېگەن ئىدىيىگە ئاساسەن، «مەجبۇرىيەت مائارىپى»نى دۆلەتنىڭ قانۇن بويىچە ئوقۇش يېشىدىكى پۇقرالارنى تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتى، دۆلەت مەكتەپ ئېچىش، ئوقۇتقۇچى، دەرسلىك قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەپ، ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىشكە ئاسانلىق يارىتىپ بېرىش مەجبۇرىيىتى، ئۆسمۈرلەر بىلەن ياشلارنىڭ ئوقۇش يېشىدا مەكتەپكە كىرىپ، تەربىيىلىنىش پۇرسىتى بولۇش، ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە بېرىش مەجبۇرىيىتى، جەمئىيەتنىڭ باج تاپشۇرۇش، ئىئانە مەبلەغ توپلاش ئۇسۇللىرى بىلەن مەكتەپ قۇرۇش، مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەجبۇرىيىتى [61] قاتارلىق بەش تەرەپتىن چۈشەندۈرىدۇ. قارىغاندا، بىز ھەقىقىي «مەجبۇرىيەت مائارىپى»غا تېخى خېلى ئۇزۇندا ئۇلاشساق كېرەك. شۇ تاپتا ئۆزىمىزگە «مەكتەپ زادى نېمە؟»دەپ سوئال قويغىمىز كېلىدۇ.

ياپونىيە يۈكسەك تەرەققىي تاپقان دۆلەت. ئۇيغۇر مائارىپىنى ياپونىيە مائارىپىغا سېلىشتۇرۇش بىز ئۈچۈن ئىككى ياشلىق بالا بىلەن «ئاسيا بوكس چېمپىيونى» ئابدۇرەھمان ئابلىكىمنىڭ بوكس ئىقتىدارىنى سېلىشتۇرغاندەك تەسىر بېرىشى مۇمكىن. ئەمما، باشقا دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ھېسابقا ئالماي «ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدۇق، مائارىپنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇردۇق»دېگۈچىلەرگە، سىنىپقا جوزا تولۇقلاپ بېرىپ«ئوقۇتۇش شارائىتىنى ئالاھىدە ياخشىلىدۇق» دېگۈچىلەرگە يۇقىرىقىدەك سېلىشتۇرۇش بىر سىگنال بولۇشى مۇمكىن. بىزنىڭ مائارىپىمىزدىكى كېيىنلىك مائارىپ ئىدىيىسى، مائارىپنىڭ ئومۇملىشىشى، تەربىيىلىنىش شارائىتى تەرەپلەر بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. يەنە باشقۇرۇش سۈپىتى، تەربىيە سۈپىتى قاتارلىق تەرەپلەردىنمۇ مىساللار كۆپ.

بۈگۈن دۇنيا خەلقى تونۇيدىغانلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۆزلىرىنىڭ تارىختا بۈگۈن ھېسابلانغان پەيتلىرىنى قەدىرلەپ، ئەۋلادلىرى ئۈچۈن يول ئاچقانلار ئىكەن. سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي، پەن-تېخنىكا، ھۈنەر-سەنئەت جەھەتتە ئىزدىنىپ، ئۆزلىرىنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ تارىخ يارىتىشقا تىرىشقانلار، تارىخنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىدا توزغاقتەك توزۇپ يوقاپ كەتمەي، باشقىلارنىڭ مەدەنىيەت مونوپولىيىسىدە ئۆزىنى يوقاتماي، كۈچلۈك مەنىۋى بىرلىك ھاسىل قىلالىغانلار ئىكەن. ئۇلار ئەجدادلىرىغا ئاسىيلىق قىلماي، ئۆز ھەزارىتىنى ئەۋلادىمۇ ئەۋلاد ئۇلاشتۇرۇپ ماڭغانلار ئىكەن! ئەۋلادلىرىنىڭ مائارىپ يولىنى ھەقىقىي مۇستەھكەم سالالىغانلار ئىكەن. يەھۇدىيلاردىن بۇ نۇقتىنى ھېس قىلىش مۇمكىن.

ئامېرىكا ئىجتىمائىيەتشۇناسلىرى ۋىنكېنت. ن. پارىللو (Vincent. N. Parrillo)، جون ستىمسون (John Stimson)، ئاردىس ستىمسون (Ardyth Stimson) قاتارلىقلار يازغان «بۈگۈنكى دەۋردىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر» دېگەن زور ھەجىملىك ئەسەردە قارىشىچە، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر مۇنداق شەرتلەرگە ئىگە بولىدىكەن: 1. شەخس ياكى جەمئىيەتكە ماددىي ياكى مەنىۋى جەھەتتىن زىيان كەلتۈرىدۇ؛ 2. جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم ھوقۇقلۇق تەشكىلاتنىڭ قىممەت ئۆلچەملىرىگە دەخلى قىلىدۇ؛ 3. ناھايىتى ئۇزاق داۋاملىشىدۇ؛ 4. ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي تەبىقىدىكى توپلارنىڭ مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى لايىھىسى ھەر خىل بولىدۇ [62]. بىز ھازىر يوقىلىپ كېتىۋاتقان مىللىي كىملىك مەسىلىسى ۋە مائارىپىمىزنىڭ تېخىچە چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەسىلە ھالىتىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

ھۆرمەتلىك ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەپەندى، سىز ئوقۇغۇچىلىرىڭىزنىلا ئەمەس، ئەسەرلىرىڭىز بىلەنمۇ نۇرغۇن ئوقۇرمەننىمۇ تەربىيىلەپ كېلىۋاتىسىز. جىسمىڭىز ئۈرۈمچىدە بولسىمۇ، مۇبارەك نامىڭىز يىراق-يىراقتىكى نۇرغۇن ئوقۇرمەنلىرىڭىزنىڭ يادىدا بىرگە تۇرىدۇ. مەن بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان ئوقۇرمەنلەر نامىدىن سىزگە چوڭقۇر رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن. «ھەۋەسكار ئاپتورنىڭ ئەسىرىنىڭ يېرىمى ئارتۇق»

بولارمىش. سىزنىڭ ساياھەتنامىڭىز ئۈستىدە سۆز ئېچىپ، ئۆزۈمنىڭ گېپىنى نېمانچە كۆپ دەۋەتتىم-ھە؟ تۈگمەيدىغان سۆز، ئاخىرلاشمايدىغان جەريان يوق. ھازىرچە سۆزۈمنى مۇشۇ يەردە توختىتاي. ۋاقىت-پۇرسەتلىرىڭىز يېتىپ، سالامنامەمگە ئىنكاس بىلدۈرسىڭىز تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىش ھېسابلايمەن.

«قوۋۇز قاپارغۇدەك»«قىزىلچى»لارغا ئېشىنىپ، ئاللانىڭ راۋاسى بىلەن يەنە چەت ئەمەلكەتلەرگە چىقىش پۇرسىتى كېپقالسا، يەنە«غىپپىدە»قېچىپ كەتمەي، ئەتراپىڭىزدىكى سىرداش دوست، قوشنا-قولۇم، شاگىرتلىرىڭىزنىڭ ئامانلىق تىلەكلىرىنى ئالغاچ كېتەرسىز. ئاخىرىدا، ئائىلىڭىزگە بەخت، تېنىڭىزگە سالامەتلىك، بارلىق ئىشىڭىزغا ئۇتۇق تىلەيمەن. قەدىمىڭىز ۋە قەلىمىڭىزدىن گۈللەر ئۈنگەي! خەير، خۇداغا ئامانەت.

**ئۇقۇرمەن ئىنىڭىز: ئابدۇۋاھىد مەتنىياز ئىمىن**

2005-يىل 11-ئۆكتەبىر، بوسكام — گۈلباغ

## نەقىل مەنبەلىرى


[1] غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەربتە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003-يىل نەشرى 200-بەت.

[2] ۋىل دۇرېنت (ئامېرىكا): «شەرق مەدەنىيىتى»، چىڭخەي خەلق نەشرىياتى 1998-يىل خەنزۇچە نەشرى 139-، 154-بەتلەر.

[3] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002-يىل نەشرى 91-بەت.

[4] ۋىللىيام مىكگائۆزىي (ئامېرىكا): «دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى»، «شىنخۇا» نەشرىياتى 2003-يىل خەنزۇچە نەشرى 41-بەت.

[5] جىڭ جىنجۇ: «مائارىپ ئومۇمىي نەزەرىيىسى»، شەرقىي جۇڭگو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2000-يىل خەنزۇچە نەشرى 57-، 58-بەتلەر.

[6] ۋايىد خېد (ئەنگلىيە): «مائارىپنىڭ مەقسەتلىرى»، «ئۈچ بىرلەشمە»كىتابخانا نەشرىياتى 2002-يىل خەنزۇچە نەشرى 26-بەت.

[7] ئولېگ. ك. درېيېر(روسىيە)، «تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر دۇچ كېلىدىغان مائارىپ مەسىلىلىرى: شەرقىي ياۋروپا چۈشەنچىسى»، قاراڭ: مەركەز مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «دۇنيا مائارىپىغا نەزەر»(1) ناملىق توپلام، مائارىپ ئىلمى نەشرىياتى 1983-يىل خەنزۇچە نەشرى210-بەت.

[8] چىڭغىز ئايتماتوف، مۇختار شاخانوف: «قىيادىكى ئوۋچىنىڭ ئاھ-زارى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004-يىل نەشرى 4-، 5-بەتلەر.

[9] تۇرسۇن قۇربان: «تەلىم-تەربىيە سۈپىتى ۋە مىللەتنىڭ سابابى مەسىلىسى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1998-يىل 3-سان 27-، 28-بەتلەر.

[10] ئابدۇۋاھىد مەتنىياز ئىمىن: «ئىجادىيەت تەربىيىسى ھەققىدە»، «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 2002-يىل 23-ئىيۇل سانى.

[11] بي يۈنشىڭ، تياۋسيۇمىن تۈزگەن: «جۇڭگونىڭ سابا مائارىپى»، سىچۇەن خەلق نەشرىياتى 2001-يىل خەنزۇچە نەشرى 198-بەت.

[12] ئابلىكىم ئابلىمىت: «ئوبارانىڭ مائارىپ ئىدىيىسى»، «شىنجاڭ مائارىپى»ژۇرنىلى 2005-يىل4-سان21-بەت.

[13] شياجىڭنۇڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «ئوكيانوس»، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى 2002-يىل خەنزۇچە نەشرى 1379-، 1873-بەتلەر.

[14]، [15] ئەن گېنجۇلاڭ(ياپونىيە): «مېنىڭ مائارىپ قارىشىم»، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1999-يىل خەنزۇچە نەشرى 11-، 12-بەتلەر.

[16] چېڭ جىن: «جۇڭگو، ياپونىيە، ئامېرىكا دۆلەتلىرىنىڭ ئەخلاقىي تەربىيىسى نىشانىنى سېلىشتۇرۇش»، «چەت ئەللەرنىڭ ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى» ژۇرنىلى(خەنزۇچە) 2005-يىل 1-سان 1-بەت.

[17] شاڭ جىزۇڭ: «ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ سېلىشتۇرما پېداگوگىكىسى»، خەلق نەشرىياتى 1989-يىل خەنزۇچە نەشرى 44-بەت.

[18] جىن يىمىڭ: «تەربىيە پرىنسىپلىرى»، ئەنۋېي مائارىپ نەشرىياتى 1995-يىل خەنزۇچە نەشرى 208-بەت.

[19] ئابدۇۋەلى ئەلى: «خوككويدۇدىكى كۈنلەر»، «تەڭرىتاغ»ژۇرنىلى 2004-يىل 3-سان 58-بەت.

[20] ئابدۇقادىر جالالىددىن: «ئابدۇقادىر جالالىددىن ماقالىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى2000-يىل نەشرى 196-بەت.

[21] ئىكارىي كوئىچى(ياپونىيە): «دادا، ئاپا خۇشھال ئۆتەيلى!»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 5-بەت.

[22] ترودېئو(كانادا): « مىللەتچىلىككە قارشى تۇرايلى!»، قاراڭ: «يېڭى ئەسىر: مۇتەپەككۇرلار ساداسى»، شىنجاڭ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2004-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 149-بەت.

[23] تيې بىگو: «روسو: ئېملغا مۇھەببەت»، «دۇنيا مائارىپ ئۇچۇرلىرى»ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 2004-يىل 7-، 8-(قوشما)سان 106-بەت.

[24] ياڭ خەنلىن، جوسەي: «چەت ئەل باللار مائارىپى تارىخى»، گۇاڭشى مائارىپ نەشرىياتى1993-يىل خەنزۇچە نەشرى 105-، 106-بەتلەر.

[24] جاڭ ۋۇشىڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «مائارىپتا يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيىسى»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2000-يىل خەنزۇچە نەشرى 271-بەت.

[26] دونالد.ر.كرۇيكشانك، دېبوراخ.ل. باينېر، كىم.ك. مېتكالىف (ئامېرىكا): «ئوقۇتۇش پائالىيىتى يېتەكچىسى»، جۇڭگو يېنىك سانائەت نەشرىياتى2002-يىل خەنزۇچە نەشرى 72-بەت.

[27]، [28]، [29] جىڭ جىنجۇ: «مائارىپ ئومۇمىي نەزەرىيىسى»، شەرقىي جۇڭگو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2000-يىل خەنزۇچە نەشرى 67-، 68-، 69-، 70-بەتلەر.

[30] جۇاڭ ۋېنجۇ قاتارلىقلار تۈزگەن: «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»(ئىجتىمائىي پەن قىسمى).(يىرىك مائارىپقا بېغىشلانغان مەخسۇس سان، 39-بەت: مەزكۇر ماتېرىيالنىڭ تۈزۈلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. — ئا).

[31] دونالد.ر.كرۇيكشانك، دېبوراخ.ل.باينېر، كىم.ك.مېتكالىف (ئامېرىكا): «ئوقۇتۇش پائالىيىتى يېتەكچىسى»، جۇڭگو يېنىك سانائەت نەشرىياتى 2002-يىل خەنزۇچە نەشرى 31-بەت.

[32]، [33]، [34]، [35] جون.ك. لۇند(ئامېرىكا): «مائارىپنىڭ يېڭى ئۆلگىسى»، «دۇنيا مائارىپى ئۇچۇرلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 2004-يىل 12-سان41-، 42-، 43-، 44-بەتلەر.

[36] ستېپھېن بال (ئەنگلىيە): «سىياسىي ۋە مائارىپ سىياسىتىنى بەلگىلەش - سىياسەت جەمئىيەتشۇناسلىقى ھەققىدە ئىزدىنىش»، شەرقىي جۇڭگو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2003-يىل خەنزۇچە نەشرى 17-بەت.

[37] جاۋچاڭشىڭ: «ب د ت مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى ئەلا مائارىپقا قانداق قارايدۇ؟»، «دۇنيا مائارىپى ئۇچۇرلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 2004-يىل 9-سان 15-بەت.

[38] ۋاڭ كۈنچىڭ: «روھ ۋە مائارىپ»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2002-يىل خەنزۇچە نەشرى 100-بەت.

[39]، [40] جون.ك. لۇند (ئامېرىكا): «مائارىپنىڭ يېڭى ئۆلگىسى»، «دۇنيا مائارىپى ئۇچۇرلىرى»ژۇرنىلى 2004-يىل 12-سان 41-بەت.

[41]، [42] جاڭ شىجۇن، جاڭ مىنشۇەن: «SAGE پىلانى ۋە كىچىك سىنىپ ئوقۇتۇشى تەتقىقاتى»، «چەت ئەللەرنىڭ ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ

[43] رەن يۈنفېي: «كېسەل - جۇڭگو مائارىپىدىكى خەۋپ ۋە تەنقىد»،

نەنفاڭ (جەنۇب)نەشرىياتى 1999-يىل خەنزۇچە نەشرى 20-بەت.

[44] ئىلھام توختى: «ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ ساپاسىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان مائارىپ ئىقتىسادىي ئامىلى ئۈستىدە تەھلىل»، «مىللەتلەر مائارىپى تەتقىقاتى»ژۇرنىلى(خەنزۇچە) 1995-يىل 3-سان 24-بەت.

[45]، [46]، [47]، [48] ياڭ خەنلىن، جۇسەي: «چەت ئەل باللار مائارىپى تارىخى»، گۇاڭشى مائارىپ نەشرىياتى 1993-يىل خەنزۇچە نەشرى 523-، 569-، 570-، 572-، 549-بەتلەر.

[49] م. دۇبار، ۋانزانتېن( فرانسىيە): «مەكتەپ جەمئىيەتشۇناسلىقى»، شەرقىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى2001-يىل خەنزۇچە نەشرى 27-بەت.

[50] جاڭ جىبېرېن قاتارلىقلار تۈزگەن: «چەت ئەللەرنىڭ مائارىپ جەمئىيەتشۇناسلىقىغا دائىر ماقالىلەردىن تاللانما»، شەرقىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989-يىل خەنزۇچە نەشرى 485-بەت.

[51] ياڭ خەنلىن، جۇسەي: «چەت ئەل باللار مائارىپى تارىخى»، گۇاڭشى مائارىپ نەشرىياتى 1993-يىل خەنزۇچە نەشرى 560-بەت.

[52] «مائارىپ تەرەققىياتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 2005-يىل 1-سان 15-بەت.

[53]، [54] رېن يۈنفېي: «كېمەل - جۇڭگو مائارىپىدىكى خەۋپ ۋە تەنقىد»، «نەنفاڭ » (جەنۇب) نەشرىياتى 1999-يىل خەنزۇچە نەشرى 126-بەت.

[55]، [56] جۇاڭ ۋېنجۇ قاتارلىقلار تۈزگەن: «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»(ئىجتىمائىي پەن قىسمى): (يېرىك مائارىپقا بېغىشلانغان مەخسۇس سان. 66-بەت؛ مەزكۇر ماتېرىيالنىڭ تۈزۈلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. — ئا).

[57] جاڭ تىۋڭ قاتارلىقلار تۈزگەن: «بۈگۈنكى زامان مائارىپىنىڭ دەستۇرى»، گۇاڭدۇڭ سايامەت نەشرىياتى 2001-يىل خەنزۇچە نەشرى 265-بەت.

[58] خورۋيۈېن، دۇشياۋلى: «دۆلىتىمىزنىڭ كەلگۈسى 15يىلدىكى مائارىپ بايلىقىدىكى تەمىنلەش-ئېھتىياج زىددىيىتى ۋە سىياسەت تاللاش»، «مائارىپ تەرەققىياتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 2005-يىل 6-سان 3-بەت.

[59] رېن يۈنفېي: «كېمەل - جۇڭگو مائارىپىدىكى خەۋپ ۋە تەنقىد»، «نەنفاڭ» (جەنۇب) نەشرىياتى 1999-يىل خەنزۇچە نەشرى 106-بەت.

[60] جۇاڭ چېجۈەن: «مائارىپ تۈزۈمى ۋە ئۆگىنىش جەمئىيىتى - ياپونىيىلىك ئىنىسكى مىنورۇ پروفېسسور بىلەن سۆھبەت»، «مائارىپ تەرەققىياتى تەتقىقاتى»ژۇرنىلى(خەنزۇچە) 2005-يىل 4-سان 66-بەت.

[61] جۇاڭ ۋېنجۇ قاتارلىقلار تۈزگەن: «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئىجتىمائىي پەن قىسمى).( يېرىك مائارىپقا بېغىشلانغان مەخسۇس سان 44- بەت؛ مەزكۇر ماتېرىيالنىڭ تۈزۈلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. — ئا).

[62] ۋىنكېنت. ن. پارىللو، جون ستىمسون، ئاردىس ستىمسون(ئامېرىكا): «بۈگۈنكى دەۋردىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر»، «خۇاشيا» نەشرىياتى 2001-يىل خەنزۇچە نەشرى 6-، 7-بەتلەر.

# يىراق...

*«ئاقىلنىڭ ئىجتىھات، ھىممىتى بىلەن*
*ئاسمانغا ئاقاشقاي ئىل- يۇرتنىڭ بېشى.*
*جاھىلنىڭ نادانلىق كۈلپىتى بىلەن*
*سىل بولۇپ تۆكۈلەر ئىل- يۇرتنىڭ بېشى.»* [1]

*— ھاجى ئەھمەت كۆلتېگىن*

## 1

جەمئىيەت كونكرېت ئادەملەردىن تەركىبلەنگەن ئومۇمىي گەۋدە. جەمئىيەت تەرەققىياتى شۇ جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئىزدىنىش، ئىنتىلىشلىرىنىڭ ئومۇمىي جەريانىدىن ئىبارەت. ئادەملا بولىدىكەن، ئۇنىڭدا مەلۇم بىر خىل ھېسسىيات ۋە ئېھتىياج بولىدۇ. بۇ، ئادەمنىڭ تەبىئىيلىكىدۇر. بۇ خىل ھېسسىيات ۋە ئېھتىياجلار ئومۇمىي ئىرادە ۋە مۇددىئانى تەشكىل قىلىدۇ. كىشىلەردىكى ئاشۇ ئىرادە، مۇددىئالار بىرلىشىپ مەلۇم ئىجتىمائىي «ئۇتوپىيە»- غايە شەكىللەندۈرىدۇ. مۇبادا، كىشىلەردە ئورتاق ئېتىقاد، ۋىجدانەن چەكلىمە- پەرھىزلەر بار بولسا، بۇنىڭغا ئۇلاردىكى ئالىيجانابلىق، ئۆزىنى بېغىشلاش روھى قوشۇلسا، ئۇلار چوڭ ئىشلاردا ئوڭايلا بىرلىشەلەيدۇ. شۇڭا، جەمئىيەت تەرەققىياتى جەريانى ئادەتتىكى كىشىلەر بىلەن سەرخىللارنىڭ ئوخشىمىغان شەكىللەردىكى تىرىشچانلىقلىرىدا ئىپادىلىنىدۇ.

ئالدىن ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئۈن-تىنسىز، ھەشەمەتسىز، مىننەت- تەمەسىز ھاياتلىق پائالىيەتلىرى تارىخنىڭ ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن مۇھىم بىر تۆھپە. يەنە بىر تەرەپتىن، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ پائالىيەت سورۇنى سەرخىللار تۇغۇلىدىغان ماكاندۇر. ئادەتتىكى كىشىلەر تارىخ ئۈچۈن سەرخىللارنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. سەۋەبى، سەرخىللار قانداقتۇر خۇدانىڭ ئالاھىدە ئارزۇلۇق بالىلىرى ياكى ئالاھىدە گېننىڭ ئېرسىي نەتىجىسى ئەمەس. ئۇلارنىڭمۇ ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشاشلا تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرى بار. ئۇلارمۇ ئالدى بىلەن بىئو دۇنيانىڭ يارالمىسى بولۇپ، ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشاشلا تەققى- تۇرق، چىراي- قامەتكە ئىگە. ئۇلارمۇ ئوخشاشلا ئوزۇقلىنىدۇ، ئارام ئالىدۇ، نىكاھلىنىدۇ. ئالاھىدە شەخسلەر ئادەتتىكى كىشىلەر ئارىسىدا تۇرۇپ، ئۇلاردىكى تۈرلۈك ئىستەكنى ئۆز ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەملەيدۇ؛ ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە كىشىلەرنى پەرقلەندۈرۈش، تاللاش ۋە تونۇشىدىكى قاراشلىرى ئۇلارنى مۇھىم نەزەر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

سەرخىللارنى بىز «زىيالىي» سۆزىگە يىغىنلاشتۇرۇپ چۈشىنىمىز. ئۇلارنى سىياسىي(ھاكىمىيەت، ئەسكىرىي ئىشلار)، ئىقتىساد، پەن- تېخنىكا، ئىدىيە- مەدەنىيەت (ئەدەبىيات- سەنئەت، ئاخبارات- نەشرىياتچىلىق، تەنتەربىيە) ساھەلىرى بويىچە ئايرىشقا بولىدۇ. مۇھىم ئورتاقلىق شۇكى، ھەرقانداق ساھەدىكى داڭلىق شەخسلەردە كۈچلۈك گۇمانلىنىش روھى ۋە تەنقىدىي روھ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىجادچانلىقى شۇنىڭدىن كەلگەن. ئۇلار ئەنئەنىگە، ھوقۇق- نوپۇزغا، شۇنداقلا ئۆزىگە تەنقىدىي رەۋىشتە قارايدۇ. ئۇلاردا كۈچلۈك كۆزىتىش ئىقتىدارى، ئالدىن كۆرەرلىك تالانتى، ئۆزىنى رېئاللاشتۇرۇش غايىسى، قەتئىيلىك، ئۆزىنى بېغىشلاش، ئۆزىگە ۋە ئۆز قوۋمىغا بولغان كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بولىدۇ. بۇ بارلىق داڭلىق

شەخسلەردىكى مۇھىم بولغان پەزىلەتتۇر. داڭلىق شەخسلەر دەۋرنىڭ چاقىرىقى، تاۋلىشى، تاللىشى ۋە شاللىشى بىلەن يېتىشىپ چىقىدۇ. ئۇلار مەلۇم ئالاھىدە دەۋردە بارلىققا كېلىدۇ يۇ، ھەممىشە بۇ دەۋردىن ھالقىپ كېتىدۇ. بىراق، ھەرقانداق جەمئىيەتتىكى مۇناسىۋەت شەكلى مەلۇم خىل قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن نەرسە بولغانلىقتىن، مەلۇم جەھەتتىن ئالاھىدە كۈچلۈك بولغان شەخسلەر ئۇچۇن يول ئېچىلىش ياكى ئېچىلماسلىقنى قوۋمدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىجتىمائىي، تارىخىي مۇناسىۋەتلەر بەلگىلەيدۇ. مەلۇم جەھەتتىن ئىقتىدارلىق بولغان شەخسلەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشىدىكى تارىخىي سەھنىڭمۇ قانۇنىيىتى بولىدۇ. سەرخىللارنىڭ رولى مەلۇم تارىخىي دەۋر ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئاندىن بىلىنىدۇ.

سىياسىي سەرخىللار ئۇزاقتىن بۇيان كۆپىنچە «مىللىي قەھرىمان» دېگەن نامدا سۈپەتلىنىپ كەلدى. سىياسىي سەرخىللار تارىختا تاسادىپىي رەۋىشتە ئوتتۇرىغا چىققان ئەمەس. زور تارىخىي ۋەقەلەرنى كىشىلەر ئۆزلىرى پەيدا قىلغان بولۇپ، سىياسىي سەرخىللار ئۇنىڭغا بىۋاستە، ئاساسلىق باش بولۇپ پىلانلىغۇچىلار، تەشكىللىگۈچىلەر، قاتناشقۇچىلار، قوماندانلىق قىلغۇچىلاردۇر. بۇلار ئاممىنى تەشكىللەش ۋە ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىشتا يۇقىرى ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ، ھەتتا بەزىدە ئۇلار ھەممىدىن ئۈستۈن كېلىدۇ. بۇنداق سەرخىللارنىڭ بىرى، ئۆزگەرتىشچان شەخسلەر، يەنە بىرى، ئىجادچان شەخسلەردۇر. ئۆزگەرتىشچان شەخسلەر ـ ھەرىكەتنىڭ تەسىرى كېيىنكى ۋەقەلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ھالقىلىق تەسىر كۆرسىتىدىغان، ئەگەر ئۇنىڭ مەلۇم خىل ھەرىكىتى بولمىسا، ۋەقەنىڭ تەرەققىياتى تامامەن باشقىچە بولۇشى مۇمكىن بولغان شەخسلەردۇر. ئۇلار مۇشۇ ئارقىلىق تارىخ ئۆزلىرىگە يۈكلىگەن ۋەزىپىلەرنى تاماملايدۇ: كونا تارىخنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، يېڭى بۇرۇلۇش ياساشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ؛ ئىجادچان شەخسلەرمۇ ئەقىل ـ پاراسىتى، ئىرادىسى، خاراكتېرى ئارقىلىق تارىخىي تەرەققىياتقا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ماۋزېدۇڭ ئەپەندى ئۆزگەرتىشچان شەخس، دېڭ شياۋپىڭ ئەپەندى بولسا ئىجادچان شەخستۇر. ئەگەر، ئەينى دەۋردە ماۋزېدۇڭ ئەپەندى بولمىغان بولسا، جياڭ جيېشى جۇڭگوغا باش بولاتتى. ئۇچاغدا، بەلكىم جۇڭگو خەرىتىسى باشقىچە سىزىلىشى، بەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلماسلىقى، قارا جەمئىيەت ھەرىكىتى تېخىمۇ ئەدەپ كېتىشى، 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا يەرلىك كۈچلەرنىڭ كۈچ تالىشىشى يۇقىرى پەللىگە يېتىشى مۇمكىن ئىدى.

سىياسىي سەرخىللارنىڭ رولىنى چۈشىنىش بىز ئۇچۇن بىر ئاز قىيىن. سىياسىي سەرخىللار بىلەن ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ تۇتقان ئورۇنلىرى ئوخشىمىسىمۇ، ئېرىشكەن نەتىجە ئاشۇ ئورتاق مەقسەت ئۇچۇن ئوخشاش. چۈنكى، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ مەلۇم سىياسىي ھەرىكەتلەردىكى رولى ئارتىسنىڭ تىياتىردىكى رول ئېلىشى بىلەن بەكمۇ ئوخشاش بولۇپ، ئارتىستلار قابىل رېژىسسورلارنىڭ تەربىيىلىشى ۋە يېتەكلىشىدە تىياتىرلاردا ياخشى رول ئېلىپ، ئورتاق مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندەك، ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ ئاشۇ سىياسىي سەرخىللارنىڭ يېتەكلىشىدە بىر ئومۇمىي مەقسەت ئۇچۇن ھەسسە قوشىدۇ. تارىخىي تەرەققىيات ئاشۇ رول ئالغۇچىلاردىنمۇ ئايرىلالمايدۇ. بۇ، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇھىم پىسخىك ۋە ئادەملىك ئۇلىدۇر. شۇڭا، مەقسەت، ئىرادە، ھەمكارلىق، كۈچ نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئادەتتىكى كىشىلەر تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇھىم كۈچلىرىدۇر. ھالبۇكى، رېژىسسورلار بولمىسا، ياكى ئۇلار ناباب بوپقالسا، ماھىر ئارتىسلارمۇ ئۆزئارا ماسلىشالماي، روللار ياخشى ئېلىنمىغاندەك، سىياسىي سەرخىللار بولمىسا، ئەل سەركىسىز قالىدۇ. شۇڭمۇ، سىياسىي سەرخىللارنىڭ رولى ھەققىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزگەن گېرمان مۇتەپەككۇرى فرىدرىخ نىچشى(1844 ـ 1890) مەخسۇس «ئەۋلىيالىق پەلسەپىسى» (超人哲学) نى ياراتقان. ئەۋلىيالىق پەلسەپىسىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى ئىرادىچىلىك بولۇپ، نىچشى ئۆزىنىڭ ھوقۇق ئىرادىسى نەزەرىيىسى ئارقىلىق جەمئىيەت تارىخىنى شەرھلىگەن. ئۇ، جەمئىيەتتە مەۋجۇد بولغان ئوبيېكتىپلىقنى تۈپتىن ئىنكار قىلغان: جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى ئىنكار قىلغان. ئۇ، «جەمئىيەت بىر توپ كىشىنىڭ دۆۋىسى ئەمەس، بەلكى ھەر بىر ئادەم پەقەت بەلگىلىك ھوقۇق ئىرادىسىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر. جەمئىيەتمۇ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا شەكىللەنگەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى ئەمەس، بەلكى ھوقۇق ئىرادىسى شەكىللەندۈرگەن مەھسۇلاتتۇر. شۇڭا، ئابستراكت بولغان ھوقۇق ئىرادىسى ـ ئۇتتۇش ـ ئوتتۇرۇش مەسىلىسى دەل ئىجتىمائىي توقۇنۇشنىڭ ئىچكى سەۋەبى» [2] دەپ قارىغان . ئۇنىڭ قارىشىچە، «ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ ھوقۇق ئىرادىسى پەيدا قىلغان مۇشۇنداق تراگېدىيىلىك توقۇنۇش جەريانىدا ‹ئەۋلىيا› ـ ھالقىما ئادەم ـ يەنى ھوقۇق ئىرادىسى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكەن ئادەم بارلىققا كېلىدۇ. ھوقۇق ئىرادىسى سۈپىتىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى ۋە (ئەۋلىيا) سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلىكى بۇنداق ‹ئەۋلىيا›نى ئايرىشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى» [3] دۇر. ئۇ، «ئەۋلىيا»نىڭ مۇنداق تۆت خىل ئالاھىدىلىكىنى كۆرسەتكەن: «بىرى، ‹ئەۋلىيا›لار خرىستىئان دىنىغا كەسكىن رەۋىشتە قارشى تۇرۇشى، ئەنئەنىگە، ئەقلىيلىككە قارشى تۇرۇشى، مۇستەقىل ئاڭغا ئىگە بولۇشى ھەممىدە ئۆز قاراشلىرىنى بارلىق ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ ئۈستىگە قويۇشى كېرەك. يەنە بىرى، يۇقىرى تالانتقا، پەۋقۇلئاددە ئىقتىدارغا ۋە ئەڭ ئالىي ھوقۇق ئىرادىسگە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ ئىرادىسى قانۇندۇر. ئۇلار دۇنيانى ئىدارە قىلىشى، خەلق ئۇنىڭغا مۇتلەق بويسۇنۇشى كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ئۇ رەھىم ـ شەپقەتسىز بولۇشى كېرەك... تۆتىنچىدىن، ئۇ كۈچلۈك جەڭگىۋارلىققا، تەۋەككۈلچىلىككە ئىگە بولۇشى، ھەر ۋاقىت دۇنيانى قۇتقۇزۇشقا تەييار تۇرۇشى، ئىنسانلارنى قۇتقۇزغۇچى چولپانغا ئايلىنىشى كېرەك» [4] . ئۇنىڭ بۇ تەلىماتىدىن ئاجايىپ غالىبانە نىيەت، كۈچلۈك مۇستەبىتلىك روھى تېمىپ تۇرىدۇ. ھېتلېر ئۇنىڭ تەلىماتى بويىچە شۇنداق «ئەۋلىيا» بولۇشقا ئۇرۇنۇپ، قىلمىغان قەبىھلىكى قالمىغان؛ ستالىنمۇ شۇ جۈملىدىكى شەخستۇر. ئۆزىنى «ئەۋلىيا»لىق تەختىگە كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنغان بۇنداق شەخسلەردىن دۇنياۋى ئاتاقا ئىگە بولغانلىرى ئاز بولسىمۇ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۇلارنىڭ «سايە»لىرىنى ئۇچرىتىش تەس ئەمەس.

گەرچە، سىياسىي سەرخىللارنىڭ ھەممىسى نىچشى سۈپەتلىگەندەك ھەم غايىبانە ھەم غالىبانە سۈپەتكە ئىگە بولغان، ئىنسانلار تەرەققىيات تارىخىنىڭ بارلىق تىزگىنىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرغان كىشىلەردىن بولمىسىمۇ، ئۇلار يەنىلا دەۋر روھىنىڭ ۋەكىللىرى. بىز بۇنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. چۈنكى، ئىدېئالىزملىق تەركىبلەرنى چىقىرىۋېتىپ قارىغاندا، مىللىي قەھرىمانلار تارىخىي دەۋرلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئالاھىدە تارىخىي ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن مەيدانغا كېلىدۇ. گېگىل(1770 ـ 1831) ئات ئۈستىدە ھەيۋەلەنگەن ناپالېئون

(1769 ـ 1821)نى شۇنداق سۈپەتلىگەن. ئەينى دەۋردە فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، ئىنقىلابنىڭ مېۋىسىنى قوغداشقا مادىرى بولمىغان. دەل شۇ پەيتتە، تارىخ زۇلپىقار بىلەن بۇ مېۋىنى قوغداشقا ئېھتىياجلىق ئىدى. ناپالېئون دەل مۇشۇنداق زۇلپىقار بولدى. ئۇ ئەينى دەۋردىكى فرانسىيىنىڭ تارىخىي بۇرۇلۇش پەيتلىرىگە ئېھتىياجلىق شەخستۇر. ئۇ پۈتكۈل ئىقتىدارى بىلەن تارىخ ئۇنىڭغا يۈكلىگەن ۋەزىپىنى تاماملىدى. ئۇ، ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرۇش جەريانىدا، بۇرژۇئا ئىنقىلابىنى ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە ئەكەلدى.

سىياسىي سەرخىللارنىڭ كۆپىنچىسى كونا ئەنئەنىدىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەر بولۇپ، ئۇلار خەلقنى كونا دەۋردىكى كۆپلىگەن «مۇقەددەس نەرسە»گە ئوت ئېچىشقا قوزغاتقۇچىلار ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغۇچىلاردۇر. ھەر بىر يېڭى ئىلگىرىلەش ھەممىشە دېگۈدەك مەلۇم «مۇقەددەس نەرسە»لەرگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىش، كونا، كۆنسايىن زەئىپلىشىۋاتقان، بىراق ئادەتلىنىپ، چوقۇنۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن تەرتىپلەرگە خائىنلىق قىلىش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، ئاۋام ئۇلارنىڭ بۇنداق ئىدىيىلىرىنى دەماللىققا چۈشەنمەسلىكى، قەلبىدىن ئۇلارغا ئورۇن بەرمەسلىكى، ھەتتا ئۇلارغا ئۆچمەنلىك قىلىشى مۇمكىن. ئەشەددىي مۇستەبىت ھوقۇقچىلىق ۋە نوپۇز ھامىيلىرى بۇنداق سەرخىللارنىڭ چىقىشىنى، ئۇلارنىڭ ئابرويىنىڭ ئېشىپ بېرىشىنى ھەر ۋاقىت ئۆزىگە دۈشمەن ھېسابلايدۇ. شۇڭا، تارىختا سىياسىي سەرخىللارنىڭ كۆپى ئەشەددىي مۇستەبىت ھوقۇقچىلىق ۋە چىرىگەن نوپۇزنىڭ ئىپلاس ئاياغلىرىدا نابۇت بولۇپكەتكەن.

جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىدا سىياسىي سەرخىللاردىن باشقا يەنە ئىقتىساد، پەن ـ تېخنىكا، ئىدىيە ـ مەدەنىيەت (ئەدەبىيات ـ سەنئەت، ئاخبارات ـ نەشرىيات، تەنتەربىيە) ساھەلىرىدىكى سەرخىللارنىڭ رولىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى، ئېسىل بايلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستى بىلەن مىللىي ئىگىلىك يۈكسىلىدۇ، كىشىلەر ئېشىنىز قالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ساخاۋەتلىك قەلبى يېتىم ـ يېسىرلار ئۈچۈن يەنە بىر نۇردۇر. تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ كۆزەتسەك، ئىقتىساد بىر قوۋمنىڭ سىياسىي ـ ھاكىمىيەت، پەن ـ تېخنىكىسى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، ئاخبارات ـ نەشرىيات، تەنتەربىيىسىنى يىمىرىلمەس قۇۋۋەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئەلنىڭ ئىشىنى ئوڭ، گېپىنى چوڭ قىلىدۇ. شۇڭا، بۈگۈنكى كۈندە ھەرقانداق بىر قوۋم ياكى دۆلەتتە بىلىملا ئەمەس، ئىقتىسادمۇ شۇنىڭ بىلەن تەڭداش رەۋىشتىكى كۈچتۇر. پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدىكى سەرخىللار تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، تەبىئىي مەۋجۇد كۈچلەرنى ئىنسانلارنىڭ ئىشلىتىشىگە سۇنغانلار بولۇپ، ئۇلار تۈرلۈك قانۇنىيەتنى بايقاش، قىياس قىلىش، تۈرلۈك ئۈسكۈنە ـ ئەسۋابنى ياساش ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغان. شۇنداق قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ ماددىي مەدەنىيىتىنى ياراتقان. ئۇلارنىڭ ھەر بىر زور بايقىشى، ماھىيەتتە ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنىڭ سىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشلىرى ئۈچۈن ئىشەنچلىك دەلىللەش ۋاستىسى بوپقالغان. مەسىلەن، قەدىمقى يۇنان ئاسترونومى ئارىستاكوس (م ب 310 ـ م ب 230) نىڭ «قۇياش مەركەز تەلىماتى»نى ئوتتۇرىغا قويۇشى ۋە «ئارىستاكوسنىڭ قايتا تۇغۇلۇشى» بولغان كوپېرنىك (1473 ـ 1543)نىڭ بۇ تەلىماتنى قايتا ئوتتۇرىغا قويۇشى ئىنسانلارنى قۇياش سىستېمىسىنىڭ تۈزۈلۈشى، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئورنى ۋە

ھەرىكىتىگە قارىتا بىرقەدەر توغرا تونۇشقا ئىگە قىلغان. پەن ـ تېخنىكىدىكى كەشپىيات ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىدىلا ئەمەس، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەسىدە بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك رول ئوينىغان. ماتورنىڭ ياسىلىشى ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە قاتناش سۈرئىتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇۋەتكەن بولسا، كومپيۇتېرنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىشلەپچىقىرىش، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش سۈرئىتى ۋە سۈپىتىنى ئىنسانلار تەسەۋۋۇر قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى. دېمەك، بىلىم ساھەسىدىكى داڭلىق شەخسلەرمۇ جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم تەركىبتۇر. ئالىي ئىدىيە ساھەسىدىكى سەرخىللار ـ يەنى مۇتەپەككۇرلەر كىشىلەرنى جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئۆتكۈر مەنىۋى تەنقىد قورالى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئىدىيە جەھەتتە تەبىئەت، جەمئىيەت قارىشى، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر، جەمئىيەت سىياسىيى ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈم ئىنقىلابىغا يېڭى يول ئاچىدۇ. شۇڭىمۇ دېڭ شياۋپىڭ ئەپەندىنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھات ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش تەسەۋۋۇرىغا يۇقىرى باھا بېرىمىز. مەدەنىيەت ساھەسىدىكى سەرخىللىق مەقامىغا يەتكەن يازغۇچى ـ ئەدىبلەر، دراماتورگلار، شائىرلار، مۇزىكانتلار، رەسساملار، ھەيكەلتىراشلار، ئارخىتېكتورلار تارىخىي تەرەققىيات ئۈچۈن دەۋر روھى سېزىمى ئاتا قىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ دۇنيادىكى ھاياتلىقنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى يېپيېڭى نەزەردە كۆزىتىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇلار، مۇنداقچە ئېيتقاندا، خەلقنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ، شادلىقىغا كۈلگۈچىلەر. ئۇلاركىشىلەرنىڭ روھىي قىياپىتىنى بەدىئىي تۈس بىلەن قەلەمگە ئېلىپ، ئۆلمەس تارىخ پۈتىدۇ. بۇ ساھەدە دۇنيادا كۆپلىگەن داڭلىق شەخس ئۆتكەن بولۇپ، بۇنداق ئاتاقلىق ئەربابلار ئۆزلىرى پائالىيەت ئېلىپ بارغان دائىرە ئىچىدە جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تەسىر كۆرسەتكەن. ھازىر بۇ تۈردىكى داڭلىق شەخسلەرگە يەنە تۈرلۈك تەنھەرىكەت، ماھارەت چولپانلىرى قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇلار دەۋرداشلىرىغا زۆرۈر مەنىۋى ئوزۇق، مىللىي ئىشەنچ، غۇرۇر ئاتا قىلىۋاتىدۇ. «پەلەك شاھى»ئادىل ھوشۇر ئەپەندىنىڭ دارۋازلىقتىكى كاتتا نەتىجىلىرى، «ئاسىيا بوكس چېمپىيونى»، «ئولىمپىك ئوغلانى»ئابدۇرەھمان ئابلىكىم ئەپەندىنىڭ ئاسىيادىن ھالقىغان بوكسىيورلۇق ئىقتىدارى، دۇنياۋى شۆھرەتلىك ناخشىچى دىلبەر يۇنۇس خانىمنىڭ خەلقئارا سەھنىدىكى ناخشىلىرى، ئەل سۆيگەن ناخشىچى ئابدۇرېھىم ھېيت ئەپەندىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىدىكى دۇتار ماھارىتى ئۆزلىرىگە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي قىممەت ئەكېلىپلا قالماي، بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ مەنىۋى ئىنتىلىش نۇقتىسىنىڭ جانلىق ئەۋرىشكىلىرىدۇر.

## 2

بىز تارىخنى تەتقىق قىلىش ۋە چۈشىنىشتە ئۇنى ئوخشىمىغان ئاساسلار بويىچە دەۋرلەرگە بۆلىمىز. تارىخنى شەخسنىڭ رولى بويىچە دەۋرگە بۆلۈپ ئىزاھلاش مۇشۇ خىل ئېھتىياجدىن كەلگەن مۇھىم بىر خىل ئۇسۇلدۇر. ئىتالىيىلىك مۇتەپەككۇر، تارىخشۇناس، ئېستېتىكشۇناس گيوۋاننى. باتىستا. ۋىكو(1668 ـ 1744) تارىخنى تەرەققىياتنىڭ باسقۇچ بويىچە تەدرىجىي ئىلگىرىلەشتەك ئورگانىك جەريان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، تارىخ پەلسەپىسىنىڭ مۇھىم بىر ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ۋىكو ئادەملەرنىڭ تارىخ يارىتالايدىغانلىقىنى، تارىخنىڭ قانۇنىيىتىنى توغرا چۈشىنىش

كىرەكلىكىنى، خۇدانىڭ تارىخنىڭ ئىلگىرىلەش تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە تەسىر قىلمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. غەرب دۇنياسىدا ۋىكودىن بۇرۇن مەشھۇر مەدرىسە پەيلاسوپى ئاۋگۇستىن(430 ـ 350)نىڭ تېئولوگىيىلىك ـ ئىلاھىيلىك تارىخ قارىشى باشتىن ئاخىر نوپۇزلۇق ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ تەبىئەتتىن ھالقىغان تەقدىر ئىلاھى ـ خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن ئىنسانلارنى قۇتۇلدۇرۇشقا ئۈرۈنغانىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، تارىختىكى بارلىق ۋەقە تەبىئەتتىن ھالقىغان كۈچ ـ خۇدانىڭ بىۋاسىتە ئارىلىشىشىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئاۋگۇستىن بارلىق تارىخ مەسىلىسىگە تەجرىبە ئەمەلىيىتىگە بولغان تەتقىقات ئارقىلىق ئەمەس، ۋەھىي ئارقىلىق جاۋاب بەرگەنىدى. بۇنداق تېئولوگىيىلىك تارىخ قارىشىدا، شۈبھىسىزكى خۇدا تارىخنىڭ مەركىزى ئىدى. ۋىكونىڭ يېڭى تارىخ قارىشى ئىنسانلارنىڭ تارىخ پەلەپىسىگە بولغان چۈشەنچىسىنىڭ يېڭى پەللىسىدۇر. ۋىكونىڭ قارىشىچە، ھەرقانداق مىللەتنىڭ تارىخ تەرەققىياتى ئىلاھلار دەۋرى، قەھرىمانلار دەۋرى، ئاۋام دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ مۇناسىپ پىسخىكا، تىل، دىن، سەنئەت، سىياسىيلىرى بولىدۇ. تەدرىجىي تەرەققىياتى ئىلگىرىلەيدۇ ۋە يەنە ئايلىنىدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ دەۋرى ھەمدە ئەسلىگە قايتىپ ئايلىنىشىدىكى تەدرىجىي ئىلگىرىلەش جەريانى ئىنسانلارنىڭ بارلىق تارىخنىڭ مەزمۇنىدۇر.

بىز ۋىكونىڭ بۇ قارىشىنى كېڭەيتىپرەك چۈشەنسەك، «ئىلاھلار دەۋرى» «ئىلاھ ھۆكۈمرانلىقى» دەۋرىدۇر. يەنى، بىر قوۋمنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادنى چۆرىدەپ تەپەككۇر قىلىدىغان دەۋرىدۇر. قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرى ساددا بولۇپ، تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئۆزلىرى ھەققىدىكى بىلىشى ئىنتايىن تۆۋەن باسقۇچتا بولىدۇ. ھەممىنى تۇتېملارغا، ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلغان ئىلاھلارغا باغلاپ چۈشىنىدۇ. تەقدىرچىلىك قارىشى كۈچلۈك بولىدۇ. «قەھرىمانلار دەۋرى» «ئاقسۆڭەكلەر ھۆكۈمرانلىقى» دەۋرىدۇر. بۇ، كىشىلەرنىڭ «ئىلاھلار دەۋرى»گە قارىغاندا كۆپ پىشىپ يېتىلگەن مەزگىلى بولۇپ، بۇ چاغدا قوۋمنىڭ ئومۇمىي ھاياتىدا پادىشاھ ـ ھۆكۈمدارلار تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇھىم ھەرىكەت كۈچىگە ئايلانغان بولىدۇ. ئاۋامنىڭ تەقدىرى ئاشۇلارنىڭ ئىرادىسى، تىرىشچانلىقىغا باغلىق بولىدۇ. «ئاۋام دەۋرى» بولسا، «خەلق ھۆكۈمرانلىقى» دەۋرى بولۇپ، يالغۇز ئاقسۆڭەكلەرلا ـ يەنى سىياسىي سەرخىللارنىڭلا تارىخىي تەرەققىياتنى بەلگىلەش ھالىتى ئۆزگىرىپ، ئىقتىساد، پەن ـ تېخنىكا، ئىدىيە ـ مەدەنىيەت ساھەلىرىدىكى سەرخىللارنىڭ، شۇنداقلا كەڭ ئاۋامنىڭ تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇھىم ھەرىكەت كۈچىگە ئايلىنىشىدۇر.

ۋىكو كۆرسەتكەن «تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئايلىنىش قانۇنىيىتى» بويىچە، بىر قوۋمنىڭ تارىخى ئىلاھلار دەۋرى، قەھرىمانلار دەۋرى ۋە ئاۋام دەۋرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، يەنە قايتىدىن ئىلاھلار دەۋرىگە كۆچىدۇ. ۋىكو نېئاپول ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھوقۇقشۇناسى. ئۇ نېئاپول پادىشاھلىقىنىڭ ئوردا سالنامە ئەمەلدارى بولغان. شۇڭا، بىز ئۇنىڭ يۇقىرىقى قارىشىنى ھەرگىزمۇ پەلەپەتىش جۆيلۈش دېيەلمەيمىز. ئەگەر، بۇ قاراش ھەقىقەتەن رېئاللاشسا، بۈگۈنكى ئىنسانلار مەلۇم زامانلاردىن كېيىن ھازىرقى پارلاق تەرەققىياتىدىن تولۇق خوشلىشىپ، قايتىدىن ئىپتىدائىي ئىنسان ھالىتىگە قايتىدۇ دېگەن گەپ. «شەيئىلەر تەرەققىي قىلىپ چېكىگە يەتكەندە ئەكسىگە قايتىدۇ» دېگەن پەلسەپىۋىلىك قانۇنىيەت بويىچە قارىغاندىمۇ (مەسئۇل مۇھەررىردىن قىستۇرما)، بەلكى، ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان دۇنياۋى مىقياستىكى زور ئۆزگىرىشلەر، مۇھىت بۇلغىنىش، تەبىئىي ئاپەتلەر سەۋەبىدىن ئۆزئۆل ـ كېسەل ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ ـ يەنى «قىيامەت قايىم» بولۇپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئىپتىدائىي تۇرمۇشنى يەنە قايتىدىن باشلىشى ھەققىدىكى ئىلمىي قىياس بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق بىر پاجىئە يۈز بېرىشتىن ئاۋۋال، ياراتقان ئىگىسى ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ، دىيانەت، مېھىر ـ شەپقەت ۋە پاكلىق ئاتا قىلغاي!

ئەسلىي سۆزىمىزگە كەلسەك، قوۋمنىڭ «قەھرىمانلىق دەۋرى»دىكى تىرىشچانلىقلىرى، ئىرىشكەنلىرى، يوقاتقانلىرى «ئاۋام دەۋرى»ئۈچۈن سىلىنغان مۇھىم ئۇل بولۇپ، بۇنداق ئۇل «ئاۋام دەۋرى»دىكى ئىجتىمائىي ئارقاكۆرۈنۈش ــ «دېكوراتسىيە»نى تۈزىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق بىر قوۋم ئۈچۈن «قەھرىمانلار دەۋرى»دە ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ سىياسىي سەرخىللىرى بولۇشى كېرەك. قەھرىمانلىق دەۋرىدە بەزى قوۋملارنىڭ سىياسىي سەرخىللىرى ئىدىيە جەھەتتىن جەمئىيەت تەرەققىياتى يۆنىلىشىدىن چەتنەپ كېتىشى، جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئۇلارنى چۈشىنەلمەسلىكى، نوپۇز ھامىيلىرى ۋە ئىچكى ـ تاشقى رەقىبلەرنىڭ زىيانكەشلىكى، ئۆزلىرىنىڭ قابىلىيەتسىزلىكى قاتارلىق سەۋەبلەردىن، ئۇ سىياسىي سەرخىللار ـ ئاقسۆڭەكلەر ئەسلىي بولۇشقا تېگىشلىك تارىخىي رولىنى يوقىتىشى مۇمكىن. ئەگەر، بىر قوۋم «قەھرىمانلار دەۋرى»دە زۆرۈر سەرخىللارنى يارىتالمىسا، ئۆزلىرى ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك زۆرۈر نەرسىلىرىنى يوقىتىپ قويسا، بۇ شۇ قوۋمنىڭ «ئاۋام دەۋرى»دىكى سىياسىي، ئىقتىساد، ئىلىم ـ پەن، ئىدىيە، مەدەنىيەت ـ سەنئەت جەھەتتىكى چۈشكۈنلۈكىگە سەۋەب بولىدۇ. بىز بۇ يەكۈننى بۈگۈنكى تۈركىي قوۋملاردىن كۆردۇق.

مەلۇمكى، ئىنسانلارنىڭ خاتىرىگە ئېلىنغان تارىخى ئاز دېگەندە ئالتە مىڭ يىلغا يېتىدۇ. بۇ جەرياندىكى تەخمىنەن ئۈچ يېرىم مىڭ يىلچە ۋاقىتتا شەرق ـ توغرىراقى يېقىن شەرق ئىنچىل رەۋىشتە دۇنيانىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بوپكەلدى. تارىخشۇناسلارنىڭ ئىزاھلىشىچە، «يېقىن شەرق» ـ روسىيە ۋە قارا دېڭىزنىڭ جەنۇبى، ھىندىستان ۋە ئافغانىستاننىڭ غەربىي رايونلىرى، يەنى ئاسىيانىڭ غەربىي جەنۇبىنى كۆرسىتىدۇ. مىسىر بىلەن يېقىن شەرقنىڭ مەدەنىيىتى قەدىمدىن بۇيان تومۇرداش بولغاچقا، ئۇ بەزىدە يەنە مىسىرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئامېرىكا مەدەنىيەت تارىخشۇناسى ۋىل دۇرېنت 1935 ـ يىلى يازغان «شەرق مەدەنىيىتى» دېگەن كىتابىدا: «بىز يېقىن شەرقنىڭ تارىخىنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلغانسېرى، ئۇنىڭغا شۇنچە رەھمەت ئېيتىشىمىز كېرەكلىكىنى ھېس قىلىمىز. چۈنكى ئۇ ياۋروپا ـ ئامېرىكا مەدەنىيىتىنىڭ ھەقىقىي ئىجادچىسىدۇر»[5] دەپ يازىدۇ. ئۇنىڭ يەكۈنىچە، «بۈگۈنكى غەرب مەدەنىيىتى ـ يەنى ياۋروپا ۋە ئامېرىكا مەدەنىيىتى كرېت، يۇنان، رىم مەدەنىيەتلىرىدىن تەرەققىي قىلغان. ھالبۇكى، ئەڭ دەسلەپكى مەنبە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، مەدەنىيەتنىڭ مەنبەسى يەنىلا ئوتتۇرا شەرقتۇر. چۈنكى، ئارىيانلار مەدەنىيەت ياراتمىغان ـ ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى بابىلون ۋە مىسىردىن كەلگەن. رىم مەدەنىيىتىنىمۇ رىملىقلار مۇستەقىل رەۋىشتە ياراتمىغان. ئۇلار يېقىن شەرقنىڭ سەنئەت ۋە ئىلىم ـ پەن نەتىجىلىرىنى سودا ۋە ئۇرۇش يولى بىلەن رىمغا كىرگۈزگەن»[6].

يېقىن شەرقنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەدەنىيەت ئوتتۇقلىرىنى ياراتقان قوۋملار ئېلاملار، سومېرلار ۋە ئەرەبلەردۇر. ئېلام (埃兰، 依兰، Elam) سۆزى ئىبرايچە «ئېگىزلىك» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئېلامدا مىلادىدىن بۇرۇنقى 3000 ـ يىللاردا دۆلەت

شەكىللەنگەن. دۆلەت مەركىزى سۇسا بولۇپ، ئېلاملار يەنە «سۇسالار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قەدىمكى سۇسا شەھىرىنىڭ ئورنى بۈگۈنكى ئىرانىنىڭ خوجىستان ئۆلكىسىگە توغرا كېلىدۇ. سومېر (somer)لار قەدىمكى غەربىي ئاسىيادىكى يەنە بىر مەدەنىيەتلىك قوۋم بولۇپ، ئۇلار ياشىغان ماكان بۈگۈنكى ئىراقنىڭ قادىسىيەھ ئۆلكىسىگە توغرا كېلىدۇ. ئارام (Aram, 阿拉米) لەر غەربىي ئاسىيادىكى يەنە بىر قەدىمكى قەبىلىدۇر.

تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، مىلادىدىن4500 يىللار مۇقەددەم مەزگىللەردە «ئېلاملار دانلىق زىرائەتلەرنى تېرىغان، تەسۋىرىي يېزىق ئىجاد قىلغان، سودا ھۆججەتلىرى يېزىشقان» [7]. «ئېلاملار ئەڭ دەسلەپ ئات ھارۋىسىنىڭ چاقىنى ئىشلەتكەن. كېيىنچە بابىلونلۇقلار، مىسىرلىقلار ئۇنى كەڭ تۈردە ئىشلەتكەن» [8]. سومېرلار مىلادىدىن بۇرۇنقى 4000- يىللاردا ئۆستەڭ چېپىپ، سۇغىرىش سىستېمىسى بەرپا قىلغان. يەر ھەيدەش تېخنىكىسى سومېرلاردا ناھايىتى بۇرۇن كۆرۈلگەن؛ قەدىمكى سومېرلاردا ناھايىتى مول دورىگەرلىك ۋە ئاسترونومىيە بىلىملىرى بولغان.

سومېرلار بۇنىڭدىن 5000يىل ئىلگىرى شەھەر بىنا قىلغان بولۇپ، دۆلەت ئۇيۇملۇق بولغان مەمۇرىي سىستېمىلار ۋە فېئودال تۈزۈمدىن باشقا، قانۇنغا تايىنىپ باشقۇرۇلغان. بابىلون پادىشاھى خانمۇرابى(1750 م ب - 1792 م ب) نىڭ نامى بىلەن ئاتالغان مەشھۇر «خانمۇرابى قانۇنى» سومېرلار ئەڭ دەسلەپ تۈزگەن «ئۇر قانۇنى»نى مەنبە قىلغان. سومېرلار يېزىش تېخنىكىسىنى دۇنيادا بىرىنچى بولۇپ تەرەققىي قىلدۇرغان. ئامېرىكىلىق داڭلىق تارىخشۇناس، سىياسىيشۇناس، جەمئىيەتشۇناس ئالىم ۋىللىيام مىككائۇزىنىڭ يەكۈنىچە، «مىلادىدىن ئاۋۋالقى3500- يىللىرىدىن مىلادىدىن ئاۋۋالقى3000- يىللىرىغىچە ئارىدا مىسىردا يېزىق مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن. مىلادىدىن ئاۋۋالقى3000- يىللىرى ھىندىستان ۋە خاراپپا مەدەنىيىتىدە، مىلادىدىن ئاۋۋالقى2000- يىللاردا كرىت ۋە جۇڭگو مەدەنىيىتىدە يېزىق تىلى مەدەنىيىتى كۆرۈلۈشكە باشلىغان» [9]. ھالبۇكى، «ئۇلار(سومېرلار) مىلادىدىن بۇرۇنقى 4000- يىللاردا يېزىق مەدەنىيىتىنى كەشىپ ئەتكەن» [10]. ئېنىقلىنىشىچە، «سومېرلارنىڭ سىزىق شەكىللىك يېزىقى مىلادىدىن بۇرۇنقى 3600- يىللىرى پەيدا بولغان [10]». «مىلادىدىن بۇرۇنقى 3200- يىللارغا كەلگەندە چالما خەت- چەكلەر كۆرۈلۈشكە باشلىغان» [12]. مىسىردا مىلادىدىن بۇرۇنقى 3000- يىللاردا ئېروگلىف(شەكىل) خېتى كەشىپ قىلىنغان. يەنى، «... مىسىرنىڭ تەسۋىرىي يېزىقى مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن سومېر يېزىقىدىن تەرەققىي قىلغان دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ تۇيۇقسىز پەيتتە مۇكەممەل ئوتتۇرىغا چىققان» [13]. ئىسپاتلىنىشىچە، سومېرلار بىلەن مىسىرلىقلارنىڭ قوللانغىنى رەسىم بەلگىلىرىنى ئاساس قىلغان يېزىق بولۇپ، ئۈچىنچى مىللەتلەر- ھىندى دەريا ۋادىسىدىكى ئارىيانلار، جۇڭگولۇقلار ۋە ئوتتۇرا ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مايالار تەسۋىرىي يېزىقنى ئازدۇر- كۆپتۇر مۇستەقىل رەۋىشتە تەرەققىي قىلدۇرغان. ۋىللىيام مىككائۇزىنىڭ قارىشىچە، مەتبەئە سومېرلار ئىشلەتكەن مۆھۈرنى لاي ئۈستىگە بېسىشتىن باشلانغان بولۇشى مۇمكىن. بۇلارنىڭ قەدىمكى يېزىقى دۇنيادىكى بارلىق قوۋمنىڭ يېزىق ئىجادىيىتىنىڭ مەنبەسىدۇر. يەنى، مىلادىدىن بۇرۇنقى 17- ئەسىردە كرىتتىكى مىنوسلار مىسىرلىقلار ۋە سومېر- ئاككاد مەدەنىيىتىدىن ئېلىپبە قوبۇل قىلغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 1450-يىللىرى كرىتنى بېسىۋالغان گرېكلار- يۇنانلىقلار مىنوسلارنىڭ يېزىقىغا تەقلىد قىلىپ بوغۇملۇق يېزىقنى تۈزگەن. بۇرۇنقى پارسلارنىڭ مىخ شەكىللىك يېزىقىمۇ ئارام يېزىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ھىندى ۋادىسىدا مىلادىدىن بۇرۇنقى 6-،7- ئەسىرلەردە براخما يېزىقى ئومۇملاشتۇرۇلۇشقا باشلىغان. بۇ خىل يېزىقتىن يەنە سانسكرىت يېزىقى، توخرى يېزىقى، ساك يېزىقى، بىراخمىچە تۈرك يېزىقى، تۈبۆت يېزىقى، باسبا يېزىقى قاتارلىق يېزىقلار ۋارىيانتلاشقان. يېزىقشۇناسلار بۇ خىل يېزىقنىڭمۇ باشقا يېزىقتىن كەلگەنلىكىنى پەرەز قىلىشىدۇ. قەدىمدە كەڭ قوللىنىلغان قەدىمكى قاروشتى يېزىقى، ئەرەب يېزىقى، چاغاتاي يېزىقى، سۈرىيە يېزىقى، مانى يېزىقى، سوغد يېزىقى، تۈرك يېزىقى(تۈرك- رونىك يېزىقى)، موڭغۇل يېزىقى، مانجۇ يېزىقى قاتارلىق يېزىقلار مۇقەددەم ئەرەب يېزىقىنىڭ ۋارىيانتلىرىدۇر. مىلادىدىن بۇرۇنقى 200- يىللاردا ئەرەبىستاندىكى ناباتا قەبىلىلىرى ئەرەب يېزىقىنى قوللانغان. مىلادى 106- يىلدىن باشلاپ، مۇشۇ يېزىق ئاساسىدا تۈزۈلگەن يېڭى سىناي يېزىقى قوللىنىلىشقا باشلىغان. مىلادى 5- ئەسىردە بۇ يېزىق ئاساسىدا ئەرەب يېزىقى تۈزۈپ چىقىلغان. جۇڭگو يازغۇچىسى، تەتقىقاتچى سۇلەن(苏兰) خانىم يېقىندا نەشر قىلىنغان بىر كىتابىدا، قەدىمكى خەنزۇ يېزىقىنى مىسىرنىڭ تەسۋىرىي يېزىقى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن، دەپ كۆرسىتىدۇ. بۈگۈنكى ياپونىيە يېزىقىنىڭ بىر خىلى بولغان بوغۇملۇق يېزىق- كاتاكانا يېزىقى مىلادى 8- ياكى 9- ئەسىردە جۇڭگودىن كىرگەن. موڭغۇل يېزىقى 13- ئەسىردە تۈرك - رونىك يېزىقى(ئۇيغۇر يېزىقى) ئاساسىدا تۈزۈلگەن. مانجۇ يېزىقى موڭغۇل يېزىقى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن. دېمەك، مەيلى ئۆلگەن يېزىقلار بولسۇن ياكى ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان يېزىقلار بولسۇن، ناھايىتى كۆپ قىسمى يىراق زامانىدىكى ئارام- سومېر يېزىقىنىڭ «نەۋرە- چەۋرىلىرى»دۇر. سومېرلار يەنە تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2500- يىللاردا مەكتەپ مائارىپىنى يولغا قويغان.

مەلۇم بولۇشىچە، يېقىن شەرقتە مىلادىدىن بۇرۇنقى 3000- يىللاردىن باشلاپ لاي تاختىلارغا يېزىلغان ئېنىق تارىخىي خاتىرىلەر بولغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 2700- يىللارغا كەلگەندە، سومېرلاردا كۆلىمى ۋە سان جەھەتتىن ئىنتايىن چوڭ بولغان كۇتۇپخانىلار بارلىققا كەلگەن. مىلادىدىن بۇرۇنقى 2300- يىللار سومېرلارنىڭ مەدەنىيىتى پىشىپ يېتىلگەن مەزگىلى بولۇپ، سومېرلارنىڭ شائىرلىرى، ئالىملىرى ئۇلارنىڭ يىراق قەدىمكى تارىخىنى يېزىشقا باشلىغان: «يارىلىش خاتىرىلىرى»، «شادلىق بېغى- گۈلىستان»، «قىيان» قاتارلىق ھېكايىلەرنى ئىجاد قىلغان... قىيان ھېكايىلىرى بابىلون ۋە ئىبرايىلارغا تارقىلىپ، ئاخىرىدا خرىستىئان ئېتىقادىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000- يىللاردا سومېرلاردا ئاللىقاچان تارىخشۇناسلار بولغان. ئۇلار قەدىمكى تارىخنى رەتلەپ، ئۆتمۈشنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، كەلگۈسىنى مۆلچەرلەشنى ئۈمىد قىلغان. ئۆز دەۋرىدە سومېرلاردىن يەنە كاتتا ئۇستىكارلار، شائىرلار، سەنئەتكارلار، پەيلاسوپلار ۋە ئەۋلىيالار چىققان. سومېر مەدەنىيىتى مېسوپوتامىيىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى مەدەنىيەت مىراسىدۇر. بۇ مەدەنىيەتلەر فارات، تىگرىس دەريالىرىنى بويلاپ، بابىلون ۋە ئاسسىرىيىگە تارقالغان.

بۈگۈنكى تارىخشۇناسلار سومېرلارنى ئۇلارنىڭ ئەينى دەۋردە ئىشلەتكەن تىلى ۋە بۈگۈنكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ئاساسىدا ئۇلارنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 5000- يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئانا

تەپەككۇر ئادىتى بولۇپ، ئانا تىلنى چەكلەش بىر پۈتۈن قوۋمنىڭ ھەزارەت ئاساسىنى چەكلەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. سابىق سوۋېتلار ئىتتىپاقى دۆلەت نامىنىڭ ئاخىرىغا «ئىتتىپاق» سۆزى قوشۇلغانىدى، تۈركىي قوۋملارنىڭ بايلىقى، زېمىنىلا ئەمەس، مىللىي ھەزارىتىمۇ ئەنە شۇنداق تالان- تاراج قىلىندى. تۈركىي قوۋملار ئۆز جەمئىيىتىدىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئۆزىنىڭ تەپەككۇر كۆزى بىلەن كۆزىتەلمىدى، ئۇلارنىڭ ئېڭى قۇلۇپلاندى. ھونگىرىيە كىچىككىنە بىر دۆلەت تۇرۇقلۇق، نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن يازغۇچىسى بار. ئەمما، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي مىللەتلەردىن پەقەت چىڭغىز ئايتماتوفلا بۇ شەرەپكە نامزات قىلىپ كۆرسىتىلدى. ئەمەلىيەتتە، نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن يازغۇچىلار ئەسەرلىرىدە جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىنى چوڭقۇرلاپ - ماھىيىتى بىلەن قازغانلاردۇر. رۇسلارنىڭ تۈركىي قوۋملارغا قاراتقان ئېپلاس -قارابېس سىياسەتلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي كرىزىسلار بۇ ئەدىبىيولوگىيە جاللاتلىرىنىڭ بېسىمى ۋە مەدەنىيەت تېررورلۇقىدىن قەلەمگە ئېلىنمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئايتماتوفنىڭ «قىيامەت» ۋە «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» قاتارلىق رومانلىرىدا ئېكولوگىيە مەسىلىسى كۆپرەك تىلغا ئېلىنىدۇ. دېڭىز- ئوكيان جۇغراپىيىشۇناسى ياك. كوستاۋ (Jaques . Cousteau): «20- ئەسىردىكى 100يىل ئىچىدە، ئىنسانلارنىڭ يەر شارىغا كەلتۈرگەن بۇزغۇنچىلىقى ئالدىنقى بارلىق ئىنسانلار تارىخىي دەۋرىدىكىدىنمۇ كۆپ ئېشىپ كەتتى» [14]دەيدۇ. مۇستەملىكە زېمىنىنىڭ بايلىقىنى تېز سۈرئەتتە ئېچىپ تالان- تاراج قىلىش، ئېكولوگىيىسىنى ۋەيران قىلىپ، يەرلىك قوۋملارنىڭ كەلگۈسىنى نەزەرگە ئالماسلىق بۇنداق ھۆكۈمدارلارنىڭ شۇ جايدا داۋاملىق پۇت تىرەپ تۇرۇشىغا ئىشەنمەسلىك خاھىشىدىن كېلىپ چىققان قەبىھلىكىدۇر. بۇنى باشقىچە مەنىدىكى تېررورىزم - ئېكولوگىيە تېررورىزمى دېسەكمۇ بولىدۇ. ئېكولوگىيىنىڭ ھۆكۈمەتلىك بۇزغۇنچىلىقى ئايتماتوف قەلىمىدىكى تىپىك ئالاھىدىلىك بولدى. ئەمما، ئەدىبىيولوگىيىدىكى بىر تەرەپلىمە خاھىشلار خىرە- شىرە زاھىر بولدى.

تەبىئىي پەنلەرنىڭ تەرەققىياتى تېخنىكىنىڭ ئۇلىدۇر. بۇ، قەدىمكى زاماندىن باشلاپ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كەلگەن. ئەپلاتوننىڭ ئىلىمخانىسى(学院)نىڭ دەرۋازىسى ئۈستىگە: «ماتېماتىكا بىلمىگەنلەر ئادەملەر ئارىسىغا كىرىشكە بولمايدۇ» دەپ يېزىلغان [15]. تۈركىي قوۋملاردا سەنئەت بىلەن تەبىئىي پەنلەر 15- ئەسىرلەرگىچە ماس قەدەمدە تەرەققىي تاپقان بولۇپ، شۇ زامانلاردا دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇراتتى. 20- ئەسىرگە كەلگەندە، ئۇلارغا مەبلەغ ۋە قوللاش مۇھىتى بولماي قالدى. پەقەت خەلق سەنئىتىلا قېپقالدى. بۈگۈنكى كۈندە تۈركىي تىل ئائىلىسىدىكى مىللەتلەردىن تۈرك، ئۆزبېك، ئەزەربەيجان، ئۇيغۇر، قازاق، تاتار، تۈركمەن، قىرغىز، چۇۋاش، باشقىرت، ئافشار، كاشكاي(قاشقىر)، قاراقالپاق، ياقۇت، قۇمىق، شاخسۇن، گاگائۇز، تۇۋا، قارا چاي، قاراپاپاخ، خاكاس، بالقار، نوغاي، ئالتاي، سالار، قاجار(خەزەر)، قاراتاغ، ئورانخاي، شور، يۇغۇر(سېرىق ئۇيغۇر)، دورغان(دراگان)، خۇتتېن، چاتان(چاتبىس)، توفا، قارايىم قاتارلىق ئوتتۇز بەشى بارلىقى مەلۇم. ھونگىر (ھون)لار تۈركىي قوۋملارنىڭ ئەۋلادى بولسىمۇ، تىلى ياۋروپالىشىپ كەتكەن. تولۇقسىز مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ھازىر ھون(ھونگىر)لەرنى قوشقاندا تۈركىي قوۋملارنىڭ دۇنيادىكى نوپۇسى 125 مىليون ئەتراپىدا. بۇلار دۇنيا نوپۇسىنىڭ %2تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ دۇنياۋى ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىلىم- پەن تەرەققىياتىدا ئورنى زادى قانچىلىك؟

20- ئەسىرنىڭ 90- يىللىرى ئاسىيانىڭ سىياسىي خەرىتىسىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تۈركمەن، ئەزەربەيجان قاتارلىق بەش تۈركىي مىللەتنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلىرى بار بولدى. ھالبۇكى، رۇسلار سوۋېتلار ئىتتىپاقى دەۋرىدە ئۇلارنىڭ ھەزارىتىنى ۋەيران قىلغان بولسا، سوۋېتلار ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، بۇ جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ بانكىلىرىدىكى بارلىق ئالتۇننى يۆتكەپ كەتكەنلىكتىن، رۇبلى پاخاللىشىپ، قۇرۇق قەغەزگە ئايلاندى: تالاي پۇلدار «قاقسىنىم»لىشىپ كەتتى. قورساق مەسىلىسى ئالدىدىن ئاۋام - پۇقراغىچە مۇھىم مەسىلە بوپقالدى. نامراتلاشقان، ۋىجدان- نومۇسىنى ئۇنتۇغان، گۇناھ تۇيغۇسىنى يوقاتقان بەزى كىشىلەر ھەتتا 14- 15 ياشلىق قىزلىرىنىمۇ «مانچە كىشىلىك پۇل تېپىپ كەل» دەپ كوچىغا چىقىرىپ قويۇپ، دۆلەتنىڭ ئابرۇيىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئىشلار بولدى.

تۈركىي قوۋملار شۇنداق قوۋممىدى؟ ئۇلارنىڭ باياشات تۇرمۇشى، قەلبىنى پاكلىق، سېخىيلىق، دورۇسلۇق، ئەدەب- دىيانەت، گۈزەللىككە دالالەت قىلىدىغان خۇداسى- دىنىي ئېتىقادى بار ئەمەسمىدى؟ قەدىمكى دۇنيا مەدەنىيىتىنى ياراتقان قوۋملارنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادلىرىنىڭ بۇنداق پېتىمانە قىياپىتى ئاز- تولا تارىخ ئۆگەنگەن كىشىلەرنى ئويغا سالىدۇ. بىز باشتا دەپ ئۆتكەندەك، بۇ، «قەھرىمانلار دەۋرى»دە سەرخىللارنى يارىتالمىغان، بار سەرخىللارنى يالماۋۇز مۈشۈك ئۆز ئاسلىنى يەۋەتكەندەك ئۇلارنىڭ ھاياتىنى بىمەھەل ئاخىرلاشتۇرغان، قەھرىمان- سەرخىللىرى ئۆزلىرى دورۇس يول بىلەن تارىخ يارىتالمىغان قوۋمنىڭ- مۇنداقچە ئېيتقاندا خەلقى ئۆز قەھرىمانلىرىغا، قەھرىمانلىرى ئۆز خەلقىگە خائىنلىق قىلغان، شۇ سەۋەبلىك، بۈگۈنكى دەۋرى يات قەھرىمانلارغا مەدھىيە ئوقۇش، چوقۇنۇش بىلەن ئۆتۈۋاتقان، تەقدىرى نامەلۇم ئاڭلار بىلەن تىزگىنلىنىۋاتقان ئاجىز قوۋملارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكىدۇر. ئەلائىددىن مۇھەممەد خارەزمشاھ ئەلنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە، باھادىر ئەزىمەت تېمۇر مەلىكنى كۆزدىن يىراق قىلدى. باتۇر ئوغلى شاھزادە جالالىددىننى ۋەلىئەھدلىكتىن قالدۇردى. ئۆزى ئەلگە باش بولۇپ ئۇرۇشقا چىقماي ئىپلاسلارچە قاچتى، ئەل سەركىسىز قالدى. ئىلىمسۆيەر پادىشاھ، مەشھۇر ئالىم ئۇلۇغبەگ باشقا بىرى ئەمەس، دەل ئۆزىنىڭ ئوغلى تەرىپىدىن قەتل قىلىندى. بۇنداق ئەھۋال سەئىدىيە خانلىقىدىمۇ تەكرار سادىر بولدى. مەلىكە مۆھتەرەم خېنىم پادىشاھ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى ئەمدىگىنە پاكىز ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇرۇۋېدى، ئۇنىڭ قۇتلۇق نىيىتى ئەمەلگە ئېشىپ بولغىچە، يەنە شۇ ئۆز قوۋمى ئۇنىڭ ھاياتىنى ئۈزۈپ ئۆلگۈردى. ھاكىمىيەت يىمىرىلگەندىن كېيىن يۇرت خائىنلارنىڭ جەننىتىگە، قوۋمنىڭ مەھشەرگاھىغا ئايلاندى! ناكەس، «جاھالەت پىرلىرى» خوجىلارنىڭ مەشئۇم چاڭگىلىدا ئالىم- پازىللار، ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر خارلىنىپ، شەھەر- رەستىلەردە «كۆتۈپخانا» ئەمەس، «ئادەم بېشى مۇنار»لىرى ياسالدى.

## 3

ۋىكونىڭ ھۆكۈمى بويىچە، «ئاۋام دەۋرىدە شېئىر پەلسەپىگە ئورۇن بوشىتىدۇ» [16]. بۇ، ماھىيەتتە، ئاۋامنىڭ ھېسسىياتىنىڭ قۇلى ئەمەس، ئەقلىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىش كۆرۈشى، تەپەككۇر جەھەتتىن پىشىپ يېتىلىشىدۇر. چۈنكى، «قەھرىمانلار دەۋرى»دە، بىر قوۋم

كۆچىيىش، خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن سىياسىي سەرخىللارغا بەكمۇ ئېھتىياجلىق بولىدۇ. بىراق، «ئاۋام دەۋرى»دە بىر قوۋمنىڭ، بىر جەمئىيەتنىڭ ياخشى تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن «قەھرىمانلار دەۋرى» دىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئىقتىساد، ئىلىم ـ پەن، ئاڭ ـ ئىدىيە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت سەرخىللىرىنىڭ رولى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. فرانسىيە مۇتەپەككۇرى سانت. سىمون(1825 ـ 1760): «مۇبادا، فرانسىيە 50نەپەر مۇنەۋۋەر ماتېماتىكى، 50نەپەر مۇنەۋۋەر فىزىكى، 50نەپەر مۇنەۋۋەر خىمىكى، 50 نەپەر مۇنەۋۋەر يازغۇچىسى، 50 نەپەر مۇنەۋۋەر شائىرى، 50نەپەر مۇنەۋۋەر ھەربىي مۇتەخەسسىسى ۋە 50 نەپەر مۇنەۋۋەر ئىنژېنېرى....دىن تۇيۇقسىز ئايرىلىپ قالسا، ئۇ شۇ ھامان جانسىز مۇردىغا ئايلىنىپ قالىدۇ» [17] دېگەنىكەن. ئاقسۆڭەكلەر دەۋرى بىلەن ئاۋام دەۋرىنىڭ ۋاقىت چېكىنى بۆگۈنگىچە بىرەر ئادەم ئېنىق بەلگىلىمىگەن بولسىمۇ، سىموننىڭ ياشىغان دەۋرى ئاقسۆڭەكلەر دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى، ئاۋام دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە توغرا كەلسە كېرەك. بۇ ھۆكۈمنى ھازىرقى دەۋرگە قويۇپ تەھلىل قىلساق، بۇ، «ئاۋام دەۋرى»دىكى ئىجادچان كىشىلەرنىڭ ـ يەنى ئىختىساسلىقلارنىڭ مۇھىملىقىغا نىسبەتەن ئاجايىپ يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەقىقىي مۇئەييەنلەشتۇرۇشتۇر. ھازىر دۇنيانىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىدىن ئالغاندا، مۇستەبىتلىك، قەبىلە ھۆكۈمرانلىقى داۋام قىلىۋاتقان ئىنتايىن ئاز ساندىكى دىكتاتور ئەل ـ قوۋمىدىن باشقىلاردا سىياسىي سەرخىللارنىڭ مۇتلەق يېتەكچىلىك، مۇتلەق بەلگىلەش رولى ئاجىزلىشىپ، ئىقتىسادشۇناسلار، ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر، مۇتەپەككۇر ـ ئىجتىمائىيەتشۇناسلار، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى داڭلىق شەخسلەرنىڭ رولى كۈندىن ـ كۈنگە مۇھىم بولۇۋاتىدۇ. ھوقۇق ـ نوپۇز قانۇننىڭ چەكلىشىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىدىغان، پۇقرالىق ھوقۇق ئەمەلىي رېئاللاشقان ئەل ـ قوۋملاردا ھوقۇق دېموكراتىك رەۋىشتە يۈرگۈزۈلگەن بولغاچقا، دۆلەتنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرىدىن پۇقرالارنىڭ ئاددىي ئىشلىرىغىچە مۇتەپەككۇرلەر، ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىلمىي پىكىر ـ خاھىشلىرى نەزەرگە ئېلىنىۋاتىدۇ. بۇ ماھىيەتتە، ۋىكتور گۇرسەتكەن «ئاۋام دەۋرى»نىڭ ئالامەتلىرىدۇر.

ئىنتايىن ئەپسۇسكى، ئۇزاقتىن بۇيان بىزدە ئادەتتىكى كىشىلەر بىلەن داڭلىق كىشىلەرنىڭ تارىختىكى رولى ھەققىدە بىر تەرەپلىمە قاراش مەۋجۇد بوپكەلدى. بىز يات قوۋملارنىڭ سىياسىي سەرخىللىرىنى قۇياشقا ئوخشاتتۇق. ھەتتا خۇدا دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن چاغلىرىمىزمۇ بولدى. ئادەتتىكى كىشىلەرنى بەزىدە پادىغا ئوخشاتتۇق. بەزىدە «سۇلار كېتىپ تاش قالۇر، ئوسما كېتىپ قاش قالۇر» دېگەن ھېكمەت بويىچە: «خان ـ پادىشاھلار كېتىدۇ، پەقەت خەلقلا ھەقىقىي دەۋران سۈرىدۇ» دەپ ئاغزىمىزنى تاتلىق قىلدۇق. ئۆز تارىخىمىزدىكى قەھرىمانلارغا توغرا باھا بېرەلمىدۇق. بولۇپمۇ، ئاۋام دەۋرىدە تەرەققىياتنىڭ پىشاڭى بولغان، دەۋرىمىزگە ئېھتىياجلىق بولغان ئىقتىساد، ئىلىم ـ پەن، ئاڭ ـ ئىدىيە ساھەسىدىكى داڭلىق كىشىلەرنى يارىتىشقا جىق كۈچ سەرپ ئەتمىگەننىڭ ئەكسىچە، ئۇلارغا توغرا قاراشتا بولالمىدۇق. پەقەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە ئاز ـ تولا نەتىجە قازانغانلارلا بىزنىڭ كاتتا چولپانلىرىمىز بوپقالدى. بىز ئۆتكەن ئەسىردە ئۆزىمىزدىن يېتىشىپ چىققان ئىلىم ساھىبلىرىنى قوغداپ قالالمىدۇق. ئابدۇقادىر داموللا (ئەزىزىي)، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي، مەمتىلى ئەپەندىگە ئوخشاش ئۇلۇغ كىشىلىرىمىز بىئەجەل ئۆلۈپ كەتتى. ئۇلار كۆپىنى كۆرگەن، يات ئەللەرنى كەزگەن، بالدۇر ئويغانغان، مىللەتنىڭ كەلگۈسىدە پۈت تىرەپ تۇرۇشى ئۈچۈن نېمىنىڭ مۇھىم، نېمىنىڭ مۇھىم ئەمەسلىكىنى بىلىدىغان مەنىۋى يولباشچىلار ئىدى. ئۇلارنىڭ روھىدا قارىغۇ دەشتلەردە مىللەت ئۈچۈن يېنىپ تۇرىدىغان ۋىجدان، جاسارەت نۇرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەزىز باشلىرى تېنىدىن جۇدا قىلىندى؛ خەلق بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرسە ئەرزىيدىغان تەنلىرى كۆيدۈرۈلدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 30يىلغا يېقىن داۋام قىلغان سىياسىي بوران ـ چاپقۇنلاردا كۆرمىلىك ئىجادكار شەخس، ئەل ـ يۇرت مۆتىۋەرى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئىسكەنجىگە ئېلىنىپ يوقىتىلدى. ئالىم ـ پازىللارغا يۈرتىمىزدىن، قەلبىمىزدىن ئورۇن تەگمىدى. سەرخىللار پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئادىمى. بىراق، ئۇلارنى قەدىرلەش ئالدى بىلەن ئەتراپىدىكىلەردىن ـــ ئاتا ـ ئانىسى، جۆرىسى، باللىرى، رەھبىرى، خىزمەتداشلىرى، دوست ـ بۇرادەرلىرىدىن باشلىنىدۇ. ئەپسۇس، ئاشۇ يىللاردا ئۇلاردىن چەك ـ چېگرا ئاجرىتمىغانلار گۇمانلىق سانالغاچقا، ئۇلار جازالاندى، خورلاندى، چەكسىز غېرىبسىندى.

ئۇغۇ ئۆتكەن ھاقارەتلىك تارىخ. ھازىرقى ھالىتىمىزغا قارىساق، نۆۋەتتە ئىقتىساد، ئىلىم ـ پەن، ئاڭ ـ ئىدىيە ساھەسىدىكى دەۋر سەرخىللىرىنىڭ رولى ئىنتايىن كۈچىيىۋاتىدۇ. ھالبۇكى، بىزدە ئۇلارنىڭ سانى ئىنتايىن كەم بولۇشىغا قارىماي، بارلىرىنىڭ رولىمۇ ئانچە جارى بوپكېتەلمىگەن. ئاز ـ تولا مىللىي كارخانىلىرىمىز بار دېگەن بىلەن، 1990 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئۈرۈمچىدە 2000چە شىركەت بارلىقىنى، ئەمما، ئۇيغۇرلار قۇرغان شىركەتنىڭ 50كىمۇ يەتمەيدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. نۆۋەتتە، بۇ خىل پەرقتە ئانچە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغانلىقى ئېنىق. بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئۈچۈن ھەممىمىز دېگۈدەك ئىستېمالچى؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى گويا بىر زور خام ئەشيا بازىسىغا ئوخشايدۇ. ئەمما، سانائەتلىشىشنىڭ پاراۋوزى بولغان چوڭ زاۋۇتلار تولىمۇ كەم.

مائارىپ ھەممە ئادەم دۇچ كېلىدىغان يەنە بىر مۇھىم ساھە. چۈنكى، ھەرقانداق نورمال ئەر ـ ئايال ئۈچۈن پەرزەنت كۆرۈش ھاياتتىكى مۇھىم ۋەزىپىدۇر. تەبىئەت دۇنياسىدا ھاياتلىق ئەنە شۇنداق كۆكلەيدۇ. پەرزەنتلىك بولغان ھەرقانداق ئاتا ـ ئانا ئۆز پەرزەنتنى ياخشى تەربىيلىشى كېرەك. بولۇپمۇ، بىلىم ۋە پەزىلەت تەڭ مۇھىم بولۇۋاتقان بۈگۈنكىدەك دەۋردە تېخىمۇ شۇنداق. ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى، ئەخلاق ـ پەزىلىتى، ۋىجدان ـ نومۇسى، ئىناپ ـ دىيانىتى ئارقىلىق باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق ئادەم تەربىيە قانۇنىيىتىدىن ئازدۇر ـ كۆپتۇر خەۋەردار بولۇشلىرى كېرەك. ئوقۇتقۇچىلار ئادەم تەربىيلەشنى كەسىپ قىلغان خىزمەتچىلەر. ئۇلار جەمئىيەتتىكى ھەرساھە خەلقىنىڭ پەرزەنتلىرىنى ھەقلىق تەربىيلەيدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئومۇمەن مۇلازىمەتچىلەردۇر. شۇنداق ئىكەن، ئۇلار ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىدىن ياخشى ئۇنۇم قازىنىشى، ھەرقانداق دۆلەت ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنى ياخشى تەربىيە ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، كەلگۈسىنىڭ ئىزباسارلىرىنى يارامىلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈشى كېرەك. بۇ، ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان تەلەپتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىزدە مائارىپشۇناسلىق ئىلمى بويىچە ماگىستىرلار، دوكتورلار بولۇشى، ئۇلار مائارىپ نەزەرىيىۋى بىلىملىرىنى خەلق قوبۇل قىلالىغۇدەك دەرىجىدە يۇمشىتىپ، مائارىپ بىلىملىرىنى ئاممىۋىلاشتۇرۇشقا ھەسسە قوشۇشى، مائارىپقا دائىر تۈرلۈك قارارلاردا ئۇلارنىڭ ئىلمىي قاراشلىرى نەزەرگە ئېلىنىشى كېرەك.

جەمئىيەتتىكى ھەربىر ئاتا ـ ئانا ئائىلە تەربىيىسىنى، مەكتەپ تەربىيىسىنى قانۇنىيەتلىرىدىن خەۋەردار بولۇشلىرى زۆرۈردۇر. ئىنتايىن ئەپسۇسكى، مەن مۇشۇ مىنۇتلارغىچە ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى ئالىي مەكتەپلەر، مائارىپ تەتقىقات ئورۇنلىرى، مائارىپ مەمۇرىي رەھبەرلىك قاتلاملىرىدا مائارىپ ئىلمى ماگىستىرى ۋە دوكتورىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىلمەيمەن. بىزدە مائارىپ نەزەرىيىسى تا بۈگۈنگىچە شوئار تۈسىگە بەكمۇ باي رەۋىشتە داۋاملىشىۋاتىدۇ. شۇ سەۋەبتىنمۇ، ئۇ ئامىمنىڭ نەزىرىدىلا ئەمەس، مائارىپچىلار ئۈچۈنمۇ پۈچەك بىرنەرسە دەپ قارىلىۋاتىدۇ. بىز بۈگۈنگىچە مائارىپنى ئاساسەن تەتقىق قىلمىدۇق دېسەك بولىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئىشلىگەن خىزمەتلىرىمىز يوقنىڭ ئورنىدا بوپكەلدى. شۇڭىمۇ، مائارىپ پائالىيىتىمىز تا بۈگۈنگىچە ئىلمىي ئىزىغا سېلىنمىدى. تېما ئېتىبارى بىلەن، مائارىپىمىزدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى بۇ يەردە بىرمۇ بىر ئوتتۇرىغا قويمىدىم.

بىرپۈتۈن ئۇيغۇرنىڭ ئومۇمىي تىرىكچىلىكىدە دېھقانچىلىق ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، مەيلى ھۆكۈمەت كادىرى بولسۇن ياكى دېھقان بولسۇن دېھقانچىلىق بىلىملىرىنى بىلىشى، دېھقانلار ئۆز ئىشلىرىنى ئاشۇ تەبىئىي پەن بىلىملىرىگە تايىنىپ يۈرۈشتۈرۈشى كېرەك. بىراق، بىزدىكى دېھقانچىلىق تا بۈگۈنگىچە مەمۇرىي بۇيرۇق ھالىتىدە داۋاملىشىۋاتىدۇ. يېزا بىلەن يېزىنىڭ ئەمەس، كەنت بىلەن كەنتنىڭ، ھەتتا بىر كەنتتىكى مەھەللىلەرنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ زەي ـ قۇرغاقلىقى، ئەت ـ قۇمساڭغۇلىقى، سېغىز ـ شورلۇقلىقى پەرقلىنىدۇ. تېرىيدىغان ئۇرۇقلارنىڭ چىلگە ـ جاغدىلىقىمۇ ئوخشىمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، دېھقانچىلىقتا ئۇنۇم قازىنىش ئۈچۈن يەرلەرنى ئوسا قىلىش، زىرائەتلەرنى تېرىش، باشقۇرۇش، سۇغىرىش، ئورۇش ـ يىغىشتا ئاشۇ تەبىئىي قانۇنىيەتلەر ئالدىن نەزەرگە ئېلىنىشى كېرەك. بۇ، ھەممە چۈشىنىدىغان ئاددىي ساۋاتتۇر. ئەمما بىزدە يېڭى يىل باشلىنىشتىن بۇرۇن كېيىنكى يىلى دېھقانلارنى قانداق قىلىپ قانداق كىرىم سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش ھەققىدە كونكرېت پىلان تۈزۈلىدۇ يۇ، يەرنى ئوسا قىلىش، زىرائەتلەرنى تېرىش، باشقۇرۇش، سۇغىرىش، يىغىشقىچە يېزا ئەمەس، ناھىيىلەرنى، بەزىدە ھەتتا ۋىلايەتنى بىرلىك قىلىپ كالېندار شەكىلدە بۇيرۇق چۈشۈرۈلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بەزىدە دېھقاننىڭ نەچچە ئاي ئەجىر قىلغان، بىرمۇنچە مەبلەغ سالغان بۇغداي ـ قونىقى كۆك پېتى ئورغۇزۇۋېتىلىدۇ. شۇنچىلىك ئالدىراپ تېرىغان قونىقى خام پېتى ئۈزگۈزۈلىدۇ. كېۋىزى باستۇرۇلۇپ بۇغداي تېرىلىدۇ. بۇنداق چاغلاردا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن خەۋىرى بار، بۇغداينى كۆك پېتى ئورسا ھوسۇلنىڭ كەم بولىدىغانلىقىنى، چارۋىلارغا قوناقنىڭ شېخىدىن قوناقنىڭ ئۆزى بەكرەك پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، شۇڭا، قوناقنى سەل دان تۇتقۇزۇپ ئاندىن سىلوس ياساشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىدىغان تېخنىك خادىملاردا سىياسىي ۋە مەمۇرىي ھوقۇق بولمىغاچقا، ئۆزى خالىمىغان ئاشۇ زىيانلىق بۇيرۇقلارنى ئاچچىق يۇتۇپ ئىجرا قىلغان بولىدۇ. يەرلىك «غوجام»لار بۇنداق بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلىشقا شۇ قەدەر كۆنۈك ۋە پەرمانبەردار. جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا «كونا پاختا» (ئەختەم ئۆمەر: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1997 ـ يىل 4 ـ سان)، «بېلىقچى ھەققىدە ھېكايە» (ياسىنجاڭ سادىق: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1998 ـ يىلى 1 ـ سان)، «بولاڭچى» (ياسىنجان سادىق: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2004 ـ يىل 1 ـ سان)، «يېڭى تاۋۇس ئەللەيىن» (تۇرسۇنجان مۇھەممەت: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2004 ـ يىل 3 ـ سان) ھېكايىلىرىدا دېيىلگەندەك، دېھقانلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىش ئەھۋاللىرى تېخىچە مەۋجۇد. كادىرلارنى، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى ئىلمىي كۇرسلاردا تەربىيىلىگەن بىلەن ئەمەلىيەت كۆپ ئۆزگەرمىدى.

بىز «دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش»، «ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى»دا چىڭ تۇرۇشنى دائىم تەكىتلەيمىزيۇ، ئەمما بەزى رەھبەرلەر ئىش يۈزىدە ھەتتا قانۇننىمۇ بىر ياققا سۈرۈپ قويىدۇ؛ تەبىئەت قانۇنىيىتى، ئىلمىي قانۇنىيەت بويىچە ئىش كۆرمەيدۇ. «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى» ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ 2006 ـ يىل 26 ـ ئىيۇندىن 30 ـ ئىيۇنغىچە سانلىرىغا بۇ گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى چى مىڭلى ئەپەندى يازغان «ئاجايىپ قىسمەتلەرگە دۇچار بولغان قاراقورۇم قاشتېشى شاھى» ماۋزۇلۇق چاتما خەۋىرى ئېلان قىلىندى. خەۋەردە دېيىلىشىچە، 2000 ـ يىلى ئاپرېلدا تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىن توختىباي ناھىيە تەۋەسىدىكى قاشتېشى جىلغىسىغا كىرىپ 3.7 توننا ئېغىرلىقتىكى بىر پارچە كۆك قاشتېشىنى تاپىدۇ ۋە خوتەنلىك قاشتېشى سودىگىرى ئېلى پاشاغا 11مىڭ 500 يۈەنگە سېتىپ بېرىدۇ. ئېلى پاشا 2003 ـ يىلغىچە تاشنى يۆتكەپ كەتمىگەنلىكتىن، توختىباي بۇ تاشنى يەكەنلىك نۇرمۇھەممەتكە 100مىڭ يۈەنگە ساتىدۇ. نۇرمۇھەممەت تاشنى ئالغاندىن كېيىن، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىگە بېرىپ بارلىق قانۇنىي رەسمىيەتنى ئۆتەپ، ناھايىتى تەستە يەكەنگە ئەكېلىدۇ. ئېلى پاشا بۇنى ئاڭلاپ، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيە خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنىدۇ. نەتىجىدە، نۇرمۇھەممەت ئېلى پاشاغا 50 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەيدۇ. نۇرمۇھەممەتنىڭ زور قاشتېشى سېتىۋالغانلىقى يەكەن ناھىيىسىدە زور غۇلغۇلا قوزغايدۇ. نۇرمۇھەممەت بۇ نورمالسىزلىقتىن خاتىرجەمسىزلىنىپ، بۇ تاشنى شىنجاڭ «ئارام» يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ دىرېكتورى قۇددۇسقا 650 مىڭ يۈەنگە سېتىپ بېرىدۇ. قۇددۇس تاشنى يۆتكەپ كېتىدۇ. تېز ئارىدا يەكەن ناھىيىسىدىكى «مەلۇم رەھبەر»نىڭ بۇ تاشقا كۆزى چۈشۈپ، نۇرمۇھەممەتنى تاشنى تاپشۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ ۋە نۇرمۇھەممەت تاشنىڭ بار يېرىنى دەپ بەرمىگەنلىكتىن ئۇنى ساقچىلار تۇتۇپ كېتىدۇ. ساقچىلار يەنە تاشنى يۆتكىگەن ماشىنىنى ئېنىقلاپ، ئۈرۈمچىدىكى تاش قويۇلغان ئورۇننى تېپىپ، پەقەت بىر تېلېفون نومۇرىنى قالدۇرۇپ قويۇپلا، ھېچقانداق ئىسپاتسىز ھالدا تاشنى يەكەنگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ. كېيىن يەكەن ناھىيە ج خ ئىدارىسى يەكەن ناھىيە خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە نۇرمۇھەممەتنى قولغا ئېلىش ئەيىبلەشنامىسى سۇنىدۇ. بىراق، تەپتىش مەھكىمىسى نۇرمۇھەممەتنىڭ گۇناھسىزلىقىنى تەھقىقلەپ، ئەيىبلەشنامىنى تەستىقلىمايدۇ. ھالبۇكى، نۇرمۇھەممەت قويۇپ بېرىلمەيدۇ. ئۇنى ئاز دېگەندەك، مۇشۇ سەۋەبلىك يەكەن ناھىيە خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ پارتىيە سېكرېتارى، باش تەپتىش ماجەنۋېن ۋەزىپىدىن توختىتىلىدۇ. ئاخىرىدا ماجەنۋېن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە ئەرز قىلغاندىن كېيىن، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى بۇ دېلونى تەكشۈرۈپ ئاخىرلاشتۇرىدۇ: نۇرمۇھەممەت قويۇپ بېرىلىدۇ، ماجەنۋېننىڭ تۇتۇپ قېلىنغان ئىككى يىللىق ئىش ھەققى ۋە جەرىمانە قايتۇرۇلىدۇ، ھېلىقى تاشمۇ قۇددۇسقا بېرىلىدۇ.

مۇشۇ خەۋەرگە قارىساق، باشتىلا ھەممىسى ئېنىق ئىدى. ئەمما، ئاشۇ «مەلۇم رەھبەر»نىڭ ئىرادىسى بىلەنلا ھەممە ئىش ئاستىن ـ

دېگەندىن كېيىن ئىپادىسىز بىر رەۋىشتە «زۇڭقىرىدىن كەلگەن بۇيرۇق بۇ، مىنىڭ ئامالىم يوق» دەپ كېتىپ قالدى. يازدا ئۈرۈمچىدىن تەتىلگە كەلسەم، بىغىمىز ئاللىقاچان ئاختارمىلىققا ئايلىنىپ بوپتۇ. يېڭى ئۆي سالدىغان ئەسلىدىكى ئۈزۈمىزنىڭ بىغىمىزنىڭ بىر پارچىسىدا سايىداشقىمۇ ھېچنېمە يوق، كۆتەكلەر چوقچىيىپ تۇرۇپتۇ. «گۈلە قۇرۇپ قالىدىغان ئۈرۈك»ىمىز چوڭ ئاكامنىڭ ھويلىسىدا ئىدى. ئۇ ئۈرۈكمۇ يوق. ئۇقسام، ئاكام چارۋىچىلىقتا كەسپى ئائىلە بولۇپ، ئۆلچەملىك ئېغىل سېلىشقا توغرا كەپتۇ. بۇ ئۈرۈك ئاشۇ ئېغىل ئىچىگە كىرىپ قالغاچقا، «باھالاشتىن ئۆتەلمەيمەن» دەپ ئۇنىمۇ مەجبۇرىي كېسىپ تاشلاپتۇ. مەن شۇ تاپتا دادامنىڭ روھى ئاشۇ ئۈرۈك شاخلىرىدا ئەگىپ يۈرگەندەك يۈرىكىم ۋاژژىدا ئېچىشىپ كەتتى. ئۈرۈمچىدىكى دەرەخلەردىن ئەگىتىپ ياسالغان بەزى كوچىلار كۆز ئالدىمغا كەلدى. قۇشلارمۇ ئۇۋا سالىدىغان ئېگىز دەرەخلەرنىڭ يوقلىقى، زىرائەتلەرگە چېچىلغان زەھەرلىك دورىلارنىڭ تەسىرىدە نەلەرگىدۇر يوقالدى. بىغىمىز شۇ ۋەيران بولغانچە، ھازىرغىچە يېڭى سالغان كۆچەتلىرىمىز تۈزۈككەك مېۋىگە كىرگىنى يوق. ئەسلىدە دادامنىڭ يۈرىكىدە كەڭرى كەتكەن يېشىل دالا، باراقسانلاپ ئۆسكەن ئورمان روھى بار ئىكەن.

ئاپتونوم رايوننىڭ «سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش» نۇقتىسىغا كىرگەن مەلۇم بىر كەنتتە، بۇ يىل قىشۇرالدا خۇددى كېرىيە ناھىيىسىگە ئوخشاش ئەھۋال يۈز بەردى. نەچچە ئون ئائىلىنىڭ ئۆلچەملىك سېلىنغان ئېغىل- قوتان، كەپتەرخانىلىرى «ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزگەن»لىك «گۇناھ»ى ئۈچۈن تۈزلىۋېتىلدى. دېھقانلار ئېغىل- قوتان بولمىغاچقا، چارۋىلىرىنى سوغۇقتىن ساقلاش ئۈچۈن مېھمانخانىلىرىغا ئەكىردى. ئەرزان باھادا سېتىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى. ھەتتا كەپتەرلىرىنى ھاۋاغا قويۇۋەتتى. ئۆلچەم بويىچە بەرپا قىلىنغان باغلاردىكى ئون نەچچە يىللىق مېۋىلىك دەرەخلەر ، ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا بىنا قىلىنغان سورتلۇق ئۈزۈمزارلىق بۇ كەنت يېڭىدىن «ياغاق بازىسى» قىلىنغانلىق سەۋەبىدىن پۈتۈنلەي كېسىۋېتىلدى. دېھقانلارنىڭ يوللۇق تەلەپلىرىنى ئاڭلايدىغانغا ئادەم چىقمىدى. بۇنىڭدىن 50يىل مۇقەددەم ـ ئاتالمىش «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»تە پولات تاۋلاش ئۈچۈن ھېسابسىز دەل- دەرەخ كېسىلىپ، بۇنىڭ دىيارىمىزغا كەلتۈرگەن زىيان- تالاپىتى تاھازىرغىچە تۈگىمىگەن قاباھەت ئېكولوگىيىلىك ئېغىر تارىخىي پاجىئە ئاز كەلگەندەك (مەسئۇل مۇھەررىردىن)، «ئورمان قىرغىنچىلىقى » تراگېدىيىسى ھېلىمۇ داۋاملاشماقتا. قارىغاندا، بىزنىڭ ئىشلارنى ئىلمىي بىر تەرەپ قىلىشىمىزغا، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشىمىزغا ئۇزاق بىر جەريان كەتسە كېرەك.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن باشلاپ، تۈرلۈك سىياسىي داۋالغۇش ۋە «ھەرىكەت»لەردە ھاكىمىيەت ئىدىيە سىستېمىسى سىرتىدىكى ھەرقانداق نوپۇز قورقۇنچلۇق نەرسە سۈپىتىدە بىتچىت قىلىنىشقا دۇچ كەلدى. بۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» بولۇپ، كىشىلەر «خەلق دېموكراتىيە دىكتاتورىسى»نىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى چۈشەندى. بۇ جەرياندا بېھېساب باي ۋە زىيالىي تەتۈر پەلەكنىڭ قۇربانى بوپكەتتى. بۇنىڭدىن نەتىجە شۇ بولدىكى، كىشىلەردە «دىكتاتورا»غا بولغان قورقۇش، ھېيىقىش پوزىتسىيىسى يۇقىرى چەككە يەتتى. كىشىلەردىكى بۇ خىل پسىخىك «كېسەل» بۈگۈنكى كۈندە مەنسەپدارلار ئىرادىسىنىڭ توسالغۇسىز ئۆتۈملۈك بولۇشىدەك يېڭى «ھامىلە»نى

پەيدا قىلدى. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ نىسبىي مۇقىملىقىغا پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن. بىراق، بىز «ئىلمىي تەرەققىيات» يولىدا ماڭماقچى ئەمەسمىدۇق؟ دېھقانلارنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزمەكچى ئەمەسمىدۇق؟ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلماقچى ئەمەسمىدۇق؟ «مۇھىتنى قوغداشتا ھەممە ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى بار» ئەمەسمىدى؟!!!.... دېھقانلارغا كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز زىيان كەلتۈرىدىغان، مۇھىتقا ھەددى- ھېسابسىز، ئورنىنى تولدۇرۇۋالغۇسىز بۇزغۇنچىلىق سالىدىغان مۇشۇنداق چوڭ ئىشنىڭ شۇنچىلىك ئۇزۇن، ھەتتا ھۆكۈمەتلىك داۋاملىشىشىنى قاراڭ!

ئەجدادلىرىمىز يېتۈك ئورمان روھى بىلەن قۇرغاق يۇرتىمىزنى زىننەتلەپ، بوستانلىق مەدەنىيىتى ياراتقان ئەمەسمىدى؟ دەل- دەرەخ دېگەن تەبىئەتنىڭ كۆركى- زىننىتى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قوغدىغۇچى بىقىياس- قالتىس ئەزىمەت، كۆپىنچىلىرىنىڭ مېۋىلىرى تەبىئىي قۇۋۋەت دورىلىرى، ئوتۇن -شاخلىرى تەبىئىي يېقىلغۇ مەنبەسى، غولى ياغاچ ماتېرىيالى. ھەر بىر تۈپ دەرەختە ئاتا- بوۋىلارنىڭ ئارزۇسى، ئەجىر- مېھنىتى، ھىممەت- تىرىشچانلىقى بار. نەچچە سائەت كاپىلداپ بالىلارنىڭ قەلبىدىن ھەقىقىي ئورۇن ئالدۇرالمىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك، مۇھىتنى سۆيۈش تەربىيىسىنى بىر تۈپ قېرى دەرەخنىڭ تۈۋىگە بېرىپ بىرەر- يېرىم سائەت چۈشەنچە بەرسە كۆزلىگەن ئۈنۈمگە يەتكىلى بولۇشى مۇمكىن. دېمەك، دەرەختە سېھىر بار، دەرەختە مېھىر بار. شۇڭىمۇ ئەجدادلىرىمىز دەرەخنى ئۇلۇغلايدۇ. دەرەخنىڭ شېخىنى سۇندۇرغان بالىلارغا دەرەخنىڭمۇ جېنى بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. قەدىمىي دەرەخلەردىن نىجاتلىق تىلەپ دۇئا -تەگبىر ئېيتىش، قوۋزاق- يوپۇرماقلىرىنى دورا ئورنىدا ئىشلىتىدىغان ئىش ھازىرمۇ بار. بەزى ئەللەردە قېرى دەرەخلەرگە ھەر يىلى يېڭىدىن ياش- «ئۆمۈر» تاختىسى چاپلاپ، ئەتىۋارلايدىغان ئىش بار. ئەجەبا، مۇشۇ ئىشقا بىۋاسىتە قول تىققانلار باندىتمۇ؟ ياق! كوچا لۈكچەكلىرىمۇ؟ ياق! ساۋاتسىز، مەدەنىيەتسىز كىشىلەرمۇ؟ ياق!!! ئۇلار تېخى پارتىيىگە قەسەم بېرىپ كىرگەنغۇ؟ ئەمىسە ئۇلاردىكى كومپارتىيىنىڭ خەلق قەلبىدىكى پارلاق ئوبرازىنى، قانۇننىڭ ھۆرمىتىنى، ئەل قەلبىنى پايخان قىلىپ تاشلايدىغان بۇنچە قارامىلىق، تەلۋىلىك، رەھىمسىزلىك، تەتۈرلۈك، ساراڭلىق زادى نەدىن كەلگەن؟ دېھقان يالغۇز ئەرز قىلىپ بارسا، گېپىنى ئاڭلاپ، دەردىگە يېتىدىغانلار چىقمايدۇ. چىقسىمۇ، «سىڭگەن نېنىنى يەپ، ئەل قاتارى ياشاش»قا تەۋسىيە قىلىدىغان نەچچە سۆلھىچى چىقىدۇ. كوللېكتىپ ئەرز قىلسا، يەرلىك «غوجاملار»نىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كېلىدۇ. رەسمىي مۇخبىرلار خىزمەت ئورنىنىڭ تويۇقسىز ئۆزگىرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بۇنداق ئىشلارنى خەۋەر قىلالمايدۇ. ئىختىيارىي مۇخبىرلار ئانچە- مۇنچە ئىنكاس يېزىپ قويسا، رەھبەرلەرنىڭ ئالدىدا «پىتنىخور»، «قىزىل كۆز»، «ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەنمەيدىغان ئاممىنى قۇترىتقۇچى» دېگەندەك قالپاقلار بىلەن قاتتىق تەنقىدلىنىدۇ ۋە «كۆرۈلگەن مەسىلىنى ئاۋۋال شۇ تارماققا دېمەپسەن» دەپ «گۇناھ» ئارتىلىپ «مەسىلە تاپشۇرۇش»قا مەجبۇرلىنىدۇ. زادى قانداق قىلغۇلۇق- ھە؟بىز تارىخنىڭ خۇدا تەرىپىدىن ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغانلىقىغا ئەسلا ئىشەنمەيمىز. بىزنىڭ بۈگۈنىمىز ئالدىنقىلارنىڭ نۇرغۇن ئىنتىلىشى، يوقىتىشى بەدىلىگە كەلگەن. بىزنىڭ ئىنتىلىشلىرىمىز ۋە يوقىتىشلىرىمىزمۇ كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ «بۈگۈنى»نى تۈزىدۇ. بىز نەچچە يىلدىن بۇيان چۆللەردىن بىنەم ئېچىپ، باغلارنى بۇزۇپ- پايخان قىلىپ ئورمانلارنى ئەنە شۇنداق قۇرۇتتۇق. بۇ يىل توپا

شۇنداق كۆپ ياغدى. دەريالاردا سۇ يوق. توپا ۋە سۇسىزلىق سەۋەبىدىن، ھەر موسىدىن 600 - 700 كىلوگرامدىن بۇغداي چىقىدىغان ئېكىن ئېتىزلاردىن 250 كىلوگرامدىنمۇ بۇغداي چىقماي، دېھقانلار مۇڭغا چۆكتى. قېنى، كىم بۇنى يۇقىرىقىدەك ئورمان نابۇتچىلىقىنىڭ سەۋەبىدىن ئەمەس دېيەلەيدۇ؟ باشقۇرغۇچىلار ئۆز ساھەسى چېتىلىدىغان ماددىي - تەبىئىي قانۇنىيەتلەرنى، بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئىلمىي يوللىرىنى، ئۆز ساھەسىدىكى كىشىلەرنىڭ بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ھەزارىي - مەدەنىي يۈنىلىشلىرى - يەنى كىشىلەرنىڭ قىممەت قاراش، ئارزۇ - ئىنتىلىشلىرى، ئېتىقاد - مايىللىقلىرىنى چۈشىنىش ۋە بۇنى نەزەرگە ئېلىپ ئىش بېجىرىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن تۇرلۇك ئىشنى ئۈنۈملۈك، ئىلمىي يۈرۈشتۈرگىلى بولىدۇ. يۇقىرىقى مىساللاردىكىگە ئوخشاش ئىشلارنى قىلغان باشلىقلىرىمىز تەبىئىيلىككە تېخى ھۆرمەت قىلمىسا، ئىش بېجىرىش ئۇسۇللىرى تېخى قالاق تۇرسا، يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئىنتىلىش - مايىللىقلىرى تېخى بىر تىيىن دەپ قارالسا. مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ دىيارىمىزدىكى ھەممە يېزا - قىشلاققا كېلىپ، ئاممىنىڭ يۈرەك ساداسىنى بىرمۇ - بىر ئاڭلايدىغانغا ۋاقتى يوقتە، ئاخىر؟

بۇلارنى ئويلىساق، بەزى رەھبەرلەرنى زامانىمىزدىكى «قەھرىمان» - «ئاقسۆڭەك»لەرمىكىن دېگۈمىز كېلىدۇ. پارتىيىمىزنىڭ سىياسىتى توغرا، ھۆكۈمىتىمىزنىڭ قانۇنى ئادىل دەيمىز. ئەمما، يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىكىدەك، تىزگىنسىز ھوقۇقنىڭ ھەممىگە چات كىرىۋېلىشى، ئەشەددىي ھوقۇقچىلىق ئىرادىسى غالىبلىق كۆڭۈلنى بەكمۇ غەش قىلىدۇ. پارتىيە - ھۆكۈمەت ئۇلارغا ئىشىنىپ، قايتا - قايتا تاللاپ رەھبەرلىك ئورنىغا قويىدۇ. ئەمما ئۇلار ئەمەلىيەتتە، ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ ئۆز قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلماي، ئۆزلىرىنىڭ پەرەزلىرىنى ھۆكۈم ئاساسى قىلىدۇ. ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ پىكىرلىرىگە پىسەنت قىلمايدۇ. ھەتتا بەزىلىرى قانۇننىمۇ كۆزگە ئىلمايدۇ. ئاددىي ئىشلارنى قەستەن مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىدۇ. مۇشۇنداق قىلىپ، ئۆزىنى نىچشى كۆرسەتكەن «ئەۋلىيا» سۈپىتىگە يېقىنلاشتۇرغۇسى كېلىدۇ. نەتىجىدە، كەسىپلەر تەرەققىياتىنى چەكلەيدۇ؛ ئاما بىلەن كومپارتىيە ئوتتۇرىسىكى قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋەتكە زىيان سالىدۇ.

بىر قوۋم ياخشى تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن، مۇھىم بولغان يېتەكچى ئاڭغا ئىگە بولۇشى كېرەك. مۇبادا ئۇنىڭدا خەلقنى گۈزەل ئەخلاققا، توغرا كىشىلىك مۇناسىۋەتكە، ئىلمىي تەپەككۇرغا يېتەكلەيدىغان بۇنداق ئاڭ بولمايدىكەن، ئۇنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ئازغۇنلۇقتىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى، يېتەكچى ئاڭ يوقالسا، قوۋمدا ئەڭ ئاۋۋال قىممەت ئۆلچىمى، نومۇس تۇيغۇسى ئاستىن - ئۈستۈن بوپكېتىدۇ، ئادەم تۇۋارلىشىدۇ. كېيىنچە، مەيخورلۇق ۋە زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، جىنسىي بۇزۇقچىلىق قاتارلىق چۈشكۈنلۈكلەر يامرايدۇ، جىنايەت ۋە زوراۋانلىق كۆپىيىدۇ، ئىرقىي، مىللىي كەمسىتىش باش كۆتۈرىدۇ، باي - نامراتلىق پەرقى كۆپىيىدۇ. بۇلار زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەردۇر. ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە نىسبەتەن، خەۋەر قىلىش ئاخباراتنىڭ مەسئۇلىيىتى، ئۇنىڭغا قانداق قاراش پەلسەپە دائىرىسىدىكى ئىش. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە ئانالىز قىلىشنى جەمئىيەتشۇناسلىق ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. دېمەك، پەلسەپە بىلەن جەمئىيەتشۇناسلىق ئوخشىمىغان ئىككى ئىلىم بولسىمۇ، تەتقىقات دائىرىسى مەلۇم ئورتاقلىققا ئىگە. شۇڭا، ھەرقانداق جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئاخباراتنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ مەنبەسى، پەيدا قىلغۇچى ئامىللار چوڭقۇر نەزەر بىلەن قېزىلىشى، خەلق بۇنى بىلىشى، ھۆكۈمەت بۇنداق ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە قانۇن - نىزام شەكلىدە ئارىلىشىپ، جەمئىيەتنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى قوغدىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، جەمئىيەتنى تەتقىق قىلىدىغان، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە قانداق يۈزلىنىشنى، نېمىگە يۈزلىنىشنى، نېمىدىن يىراق تۇرۇشنى ئىلىم نۇقتىسىدىن كۆرسىتىپ بېرىدىغان مەخسۇس ئالىملار بولۇشى كېرەك. بۇلارنى بىز «جەمئىيەتشۇناس»، «پەيلاسوپ» دەيمىز.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرقى ئون يىلىدا ئىقتىسادىي ئاڭنىڭ كۈچىيىشى، ئەجنەبىي ھەزارەتلەر ئامىللىرىنىڭ توسقۇنسىز رەۋىشتە سىڭىپ كىرىشى، ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى قىممەت ئۆلچەملىرىمىزنىڭ قىممىتىگە بولغان تونۇشىمىز، ھۆرمەت - ئىخلاسىمىزنىڭ تايىنى يوقلۇقى... بىلەن، كىيىنىش - ياسىنىشلىرىمىزدا، تۇرمۇش - ئادەتلىرىمىزدە، ئەخلاق - قىممەت قاراشلىرىمىزدا زور دەرىجىدە مەنپىي ئۆزگىرىش بولدى. ياش يىگىتلەرنىڭ كىشىلىك خاراكتېرىدە ئاياللىق ئالامەتلەر كۆپەيدى. كىشىلەرنىڭ نومۇس تۇيغۇسىدا كەسكىن ئۆزگىرىش بولدى. خوتۇن - قىزلاردىكى بارلىق ئەۋزەللىك تۇۋار سۈپىتىدە قارىلىشقا باشلىدى. مەيخورلۇق ۋە زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، شەھۋانىيەت - جىنسىي بۇزۇقچىلىق كۆپەيدى. بۇلارغا بولغان مۇئامىلىدە ئەنئەنىۋى ئەخلاق ئۆلچەملىرىمىز بويۇن قىسىپ قالدى. بارلىق دىققەتنى ئىقتىسادىي ئىلگىرىلەشكە مەركەزلەشكەن ئاخبارات ساھەسى بۇ ھەقتە كۆپ بىرنېمە دېمىدى. مۇشۇنداق پەيتتە، روھى ئويغاق، سەزگۈر بىر قىسىم نوپۇزلۇق ئەدىبلىرىمىز، ياش ئىزدەنگۈچىلىرىمىز، ئەتراپتىكى مۇرەككەپ مۇھىتنى چوڭقۇر كۆزىتىپ، ۋە ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، ئۆزىمىزدىكى ئىللەتلەرنى كۆزىتىش ۋە تۈزىتىشتە پايدىلىنىش قىممىتى زور بولغان ماقالىلارنى يازدى. خەلقىمىز قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان سۆيۈملۈك «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى باش بولۇپ، مۇشۇ ساھەدىكى ئاپتورلارغا قىممەتلىك سەھىپىلىرىدىن كەڭ ئورۇن بەردى ۋە رېئاللىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ماقالىلار بىلەن خاسلىققا ئىگە بولدى. ئەگەر «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ قىممىتىنى باھالاشقا توغرا كەلسە، ئۇنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك تەرىپى دەۋر تەقەززاسىنى چۈشەنگەنلىكى، ئىجتىمائىيەت تېمىسىدىكى ماقالىلىرى ئارقىلىق كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە ئۆزىنى تەربىيىلەش، تونۇش، جەمئىيەتنى كۆزىتىش، تەپەككۇرنى يېڭىلاش پۇرسىتى بەرگەنلىكى بولۇشى مۇمكىن. ئاپتورلارنىڭ تۇنجى يازمىلىرى ھۆرمەتلىك ژۇرنالىست ئاكىمىز قۇربان مامۇت ئەپەندىنىڭ قولىغا كەلگەندىن كېيىن، ھەر بىر جۈملىسى، ھەتتا پەش - چېكىتلىرىگىچە ئۇنىڭ جىددىي دىققىتىدىن ئۆتىدۇ. ئۇ بىرەر نەقىل مەنبەسىگە گۇمان بىلەن قارىسا، ئىمكانىيەتلىك ماتېرىيال مەنبەلىرىنى - قامۇسلارنى، نەچچە ئون يىللىق گېزىت - ژۇرنال توپلاملىرىنى زېرىكمەي ئاختۇرىدۇ. ئاپتورلارغا تېلېفون قىلىپ، سەۋەب - مەنبە سۈرۈشتۈرىدۇ. ئېھتىياتسىزلىقتىن خاتالىق سادىر قىلغان، ئىلمىي ئىجادىيەتتە ئىلمىيلىككە سەل قارىغان ئاپتورلارغا ئاگاھلاندۇرۇشلارنى بېرىدۇ. بەزىدە ئاچچىقلاپ - قايناپمۇ قالىدۇ. بىراق، قىممىتى بار دەپ قارىغان ماقالىلار شارائىت يار بەرگەن دائىرىدە يەنىلا ئاساسەن قالدۇرۇپ قويۇلمايدۇ. بۇ ماقالىلارنىڭ مەزمۇنى تارىخ، پەلسەپە، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات، سەنئەت، ئەنئەنە، زامانىۋىلىشىش، ئەخلاق،

سىياسىي، مۇھىت... قاتارلىق كۆپلىگەن ساھەگە چېتىلغان بولۇپ، ئوقۇرمەنلەر ھەر بىر ماقالىدىن ئاپتورنىڭ قىممەتلىك ئىزدىنىشلىرىنى، تەپەككۇر چوڭقۇرلۇقلىرىنى، يۈرەك تىۋىشلىرىنى، تىل سەنئىتىمىزنىڭ ۋايىغا يەتكەن نەسرىي پەللىسىنى كۆردى. مۇھەررىرلىكنىڭ قىممىتىنىڭ نېمىلىكىنى ھېس قىلدى. بۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ھېكايە، پوۋېست ۋە شېئىرلارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلدى. قۇربان مامۇت ئاكىمىز بىلەن رىسالەت مۇھەممەت ھەدىمىز ھەۋەسكار ئاپتورلارنى باشقا بىر قىسىم ژۇرناللارنىڭ مۇھەررىرلىرىگە ئوخشاش «بىزنىڭ ھەۋەسكارلارنى تەربىيىلەش مەسئۇلىيىتىمىز يوق» دەپ چەتكە قاقماي، ئەتراپىغا يىغىن- يورۇق چۆپقەتلىرىدىن «شايكا» توپلىماي، ئەكسىچە ئۇلارنىمۇ ئەتراپىغا يىغىپ، «تەپەككۇر مېۋىلىرى»گە «مېۋە»لىرىنى تىزدۇرۇپ، نەچچە يۈزلىگەن ھەۋەسكارنى ئىلھاملاندۇرۇپ، قەلەم سەھنىسىگە ئېلىپ چىقتى. بۇ ئىككىيلەن مۇشۇنداق تىرىشچانلىقى بىلەن ئۆزىگە خاس بولغان مۇھەررىرلىك مەدەنىيىتى ياراتتى. بۇ ژۇرنالدىكى ئەسەرلەرنى كىشىلىرىمىز سۆيۈپ ئوقۇدى. ئابدۇقادىر جالالىددىن، ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي ئىككىيلەننىڭ بۇ خۇسۇستىكى ئىجادىي قاراشلىرى ئايرىم باھالاندى. شۇنداقلا، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئابدۇقادىر جالالىددىن، ئەختەم ئۆمەر، ئەسەد سۇلايمان، ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي، ئابدۇرېھىم دۆلەت قاتارلىق ئەپەندىلەرنىڭ مەزكۇر ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان مۇشۇ تۈركۈمدىكى ماقالىلىرى ئايرىم- ئايرىم كىتاب بولۇپ نەشر قىلىنىپ، بازارلىق كىتابلاردىن بوپقالدى. نۆۋەتتە، بۇنداق ماقالىلارنى يازىدىغان ئاپتورلار قوشۇنى ئالىمدىن رەھبەرگىچە، ئوقۇغۇچىدىن دېھقانغىچە كېڭەيدى. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى، بىزدە مىللىتىمىزدىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى كۆزىتىدىغان، تەتقىق قىلىدىغان مەلۇم كۆلەمدىكى ئاپتورلار قوشۇنىنىڭ، بۇ مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈپ، مىللەت غېمىنى ئۆز غېمى دەپ قارايدىغان ئوقۇرمەنلەر قوشۇنىنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئەپسۇسلەركى، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى ئابدۇقادىر جالالىددىن ئەپەندىنىڭ قىرىق ياشقا تولغانلىقىنى قۇتلۇقلاپ ئاپتور سۈرىتىگە «يېتىلىۋاتقان ياش پەيلاسوپ...» دەپ ئىلاۋە بېرىپتۇ. ئۈرۈمچىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئۇنىۋان ماقالىسىدىن باشقىغا قەلەم تەۋرەتمىگەن بەزى كىشىلەر «پەيلاسوپ»لۇق داۋاسى قىلىپ غۇلغۇلا قىلىشتى. مۇشۇ ئىشتىن ئۇلارنىڭ نەچچە يىل پەلسەپە دەرسى بېرىپمۇ، پەلسەپە ئوقۇتقۇچىسى بىلەن پەيلاسوپنى پەرقلەندۈرەلمىگەنلىكى ئايان بولدى. يەنە ئەپسۇسكى، بىزدە شېئىرنىڭ، ھېكايىنىڭ، رومانىنىڭ، ئەدەبىي ئوبزورنىڭ، بالىلار چۆچەكلىرىنىڭ مۇكاپاتى بار. ئەمما، ئىجتىمائىيەت تېمىسىدىكى بۇ ماقالىلارنى مۇكاپاتلايدىغان، ئاپتورلارنى ئىلھاملاندۇرىدىغان بىرەرمۇ مۇكاپات بولمىدى. بىز ئىجتىمائىيەت تېمىسىدىكى بۇ ماقالىلارنى ئەدەبىيات دائىرىسىدىن چىقىرىۋەتتۇق. ئەدەبىيات تارىخىغا دائىر كىتاب- مەجمۇئەلىرىمىزدە بۇ ئاپتورلارنىڭ ئەدەبىي- بەدىئىي ئەسەرلىرىلا باھالاندى، بۇ ماقالىلار تىلغا ئېلىنمىدى. مەن بۇيەردە بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ قىممىتىنى تۆۋەنلەتكىنىم يوق. ئۇنىڭمۇ ئەلۋەتتە قىممىتى بار. ئاپتورلار بۇنداق ئەسەرلەرگىمۇ ئەلۋەتتە بېھساب قان- تەر سىڭدۈرىدۇ (مەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازمىسامۇ، يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىدا ئۇنىڭغا بولغان سۆيۈنۈش ئوتى بار). ئەمما، ئىجتىمائىيەت تېمىسىدىكى ماقالىلارنى تولۇق «ھەزىم» قىلىپ ئوقۇغانلار، بولۇپمۇ يېزىپ باققانلار چۈشىنىشى مۇمكىن. بۇ خۇسۇستا ياخشى يېزىلغان يەتتە- سەككىز بەتلىك بىر پارچە ماقالىنىڭ ئوقۇرمەنگە بېرىدىغان بەدىئىي زوقى، تەربىيىۋى قىممىتى، بىلىم- ئۇچۇر قىممىتى بىر پارچە نادىر ھېكايە ئەمەس، پوۋېستتىن، ھەتتا بىرەر پارچە رومانىدىن كەم بولماسلىقى مۇمكىن. بۇ ماقالىلارنىڭ ئىجادىيىتىدىن قارىغاندا، بەدىئىيلىكىدىن كۆرە ئىلمىيلىكى يۇقىرى. ئۇ ئاپتوردىن كەڭ- ئۇنىۋېرسال ۋە يېڭى بىلىم، يۈكسەك مىللىي بۇرچ، ۋايىغا يەتكەن تىل ماھارىتى تەلەپ قىلىدۇ. قارىغاندا، بۇنداق ئىلمىي ئىجادىيەتنى باھالايدىغان ئورگان، تۈرلەر بىزدە تېخى بولمىسا كېرەك. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «جۇڭگو مىللەتلىرى»، «مىراس» قاتارلىق نادىر ژۇرناللاردىكى ماقالىلاردىكى قەلب سادالىرىنىڭ پەقەت ئادەتتىكى ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئاپتورلار ئارىسىدىكى پىكىر ئالماشتۇرۇشىلا بوپقېلىشى، ئۇ ھەقتە ئىلمىي مۇنازىرىلەر، مۇكاپات- ئىلھاملارنىڭ بولماسلىقى، مىللەتنىڭ ئەتىسىگە مۇناسىۋەتلىك زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان ماقالىلارنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك قارارىغا تەسىر كۆرسىتەلمەسلىكى، بىزدىكى ئىلىم قەدىرسىزلىكى شۇنداقلا ئىلىم ئىسراپچىلىقىدۇر.

ئەشەددىي مەنسەپ- ھوقۇقپەرەسلىكنىڭ «ئىلمىي تەرەققىيات» ۋە «سىياسىي مەدەنىيلىك»كە زىت ھالدا ھەممىگە چات كىرىۋېلىشى، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان يېتەكچى روللۇق ئىقتىساد ئىگىلىرى، ئالىم- ئىلىم ئەھلىلىرى، مۇتەپەككۇر- ئىجتىمائىيەتشۇناسلارنىڭ بولماسلىقى ياكى ئىنتايىن كەم بولۇشى، بولغانلىرىنىڭ «زىننەت بۇيۇمى» بوپقېلىشى، ئىلمىي ئەمگەكلىرىنىڭ باھاسىز قېلىشى بىزدىكى سەرخىللارنىڭ رولىغا بولغان قارىشىمىزنىڭ بەكمۇ غۇۋالىقىنىڭ بېشارىتىدۇر.

ئۆتمۈشتىكى جۇڭگونىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 221- يىلى بىرلىككە كېلىشى، ئالېكساندىر ماكېدونىكىي (356 م ب - 323 م ب ) نىڭ خىرىسپيان دېڭىز بوغۇزىدىن ئاتلىشى، مىلادىيە 633- يىلى ئەرەبلەرنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشى، موڭغۇللارنىڭ 13- ئەسىردە شەرقىي شىمالىي ئاسىيادا تاسادىپىي باش كۆتۈرۈشى، يەنە 1- دۇنيا ئۇرۇشى قاتارلىق بەزى زور ۋەقەلەر ناھايىتى تاسادىپىي رەۋىشتە يۈز بەرگەن ۋە كۆپلىگەن ئەل - قەۋمنىڭ تەقدىرىنى ئۇيان- بۇيان قىلىۋەتكەن. بىراق، يۇنان ۋە جۇڭگو پەلسەپىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، دىنلارنىڭ كېڭىيىشى ۋە دەھرىيلىشىش قاتارلىق نۇرغۇن ئىش ناھايىتى ئاستا يۈز بەرگەن. كىشىلەر تاسادىپىي زور ۋەقەلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا كۆپىنچە ئامالسىز. ئەمما، تولىمۇ خەتەرلىكى يەنىلا تەسىرى ئاستا ۋەقەلەردۇر. چۈنكى، بۇنداق ۋەقەلەر كۆپ يۈز بېرىدۇ. كىشىلەردە تارىختىن ئىبرەت ئېلىش، ئۆز ھەرىكىتى، تەپەككۇرىنى ئىلمىي ئىزغا سېلىش، گۈزەل ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش... قاتارلىق ئاڭلىرى بولمىسا، ئاڭقاۋلۇق بىلەن «باشقىلارنىڭ دېيىشىغا ئىختىيارسىز ئۇسسۇل ئوينايدىغان»- ئەجدادلىرىغا ئاسىيلىق، ئەۋلادلىرىغا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىدىغان تۈزكور- ماڭقۇرتلۇق تەبىئىي يۈز بېرىدۇ. بۇنداق ئۆزگىرىش ئاستا يۈز بەرگەچكە، تەپەككۇرى گاراڭ كىشىلەر ئۇنى ھېس قىلالمايدۇ. بۇنداق ئۆزگىرىشلەر كۆپىنچە بىر ئەۋلاد، بىر دەۋر ئاخىرلاشقاندا گەۋدىلىك نامايان بولىدۇ. ئەمما، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە بەرىبىر ئامال- چارىلەر تېپىلماي قالىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىينىڭ «‹خەپ› دېسەڭ ئۇ چاغدا ئۆلگۈرمەي قالۇر» دېگەن مىسراسىنىڭ ھەقىقىتى شۇدۇر. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، سەرخىللارنىڭ بولۇشى، ئۇلارنىڭ تەشكىللىشى،

ئاگاھلاندۇرۇشى، ئىزدىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش جەھەتتىن ئۈلگە بولۇشى تولىمۇ مۇھىمدۇر. چۈنكى، ئېتىزدىن بۇ يىل ھوسۇل ئالالمساق، كېلەر يىلى ئالغىلى بولىدۇ. ئەمما، كىشىلەرنىڭ تەربىيە جەھەتتىكى نۇقسانلىرىنى، ھەزارەت جەھەتتىكى شالغۇتلىشىشنى، ئىجتىمائىي ئاڭ جەھەتتىكى چېكىنىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەس. شۇڭا، تەرەققىي تاپقان ئەللەردە مۇتەپەككۇرلار، ئىجتىمائىيەتشۇناسلار، پېداگوگلار خۇددى تەبىئىي پەن ئالىملىرىغا ئوخشاش ھۆرمەتلىنىدۇ.

جەمئىيىتىمىزدىكى يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇم، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزنى پۈتۈنلەي مەسىلە دۆۋىسى ئىچىدە تۇرۇۋاتقان، تەرەققىيات بولمىغان جەمئىيەت دەپ قارىغانلىقىم ئەمەس. پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ مەۋجۇد مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، پۇقرالارنى بېيىتىش ـ روناق تاپقۇزۇش جەھەتتە ئىشلەۋاتقان خىزمەتلىرى ھەقىقەتەنمۇ كۆپ. بىراق، «مەركەزدىن دېھقانغا تۆگە ئەۋەتسە، دېھقاننىڭ ئۆيىگە چۆجە كىرىپتۇ» دېگەندەك ئەھۋاللار، «يەرلىك خاقان» بولۇۋېلىش ئەھۋاللىرى ھېلىھەم مەۋجۇد. بىز بۇ مەسىلىلەرنىڭ تۈگىشىنى ئۈمىد قىلىمىز ۋە پارتىيە ـ ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ئۇنى تامامەن ھەل قىلىش ئىقتىدارىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىمىز.

قاتتىق ئاگاھكى، دەۋرىمىزگە مەنسەپدارلىق ھەيۋىسى بىلەن ئىش بېجىرىدىغان قارام، تەتۈر، سارڭ، تەلۋە باشلىقلار ئەمەس، ئىلمىي روھ، ئىنسانىي كۆيۈم، قانۇن روھى بىلەن ھوقۇق يۈرگۈزىدىغان رەھبەرلەر كېرەك! مۇسابايلارغا ئوخشاش مىللەتكە ھەقىقىي كۆيۈنىدىغان ئىقتىساد ئىگىلىرى كېرەك! مۇتەپەككۇرلۇق دەرىجىسىگە يېقىنلاشقان پەن ـ تېخنىكا، ئەدەبىيات ـ مەدەنىيەت ساھەلىرىدىكى سەرخىللار كېرەك! يۇرتتىكىلەرنىڭ غېمىنى يەيدىغان، كېيىنى دەيدىغان مۆتىۋەر ـ ئاقساقاللار كېرەك! بۇنىڭ ئۈچۈن بىزدە ئاشۇنداق سەرخىللارنى يارىتىدىغان، قوللايدىغان، ئۇلارنىڭ ئەمگەكلىرىگە ئىلمىي باھا بېرىدىغان مۇھىت بولۇشى كېرەك. ئىجتىمائىيەت سەرخىللىرى ئەلنى توغرا پىكىر ـ قاراش بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئۇلارنىڭ گاللاشقان تەپەككۇرىنى دائىم بىلەپ تۇرۇشى، ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي ھەرىكەتلىرىدە قوۋمىنىڭ گۈزەل ئەنئەنىلىرىنى بويلىشى ـ پەرھىز ـ چەكلىملەرنى رېئاللاشتۇرۇشى كېرەك. مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئىجادكارلار «شوئارۋاز»لىقتىن ساقلىنىپ، ھەقىقىي مەدەنىيەت ـ سەنئەتنى سۆيۈشى كېرەك. بىلىم ساھەسىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلەر كۆپلەپ مەيدانغا چىقىشى كېرەك. خەلقىمىز دەۋر سەرخىللىرىنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوللىشى، ئادەملىرىمىز پىتنىخورلۇق، ھەسەتخورلۇق، غەيۋەتتىن يىراق تۇرۇشى كېرەك. كىشىلەر ئۆتمۈشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مەڭگۈ قادىر ئەمەس. ئەمما، ئۇنى بىلىش ئارقىلىق قىممەتلىك ساۋاقلارغا ئېرىشىپ، ئۇنى كەلگۈسىنىڭ تەپەككۇر پىلتىسى قىلالايدۇ. بۇ خىل ئىزدىنىش ھەر بىر شەخسنىڭ بۈگۈنىدىن باشلىنىدۇ.

2006 ـ يىل 15 ـ ئۆكتەبىردە يېزىلدى؛ 2007 ـ يىل 7 ـ ئىيۇندا تەھرىرات تەلىپى بويىچە تولۇقلاپ تۈزىتىلدى. يوسكام ـ گۈلباغ

## سىتاتا مەنبەلىرى

[1] ھاجى ئەھمەت كۆلتېگىن: «شەپەق جۇلاسى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1994 ـ يىل نەشرى 48 ـ بەت.

[2]، [3]، [4] لياۋ شىڭچياۋ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «چەت ئەللەر ھازىرقى زامان ئېقىمىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت لۇغىتى»، خۇنەن ماتارىپ نەشرىياتى 1991 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 119 ـ، 120 ـ بەتلەر.

[5]، [6]، [7]، [8] ۋىل دۇرېنت (ئامېرىكا): «شەرق مەدەنىيىتى»، چىڭخەي خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 137 ـ، 138 ـ، 139 ـ بەتلەر.

[9]، [10] ۋىللىيام مىكگائۇزىي (ئامېرىكا): «دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى»، «شىنخۇا» نەشرىياتى 2003 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 41 ـ، 383 ـ بەتلەر.

[11]، [12] ۋىل دۇرېنت (ئامېرىكا): «شەرق مەدەنىيىتى»، چىڭخەي خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 126 ـ، 154 ـ بەتلەر.

[13] ۋىللىيام مىكگائۇزىي (ئامېرىكا): «دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى»، «شىنخۇا» نەشرىياتى 2003 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 383 ـ بەت.

[14] ل. س. ستاۋرىئانوس (ئامېرىكا): «يەر شارى ئومۇمىي تارىخى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2005 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 18 ـ بەت.

[15] ۋىللىيام مىكگائۇزىي (ئامېرىكا): «دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى»، «شىنخۇا» نەشرىياتى 2003 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 95 ـ بەت.

[16] شيا جېڭنۇڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «ئوكيانوس»، شاڭخەي كىتابچىلىق نەشرىياتى 2002 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 1750 ـ بەت.

[17] گاۋچۇنمېي: «ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى ئېچىش»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 2001 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 89 ـ بەتتىكى نەقىل.

[18] ئۆمەرجان ئىمىن: «تارىمنىڭ يۇرىكىدىكى ئوت ـ كېرىيە دەرياسىنىڭ تۈۋەن ئېقىنىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 404 ـ، 400 ـ بەتلەر.

---

ئاپتور: ماائارىپ ۋە ئىجتىمائىيەت بويىچە يېتىلىۋاتقان ياش تەتقىقاتچى، يوسكام ناھىيە گۈلباغ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى(M1)

ئەگلىپلىك بېكىتكۈچى: ئۆمەر ئەھمەدى



# «زىيالىي» ئاتالغۇسى ۋە ئۇيغۇر زىيالىيلىرى توغرىسىدا دەسلەپكى ئانالىز

**ئادىل ئابدۇقادىر**

ھازىرقى زامان مائارىپ تەربىيىسى ۋە ئالىي مائارىپ سىستېمىسىنىڭ دۇنيا بويىچە ئومۇملىشىشى، دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەردە ئۆزلىرىنىڭ بىلىم، ماھارەت ۋە تېخنىكا جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى بىلەن جەمئىيەتتىكى باشقا ئىجتىمائىي توپلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان يېڭى بىر ئىجتىمائىي توپنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ ئىجتىمائىي توپ يېقىنقى زامان دۇنيا تارىخىدا ئۆزلىرىنىڭ بىلىم جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىگە تايىنىپ ھەر قايسى ئەللەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تۇرمۇشىدا سەركىلىك رول ئويناپ، دۇنيانىڭ يېڭى بىر تارىخىي سەھىپىسىنى ئاچتى. كىشىلەر بۇ توپ دەسلەپ بارلىققا كەلگەندىن تارتىپ تاكى بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي بىرلىك سۈپىتىدە جەمئىيەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغۇچە بولغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئۇلارنىڭ ئوينايدىغان رولى ۋە يارىتىدىغان ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن «ئەدىب»، «پەن - تېخنىكا خادىمى»، «ئالىم - مۇتەخەسسىس»، «سىياسىيون»، «تەتقىقاتچى» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتاپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى جەمئىيەتتىكى باشقا ئىجتىمائىي توپلاردىن ۋە بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ كەلدى. ئۇلار بارلىققا كەلگەن دەسلەپكى مەزگىلدە سان جەھەتتە ئاز ھەم ئىجتىمائىي بىرلىك سۈپىتىدە ئۇيۇشالمىغاچقا، جەمئىيەتنىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمىگەن. لېكىن ئۇلارنىڭ بىلىم جەھەتتە باشقا ئىجتىمائىي توپلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشتەك ئورتاق ئالاھىدىلىكى ئۇلارنى بارا - بارا مۇھىملىق دەرىجىسىگە كۆتۈردى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۇيۇشۇشى ئىستىخىيىلىك ھالدا ئىلگىرى سۈرۈلدى. بۇ خىل ئۇيۇشۇش ئۇلاردا ئورتاق ئالاھىدىلىك ۋە سالاھىيەت ھازىرلاپلا قالماستىن، ئۇلارنى تەدرىجىي ھالدا جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تۇرمۇشىنىڭ بايراقدارلىرى ۋە نوپۇزلۇق باياناتچىلىرىغا ئايلاندۇردى. بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەت ئۇلاردىكى ئورتاق ئالاھىدىلىك ۋە سالاھىيەتكە ئاساسەن ئۇلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ «زىيالىي» نامى بىلەن ئاتىدى.

«زىيالىيلار» دىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي توپ گەرچە «زىيالىي» ئاتالغۇسىدىن خېلى بۇرۇنلا مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ «زىيالىي» نامى بىلەن جەمئىيەت تەرىپىدىن ئورتاق ئېتىراپ قىلىنىشى پەقەت يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئىش. يېڭى پەن تۈرلىرىنىڭ كۆپىيىشى، ئىش تەقسىماتىنىڭ ئۆزگىرىشى، تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە بىلىمنىڭ تۇۋارلىشىشى بارا - بارا زىيالىيلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، نوپۇزى ۋە سالاھىيىتىگە يېڭى مەزمۇن قوشتى ۋە ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى خاراكتېرى، ئورنى، ئىجتىمائىي رولىدىمۇ زور ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. بولۇپمۇ زىيالىيلار بازار ئىقتىسادى ۋە كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان رىقابەت مېخانىزمىنىڭ زەربىسى بىلەن ئەسلىدىكى ئورتاق ئىدىيىۋى ئاساس ئاساسىدا ئىستىخىيىلىك ھالدا ئۇيۇشقان بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي توپ ھالىتىدىن تەدرىجىي پارچىلىنىپ، جەمئىيەتتە ئوخشىمىغان سالاھىيەت بىلەن ئوخشىمىغان ئىش تەقسىماتىنى ئۈستىگە ئېلىشقا باشلىدى. بۇ خىل پارچىلىنىش

زىيالىيلار قاتلىمىنىڭ تاشقى پوستىدا زىيالىيلارنىڭ تۈرلۈك كەسپىي خادىم ياكى تېپىك تەتقىقاتچىغا ئايلىنىپ كېتىشى، زىيالىيلار بىلەن ئاۋام ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگ(سۆزلىشىش)، چۈشىنىشنىڭ بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىشى ۋە ئۇلارنىڭ يېڭى سالاھىيەت، يېڭى نام بىلەن ئاتىلىپ، ئەسلىدىكى ئەنئەنىۋى ئوبرازىنىڭ بارغانسېرى ئۆزگىرىپ كېتىشىدە مەركەزلىك ئىپادىلەندى. جەمئىيەتتە ئەنئەنىۋى ھۈنەرۋەنلەرگە ئوخشاش ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپ ياكى پەننى جان بېقىش، ئىناۋەت تېپىشنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرۇۋالىدىغان زىيالىيلار كۆپەيدى. بۇنىڭ بىلەن زىيالىيلار مەلۇم مەسىلە ئۈستىدە پىكىر قىلغاندا، كىشىلەر ئۇلارنى شۇغۇللىنىدىغان كەسپىنىڭ نامى ياكى ئىلمىي ۋەياكى كەسپىي ئۇنۋانى بويىچە «ئىقتىسادشۇناس»، «تەتقىقاتچى»، «ئادۋوكات»، «دوكتور»، «پروفېسسور»، «ئارخېئولوگ»... دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتايدىغان بولدى. بۇ خىل ئىلمىي ۋە كەسپىي ناملارنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە جەمئىيەتتە كەڭ قوللىنىلىشى گەرچە بىزنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي توپلار ۋە پەن تۈرلىرىنى پەرقلەندۈرۈشىمىزگە قولايلىق يارىتىپ، ئىلمىي پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىمىزنىڭ قېلىپلىشىشىنى ئۇقۇم رامكىسى بىلەن تەمىن ئەتكەن، بىلىمنىڭ پارچىلىنىشى ۋە كەسپلىشىشىنى ئىپادىلەپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن زىيالىيلارنىڭ ئورتاق پىكىر، قاراش، ئىدىيە ئاساسىغا ئۇيۇشقان مەنىۋى ئۇيۇم سۈپىتىدىكى ئىجتىمائىي توپ ھالىتىدىن تەدرىجىي پارچىلىنىشىنى تېزلەشتۈرۈپ، ئۇلاردىكى ئورتاق دىئالوگ، چۈشىنىش، ھەتتا بىر- بىرىنى قوللاش ئارقىلىق تۆۋەن قاتلام ئاۋامنى يېتەكلەش ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى؛ ھەتتا ئۇقۇم جەھەتتە مۇرەككەپلىك، مۇجمەللىك پەيدا قىلدى. كىشىلەر «زىيالىي» دېگەن ئاتالغۇنى تولا قوللىنىدىغان، لېكىن قانداق كىشىلەرنى «زىيالىي» دەپ ئاتاشنى، ئۇنىڭ ئۇقۇم دائىرىسىنى قانداق بېكىتىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن ھەر قايسى ئەل تەتقىقاتچىلىرى بۇ ئاتالغۇ ئۈستىدە ئوخشىمىغان كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ جەھەتتىكى تالاش- تارتىشلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ كۆردى. بۇ خىل تالاش- تارتىشلار ئىچىدە فرانسىيىلىك پەيلاسوپ ژان. فرانسوۋا لىئورتادنىڭ «زىيالىيلار ئاللىبۇرۇن ئۆلگەن» دېگەن قارىشى بىلەن ئامېرىكا كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئىدۋارد سەئىدنىڭ «ھازىرقى زىيالىيلارنىڭ كەسپىي خادىملارغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكى» توغرىسىدىكى تەنقىدىي كۆز قاراشلىرى ئىلىم ساھەسىدە خېلىلا غۇلغۇلا قوزغىدى.

گەرچە دۇنيادا «زىيالىيلار» ھەققىدىكى تالاش- تارتىش ۋە مۇھاكىمىلەر ھازىرغىچە ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بىز بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزە، تالاش- تارتىشلارنىڭ سىرتىدا قالدۇق. يەنى، بىزمۇ گەرچە «زىيالىي» دېگەن ئاتالغۇنى ئاخبارات ۋاستىلىرىمىز، تىل ئىستېمالىمىزدا كەڭ قوللىنىپ كېلىۋاتقان بولساقمۇ، لېكىن ھازىرغىچىلىك «زىيالىي دېگەن نېمە؟»، «زىيالىيلارنىڭ مىللەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت- ۋەزىپىسى نېمە؟»، «ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟»، «ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى قانداق؟» دېگەندەك مەسىلىلەر ئۈستىدىمۇ ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولالماي تۇرۇپلا يېڭى ئەسىرگە كىرىپ كەلدۇق.

باشقا ئەل- خەلقلەرنىڭ «زىيالىيلار» مەسىلىسى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، «زىيالىيلار» مەسىلىسى نازۇك، شۇنداقلا مۇرەككەپ تەتقىقات تېمىسى بولۇپ، ئۇنى پەقەت مەخسۇس تەتقىقات قوشۇنىنىڭ تاماملىشىغا تاپشۇرغاندىلا، ئاندىن ئۇنى سىستېمىلىق يورۇتۇپ بەرگىلى بولىدۇ. ۋەھالەنكى، بىزدە بۇنداق تەتقىقات قوشۇنى يوق دېيەرلىك. پىقىرنىڭ بۇ تېمىنى قولۇمغا ئېلىشتىكى مەقسىتىم قانداقتۇر ئۆزۈمنى شۇ خىل سالاھىيەتكە ئىگە دەپ قارىغانلىقىم، ياكى كۆرگەن- بىلگەنلىرىمنى ژۇرنال يۈزىدە پەش قىلىش بولماستىن، بەلكى مۇشۇ تېما بويىچە ئۆگەنگەنلىرىم ئاساسىدىكى چۈشەنچىلىرىمنى كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلىشىش ئۈچۈندۇر.

## زىيالىي ئاتالغۇسىنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخى

پەن ساھەسىدىكى ھەر قانداق بىر ئىلمىي ئاتالغۇنىڭ بارلىققا كېلىشى تاسادىپىي بولماستىن بەلكى ئۇ مۇئەييەن تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشنى شەرت قىلغان بولىدۇ. ئاتالغۇنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخىنى چۈشىنىش ۋە بىلىش بىزنىڭ ئۆزىمىز بىلمەكچى بولغان ئاتالغۇ ھەققىدىكى بىلىشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپلا قالماستىن، بىزنىڭ شۇ ئاتالغۇنى توغرا قوللىنىشىمىز ۋە قوبۇل قىلىشىمىزنى ئوبيېكتىپ ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ. بولۇپمۇ بىر تىلدىكى چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان ئاتالغۇنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخىنى بىلىش، ئاتالغۇلارنى توغرا ئىشلىتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، شۇ ئاتالغۇنى ئۆز تىلىدا دەل، توغرا ئىپادىلەشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مۇبادا بىز ئۆزىمىز قوللانماقچى بولغان ئاتالغۇنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخى ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلمىسەك، ئۇنداقتا ئاتالغۇلارنى خاتا قوللىنىش، خاتا ئىپادىلەش، ئارىلاشتۇرۇۋېتىش ۋە مۇجمەللەشتۈرۈۋېتىشتەك مەسىلىلەردىن ساقلىنالمايمىز. شۇڭا بەزى ئىلمىي ئاتالغۇلارنى كەلسە- كەلمەس قوللىنىشتىن ساقلىنىش ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى تولۇق يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخىنى چۈشىنىش تولىمۇ زۆرۈر.

«زىيالىي» ئاتالغۇسى بۈگۈنكى دەۋر تىلىمىزدا كەڭ قوللىنىدىغان ئىلمىي ئاتالغۇنىڭ بىرى بولۇپ، ئادەملىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمى بۇ ئاتالغۇنىڭ ئەڭ دەسلەپتە قايسى تىلدا، قانداق تارىخىي شارائىتتا بارلىققا كەلگەنلىكى، ئۇنىڭ باشقا تىللاردىكى ئىستېمال مەنىلىرى توغرىسىدىكى بىلىملەردىن تازا خەۋەرسىز. شۇ تۈپەيلى كۆپ قىسىم كىشىنىڭ بۇ ئاتالغۇ ھەققىدىكى چۈشەنچىسى، بۇ ئاتالغۇنى قوللىنىشىدا مۇجمەللىك مەۋجۇد.

«زىيالىي» ئاتالغۇسى 19- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ ھەقتە تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆز قاراشلىرى ھەرخىل بولسىمۇ، لېكىن ئىلىم ساھەسىدە ئۇنىڭ ئەڭ بۇرۇن روسىيە ۋە فرانسىيىدە بارلىققا كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى قاراش بىر قەدەر ئومۇملاشقان. بۇ ھەقتە سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بارغان جۇڭگودىكى بىر قىسىم تەتقىقاتچىنىڭ تەتقىقاتلىرىغا ئاساسلانغاندا، «زىيالىي» ئاتالغۇسىنى تۇنجى قېتىم فرانسىيىلىك پەيلاسوپ رېنان (Renan) 1845-، 1846- يىللىرى ئۆزىنىڭ بىر قوليازمىسىدا ئىشلەتكەن. ئاندىن كېيىن يەنە فرانسىيىلىك ژۇرنالىست بارئوس 1846- يىلى ئۆزى نەشر قىلغان «كاكار» (帽徽) ژۇرناللىرىدا «زىيالىي» ئاتالغۇسىنى شۇ دەۋر فرانسىيە جەمئىيىتىدىكى جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدىن نارازى يازغۇچى، سەنئەتكارلار ۋە ھۆكۈمەتسىزلەرنى، سوتسىيالىزمچىلارنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللانغان[1]. يەنە بىر قىسىم تەتقىقات ماتېرىيالىدا، «زىيالىي» ئاتالغۇسىنىڭ فرانسىيىدە بارلىققا كېلىشىنىڭ 1894- يىلى فرانسىيىدە يۈز بەرگەن دېرېفوس ۋەقەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ. دېرېفوس بىر ئوفىتسېر بولۇپ، يەھۇدىيلار بىلەن مۇناسىۋىتى بولغانلىقى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرايدۇ. بۇ شۇ دەۋردىكى ئېمىل زولا، ھيۇگو قاتارلىق دۇنياۋى شۆھرەتلىك مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغايدۇ. شۇنىڭ بىلەن فرانسىيە جەمئىيىتىدىكى بۇ مەشھۇر زاتلار دېرېفوسنى ئاقلاش ئۈچۈن 1898- يىلى 23- يانۋاردا «زىيالىيلار خىتابنامىسى»نى ئېلان قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن فرانسىيە

جەمئىيەتتە ئادالەتنى ياقلايدىغان، جەمئىيەتتىكى ئادالەتسىزلىكلەرنى تەنقىدلەيدىغان كىشىلەرنى ئۇلارغا قارشى كۈچلەر كەمسىتىپ «زىيالىي» دەپ ئاتايدۇ [2]. «زىيالىي» ئاتالغۇسىنىڭ فرانسىيەدە بارلىققا كېلىش تارىخىدىن قارىغاندا، گەرچە شۇ دەۋر جەمئىيىتىدىكى بىلىملىك، تەنقىدىي كۆز قاراشقا ئىگە كىشىلەرنى كۆرسەتسىمۇ، لېكىن بۇ ئاتالغۇ ئۇ چاغلاردا سەلبىي مەنىدە قوللىنىلغان.

رۇس تىلىدىكى интеллигенция(زىيالىي) ئاتالغۇسىمۇ «زىيالىي» ئاتالغۇسىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئاساسلىق مەنبەلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ئاتالغۇ 19- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا روسىيەدە بارلىققا كەلگەن [3]. بۇ ئاتالغۇنى رۇس تىلىدا ئەڭ بۇرۇن ئىشلەتكەن كىشى بۈيۈك ئەدەبىي تەنقىدچى بېلىنسكىي بولۇپ، بۇ ئاتالغۇ رۇس تىلىغا پولەك تىلىدىكى intelligencja دېگەن ئاتالغۇ ئارقىلىق كىرگەن [4]. رۇس تىلىدىكى «زىيالىي» ئاتالغۇسى دەسلەپ بارلىققا كەلگەندە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل كىشىلەرنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن:

1. تەربىيە كۆرگەن، سىپايە كىشىلەرنى كۆرسەتكەن. بۇ خىل كىشىلەر روسىيە جەمئىيىتىدىكى سۆز- ھەرىكەتتە ئاۋام پۇقرالاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى بولۇپ، جەمئىيەتتە بىر قەدەر يۇقىرى ئابرويغا ئىگە ئىدى.

2. جەمئىيەت ئەھۋالىدىن نارازى، ئەخلاقىي ھېسسىياتقا باي، تەرەققىي قىلىشنى ئىستەيدىغان كىشىلەرنى كۆرسەتكەن. 19- ئەسىرنىڭ 70- يىللىرىدىكى روسىيە مىللەتچىلىرىنىڭ نەزىرىدىكى «زىيالىي» ئوقۇمى كىشىلەرنىڭ بىلىمى ۋە كەسپى بىلەن ئاساسەن مۇناسىۋەتسىز ھالەتتە ئىدى.

3. ياخشى تەربىيىلەنگەن ھەرقانداق ئادەمنى كۆرسەتكەن. بۇ، لېنىن باشچىلىقىدىكى دەسلەپكى ماركسىزمچىلارنىڭ «زىيالىي» ئاتالغۇسىغا بولغان چۈشەنچىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ياخشى تەربىيە كۆرگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى زىيالىي ھېسابلىناتتى [5]. «زىيالىي» ئاتالغۇسى 19- ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىدىن كېيىن رۇس تىلىدا كەڭ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان.

«زىيالىي» ئاتالغۇسى گەرچە ئەڭ بۇرۇن فرانسۇز ۋە رۇس تىلىدا بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى زامان ئىستېمال مەنىسىدىكى «ئەقلىي ئىقتىدارى بىر قەدەر يۇقىرى، جەمئىيەتتە سەركىلىك رول ئويناۋاتقان كىشىلەر»نى كۆرسىتىدىغان «زىيالىي» ئاتالغۇسى ئىنگلىز تىلىدىكى intellectualدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ جەمئىيەتشۇناسلىق پەنلىرىدە تىلغا ئېلىنىۋاتقان ھازىرقى زامان مەنىسىدىكى «زىيالىي» ئاتالغۇسىنىڭ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. ئىنگلىز تىلىدىكى intellectualدەسلەپتە «ئەقلىي ئىقتىدار» مەنىسىدە قوللىنىلغان بولۇپ، «زىيالىي» مەنىسى يوق ئىدى. ئىنگلىز تىلىدىكى «زىيالىي» مەنىسىدىكى intelligentsiaرۇس تىلىدىكى интеллигенцияدىن كەلگەن بولۇپ، دەسلەپتە intelligenziaقىلىپ يېزىلغان. بۇ سۆزنى ئەڭ دەسلەپتە M.Baring 1907 - يىلى ئۆزىنىڭ «روسىيەدىكى كۈنلەر» دېگەن ئەسىرىنىڭ 7- تومىدا ئىشلەتكەن [6]. ئىنگلىز تىلىدىكى «زىيالىي» ئاتالغۇسى دەسلەپتە روسىيە ۋە شەرقىي ياۋروپا جەمئىيىتى ھەققىدە توختالغاندا كۆپرەك ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئاساسەن «ھازىرقى ھالەتتىن نارازى»، «ئىنقىلاب» دېگەندەك ئاتالغۇلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىلگەن. «تاكى 20- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئىنگلىز تىلىدىكى زىيالىي (intellectuals)، بىلىمچىلىك(intellectualism)، بىلىم قاتلىمى (intelligentsia) دېگەن سۆزلەر سەلبىي مەنىدە ئىشلىتىلگەن» [7]. ئەمما زىيالىيلارنىڭ ئىجتىمائىي توپ بولۇپ تەشكىللىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ رولىنىڭ جەمئىيەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشىغا ئەگىشىپ ئىنگلىز تىلىدىكى بۇ ئاتالغۇنىڭ مەنىسى كېڭەيگەن ھەم ھازىرقى زامان مەنىسىدىكى «زىيالىي» ئاتالغۇسى بارلىققا كېلىشكە، قوللىنىلىشقا باشلىغان.

ئۇيغۇر تىلىدىكى «زىيالىي» ئاتالغۇسىنىڭ قاچان، قانداق بارلىققا كەلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ كونكرېت ئىستېمال مەنىسى توغرىسىدا ھازىرغىچە ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنبەئاتلاردا ئۇچۇر يوق دېيەرلىك. شۇڭا بىز بۇ ئاتالغۇنى پەقەت ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز مەنىسىنى ئىزاھلاش ئۇسۇلى بويىچە چۈشەندۈرۈشكە ۋە بۇ ئاتالغۇ ئۈستىدە ئۆزىمىز ئىگىلىگەن مەلۇماتلار ئاساسىدا قىياسەن خۇلاسە چىقىرىشقا مەجبۇرمىز. ئۇيغۇر تىلىدىكى «زىيالىي» ئاتالغۇسى قارىماققا ئۆز ئانا تىلىمىزدىكى ئاتالغۇدەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما بۇ ئاتالغۇ ئەسلى ئەرەب تىلىدىكى «زىيا» سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001- يىلى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر تىلىغا چەت تىللاردىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»نىڭ 302- بېتىدە «زىيا» سۆزىگە: «(ئە) يورۇقلۇق، نۇر، شولا» دەپ تەبىر بېرىلگەن. ئەرەب تىلىدا گەرچە «زىيا» سۆزى بولسىمۇ، لېكىن «زىيالىي» سۆزى يوق. ئۇنداقتا، «زىيالىي» سۆزى قانداق بارلىققا كەلگەن؟ بۇ ھەقتە ئۇستازلار ۋە پېشقەدەملەردىن سوراش، ماتېرىيال كۆرۈش داۋامىدا شۇ نەرسە ئايان بولدىكى، «زىيالىي » ئەسلى ئۆزبېك تىلىدىكى ئاتالغۇ بولۇپ، موسكۋا رۇس تىلى نەشرىياتى 1981- يىلى نەشر قىلغان، ئۆزبېكىستان س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئا.س. پۇشكىن نامىدىكى تىل ۋە ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى تۈزگەن «ئۆزبېك تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە «زىيا ۋە زىيالىي» سۆزى مۇنداق ئىزاھلانغان:

زىيا — (1) ياغدۇ، يورۇق، نۇر(2) شولا، يارقىنلىق (3) بىلىم، مەرىپەت.

بىز مۇشۇ تىل مەنبەلىرى ئاساسىدا شۇ نەرسىنى قىياسەن ھېس قىلالايمىزكى، «زىيالىي» ئاتالغۇسى ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزبېك تىلىدىن كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. بىزنىڭ بۇ قىياسىمىزنى يەنە ئۇيغۇر ئۆزبېك خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تىل، مەدەنىيەت ئورتاقلىقى ۋە تارىختىن بۇيانقى مەدەنىيەت، ئىقتىساد ئالاقە- مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر تىلىدىكى «زىيالىي» سۆزى مەنە جەھەتتىن ئۆزبېك تىلىدىكىگە ئوخشاش مەنە ئاڭلىتىدۇ. مۇبادا بۇ پىكرىمىزنى مەلۇم نىسبەتتە ئىلمىي ئاساسقا ئىگە دەپ قارىساق ۋە بۇ ئاتالغۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزبېك تىلىدىن قاچان كىرگەنلىكى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزسەك، ئالدى بىلەن بۇ ئاتالغۇنىڭ ئۆزبېك تىلىدا قاچان بارلىققا كېلىپ ئومۇملاشقانلىقىنى بىلىشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، بۇ ئاتالغۇ ئالدى بىلەن ئۆزبېك تىلىدا ئومۇملاشقاندىن كېيىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەپسۇسكى، قولىمىزدا بۇنىڭغا ئائىت يېتەرلىك ماتېرىيال يوق. ئەمما بىز بۇ ئاتالغۇنىڭ دەسلەپ رۇس تىلىدا بارلىققا كېلىپ، 19- ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىدىلا رۇس تىلىدا ئومۇملاشقانلىقىدەك تارىخىي پاكىت، شۇ مەزگىلدىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى رۇس خەلقى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي مۇناسىۋەت ۋە 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق خەلقلەر بىلەن دىيارىمىز خەلقلىرى ئارىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن بۇ ئاتالغۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا ئەڭ كېچىككەندىمۇ 20- ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىدىن بۇرۇنلا كىرگەنلىكىنى قىياس قىلالايمىز. چۈنكى دىيارىمىزدىكى شۇ دەۋردە ياشىغان ئوقۇمۇشلۇق زاتلارنىڭ كۆپىنچىسى دۇنيا ھەققىدىكى يېڭى ئۇچۇرلارغا ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت چەمبىرىكىدە ياشىغۇچى ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق قېرىنداش خەلقلەردىن ئېرىشكەن ھەم ئۇلار بىلەن

قويۇق مەدەنىيەت ئالاقىسى ئورنىتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىختىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن ئۇچرىشىشتىكى مۇھىم دەرۋازىسى. ئۇنىڭدىن باشقا، شۇ بىر دەۋر قەشقەر ـ ئاتۇشنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر يېڭىچە مىللىي مائارىپىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى بولۇپ، شۇ دەۋردە ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايلار باشچىلىقىدىكى «جاھان كۆرگەن» بىر قىسىم تەرەققىيپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر بايلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىزىنى باسقان زاتلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە قوللىشى بىلەن ئوت يۈرەك ئۇيغۇر مىللىي مائارىپچىسى مەمتىلى ئەپەندى قاتارلىق بىر تۈركۈم ياشلار دىيارىمىزدا مەكتەپ ئېچىپ يېڭىچە ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغان ھەم ھەقىقىي بىر «زىيالىي» سۈپىتىدە دىيارىمىزدا دەۋر بۆلگۈچ يېڭى سەھىپە ئاچقان.

## زىيالىي دېگەن نېمە؟

«زىيالىي» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئىلىم ساھەسىدىكى باشقا نۇرغۇن ئىلمىي ئاتالغۇغا ئوخشاشلا ئىلىم ئەھلىلىرى تەرىپىدىن ئۇزۇندىن بۇيان تالاش ـ تارتىش قىلىنىۋاتقان ئاتالغۇلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنە تولىمۇ مۇرەككەپ، يەنە كېلىپ ئۇ كۆرسەتمەكچى بولغان ئوبيېكت جانسىز ياكى مەۋھۇم نەرسە بولماستىن، بەلكى رېئال جەمئىيەتتىكى تارىخىي قاتلاملىرى مۇرەككەپ، ئىجتىمائىيلىقى كۈچلۈك، ھەرىكەتچان ئىجتىمائىي توپ بولغاچقا، ئۇنىڭ مەنە قاتلىمى، ئۇقۇم دائىرىسىنى بېكىتمەك تولىمۇ تەس. بولۇپمۇ زىيالىيلارنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ سالاھىيىتىنى قانداق بېكىتىش، يەنى قانداق كىشىلەرنى زىيالىي دەپ ئاتاش مەسىلىسى زىيالىيلار توغرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەن بولۇپ، ھەرقايسى ئەل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. يەنە كېلىپ بىر قوۋمنىڭ ئۆز زىيالىيلىرىغا قويغان تەلىپى، زىيالىيلىرىدىن كۈتىدىغىنى بىلەن يەنە بىر قوۋمنىڭ تېخىمۇ ئوخشىمايدۇ. بەزى تەتقىقاتچىلار زىيالىيلارنى تارىخىي نۇقتىدىن كۆزىتىپ، تارىختىكى بىر قىسىم مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ھايات پائالىيىتىنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ، زىيالىيلارنى ئوخشىمىغان تۈر ۋە تارىخىي قاتلاملارغا ئايرىپ، زىيالىيلارنىڭ قانداق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ۋە قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، ئوخشاشلىق ۋە مۇناسىۋەتكە ئاساسەن شەرھلەيدۇ ۋە شۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن «زىيالىي»لارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكىنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن ئۇرۇنىدۇ: يەنە بەزىلەر بولسا «زىيالىي»لارنى جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە پەلسەپە نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت فورمىسى ۋە ئاۋام بىلەن بولغان دىئالوگ، تەسىرلىشىش مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن باھا بېرىشكە تىرىشىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال غەرب تەتقىقاتلىرىدا زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. تەتقىقات مېتودىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن بولسا كېرەك، جۇڭگو تەتقىقاتچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى زىيالىيلارنى سىياسىي تەپەككۇر رامكىسى بويىچە كۆزىتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ سالاھىيىتىنى مۇئەييەن بىر جۇڭگوچە ئىجتىمائىي ئۆلچەم ئاساسىدا بېكىتىدۇ. شۇڭا، زىيالىي دېگەن نېمە؟ دېگەن بۇ مەسىلىنى بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ. ئەمما مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، ھەرقانداق بىر ئاتالغۇغا بېرىلگەن ئېنىقلىما كىشىلەرنىڭ شۇ ھەقتىكى كۆزىتىش، تەتقىق قىلىشىدىن ئېرىشكەن بىلىشىنىڭ خۇلاسىسى بولۇپ، شۇ ھەقتە دەسلەپكى مەلۇماتقا ئېرىشىشتە يەنىلا ئاتالغۇلارنىڭ ئېنىقلىمىسىغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتالغۇلارغا بېرىلگەن ئېنىقلىمىلارنىڭ ئۆزى شۇ ئاتالغۇ ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان ئوبيېكتنىڭ خاراكتېرىنى بىلىش، بېكىتىشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ۋەھالەنكى، «زىيالىي دېگەن نېمە؟» دېگەن مەسىلە ھەققىدە سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ۋە ئۇنىڭدىن بەلگىلىك يەكۈن چىقىرىشقا پېقىر ھەقىقەتەنمۇ ئاجىزلىق قىلىدۇ، مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغىنى ـ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ مۇشۇ ساھەدىكى بىر قىسىم نوپۇزلۇق تەتقىقاتچىسىنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش، خالاس.

چەت ئەللەر تەتقىقاتچىلىرىنىڭ «زىيالىي دېگەن نېمە؟» دېگەن مەسىلىگە بەرگەن جاۋابلىرىمۇ ھەرخىل بولۇپ، تەتقىقات ماتېرىياللىرىدا كۆپىنچە مۇشۇ مەسىلىنىڭ جاۋابى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدىغىنى ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس شىرس، فرانسىيىلىك پەيلاسوپ ژان. فرانسوۋا لىئورتاد ۋە ئامېرىكا كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئېدۋارد سەئىدنىڭ كۆز قاراشلىرى بولۇپ، شىرس: «زىيالىيلار ئومۇمەن ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ھايات، جەمئىيەت، تەبىئەت ۋە ئالەم ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى كۆپرەك ئابستراكت بەلگىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغان كىشىلەردۇر»[8] دەيدۇ. فرانسىيىلىك پەيلاسوپ ژان. فرانسوۋا لىئورتادنىڭ بۇھەقتىكى جاۋابى تولىمۇ پەلسەپىۋى بولۇپ، ئۇ: «زىيالىيلار ئۆزىنى ئىنسان، ئىنسانىيەت، مىللەت، خەلق، پرولېتارىياتلار، مەۋجۇداتلار ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشاش مەۋجۇداتلار ئورنىدا قويۇپ پىكىر يۈرگۈزىدىغان مۇتەپەككۇرلارغا ئوخشايدۇ. يەنى، بۇ مۇتەپەككۇرلار ئومۇملاشقان قىممەتكە ئىگە بىر گەۋدە سۈپىتىدە پىكىر يۈرگۈزىدۇ ۋە ئۇنى تەسۋىرلەيدۇ ھەم نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: شۇ گەۋدە ئىچىدە ئۆزىنى ئىپادىلەيدۇ ياكى ئۆزىنى ئىپادىلەش داۋامىدا شۇ گەۋدىنى قانات يايدۇرىدۇ. بۇ خىل ‹زىيالىيلار› ھەربىر ئادەم ئۈچۈن پىكىر بايان قىلىدۇ، چۈنكى ھەربىر ئادەم مۇشۇ گەۋدىنىڭ ئاساسى ياكى ھامىلىسى ھېسابلىنىدۇ»[9] دەيدۇ. ئېدۋارد سەئىد بولسا: «زىيالىيلار ئاۋامغا ۋە ئاۋام ئۈچۈن ئېنىق ئۇچۇر، قاراش، پوزىتسىيە، پەلسەپە ياكى پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان كىشىلەردۇر»[10] دەيدۇ.

جۇڭگو تەتقىقاتچىلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى خېلىلا ئورتاقلىققا ئىگە بولۇپ، شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقىدىن ياڭ جىشېڭ ئۆزىنىڭ «جۇڭگو زىيالىيلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە كەلگۈسى» دېگەن ماقالىسىدە: «زىيالىيلار ـ مەمۇرىي ھوقۇق ۋە كاپىتال باشقۇرۇش ھوقۇقى تۇتمىغان، مەخسۇس بىلىمدە يېڭىلىق يارىتىش، مەدەنىيەت يارىتىش ۋە بىلىم ـ مەدەنىيەت تارقىتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەردۇر»[11] دەيدۇ. جۇڭگو مەركىزىي تەرجىمە ئىدارىسى سېلىشتۇرما سىياسىي ـ ئىقتىساد تەتقىقات مەركىزىدىن يۈ كېجىڭ ئۆزىنىڭ «جۇڭگونىڭ زامانىۋىلىشىش مۇساپىسىدىكى زىيالىيلار» دېگەن ماقالىسىدە: «زىيالىيلار ـ مەخسۇس قىممەت يارىتىش ۋە تارقىتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇستەقىل ئىجتىمائىي قاتلام»[12] دەيدۇ. ئۇندىن باشقا «زىيالىيلار ـ قاراش ۋە ئىدىيە ياراتقۇچى كەسپىي خادىملار بولۇپ، مىللىي روھ ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنى ئومۇملاشتۇرغۇچىلار، بايان قىلغۇچىلار، تارقاتقۇچىلار، داۋاملاشتۇرغۇچىلاردۇر»[13] دەپ قارايدىغانلارمۇ بار.

يۇقىرىقىلار چەت ئەللەر ۋە جۇڭگو تەتقىقاتچىلىرىنىڭ «زىيالىي دېگەن نېمە؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدىكى بىر قەدەر ئومۇملاشقان كۆز قاراشلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. گەرچە بۇ قاراشلار مەسىلىنىڭ بىردىنبىر جاۋابى بولمىسىمۇ ھەم تولىمۇ ئابستراكت گەپلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بەلگىلىك ئىلىم تەتقىقاتلىرىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، بىزنىڭ بۇ مەسىلە ھەققىدىكى ئىزدىنىشىمىزنى مۇئەييەن يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ. «زىيالىي» ئاتالغۇسى ھەققىدە يۇقىرىقى بايانلاردىن باشقا يەنە چەت ئەل تىللىرى، خەنزۇتىلى ۋە ئانا تىلىمىزدىكى بىر قىسىم قامۇس خاراكتېرلىك ماتېرىياللاردىنمۇ خېلى كۆپ بايان

ئۈچرايدۇ. مۇشۇ ماتېرىياللار ئىچىدە 1968-يىلى ماكمىليان نەشرىياتى نەشر قىلىپ ھەقسىز تارقاتقان «خەلقئارا ئىجتىمائىي پەنلەر ئېنسىكلوپېدىيىسى»دە زىيالىي ئاتالغۇسىغا: «زىيالىيلار- ھەرقانداق بىر جەمئىيەتتىكى كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان باشقا جەمئىيەت ئەزالىرىغا قارىغاندا تولىراق ئومۇملاشقان ئابستراكت بەلگىلەرنى ئىشلىتىپ ئالاقە قىلىدىغان ۋە ئۇنى ئىپادىلەيدىغان كىشىلەردۇر. بۇ بەلگىلەر ئىنسانىيەت، جەمئىيەت، تەبىئەت ۋە ئالەمگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلار بۇ بەلگىلەرنى ياكى ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي ھەۋەسى سەۋەبىدىن ئىشلىتىدۇ ياكى كەسپىي ئۇلارنى ئىشلىتىشكە مەجبۇرلايدۇ» [14] دەپ تەبىر بېرىلگەن. شائخەي قامۇس نەشرىياتى 1979-يىلى نەشر قىلغان خەنزۇچە «ئوكيانوس» 3-تومنىڭ 3970-بېتىدە بولسا، «زىيالىي- بەلگىلىك پەن- مەدەنىيەت بىلىمىگە ئىگە ئەقلىي ئەمگەكچىلەر، يەنى پەن- تېخنىكا خادىملىرى، ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر، ئوقۇتقۇچى، دوختۇر قاتارلىقلار» دەپ ئېنىقلىما بېرىلگەن. ئانا تىلىمىزنىڭ قامۇسى ھېسابلانغان «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 3-تومنىڭ 356-بېتىدە: «زىيالىي- بىر قەدەر يۇقىرى پەن- مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشىلەر، مەسىلەن: پەن- تېخنىكا خادىملىرى، ئەدەبىيات- سەنئەت خادىملىرى ، ئوقۇتقۇچىلار، دوختۇرلار، مۇخبىرلار ۋە ئىنژېنېر قاتارلىقلار» دەپ ئېنىقلىما بېرىلگەن ھەم شۇ ئاتالغۇنىڭ ئاستىدىلا «زىيالىي ياش» ئاتالغۇسى قوشۇمچە قىلىنىپ: «بەلگىلىك بىلىم سەۋىيىسىگە ئىگە ئىش كۆتۈپ تۇرغان ياش» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن.

يۇقىرىقىلار جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى بىر قىسىم نوپۇزلۇق تەتقىقاتچى ۋە تەتقىقات ماتېرىيالىدىكى «زىيالىي دېگەن نېمە؟» دېگەن سوئالغا بېرىلگەن جاۋابلار ۋە «زىيالىي» ئاتالغۇسى توغرىسىدىكى نوپۇزلۇق ماتېرىياللاردىكى ئىزاھلار. پىقىر باشتا ئەسكەرتىپ ئۆتكەندەك، بۇ ساھەدىكى بىر ئاددىي ئىزدەنگۈچى بولغاچقا، بۇ جاۋابلار ۋە ئىزاھلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، ئۇلارنىڭ توغرا- خاتالىقى توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىشقا ھازىرچە ئاجىزدۇر. بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزە ھەممىمىزنىڭ ئەستايىدىل ئىزدىنىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

## ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ تارىخىي قاتلىمى

زىيالىيلاردىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي قاتلام گەرچە يېقىنقى دەۋردە بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ تارىخىدا شۇ خەلقلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھاياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇنتۇلماس خىزمەتلىرى بىلەن ئۆز خەلقلىرى تەرىپىدىن نامى زىكىر قىلىنىپ كېلىۋاتقان كىشىلەر نۇرغۇن. بۇ خىل كىشىلەرنى ئۆز خەلقلىرى ھەمىشە ئالاھىدە پەخىر- ئىپتىخار تۇيغۇسىدا تىلغا ئېلىشىدۇ ھەم ئۇلارغا ھەرخىل ئابىدە تۇرغۇزۇشۇپ، ئۇلارنىڭ تۆھپىلىرىنى تۈرلۈك پائالىيەت ئارقىلىق خاتىرىلىشىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى ھەتتا ئۆز خەلقىنىڭلا ئەمەس، دۇنيانىڭ تەرەققىيات تارىخىغا تەسىر كۆرسەتكەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ نامى ھەمىشە پۈتكۈل دۇنيا خەلقلىرى تەرىپىدىن ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ خىل كىشىلەر گەرچە تارىختا «زىيالىي» دەپ ئاتالمىغان بولسىمۇ، لېكىن مەلۇم مەنىدە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز دەۋرىنىڭ زىيالىيلىرى دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا، پارسىن: «زىيالىيلارنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇنداق ئىككى ئىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك: بىرى، يېزىقنىڭ بارلىققا كېلىشى بولۇپ، يېزىق بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ھەربىر مىللەت ۋە ھەربىر مەدەنىيەتتە يېزىق ئىگىلىگەن ھەم يېزىق ئارقىلىق خاتىرىلەش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر تۈركۈم ئالاھىدە كىشى بارلىققا كەلدى. بۇنداق كىشىلەر يېزىق بارلىققا كەلگەن دەسلەپكى مەزگىلدە ئىنتايىن ئاز ساندا بولغاچقا، ئۆز خەلقلىرى ئۇلارغا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈرىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن يېزىق بىلىدىغان كىشىلەر تەدرىجىي ھالدا جەمئىيەتتە بىر ئالاھىدە قاتلامنى شەكىللەندۈردى. بۇ دەل زىيالىيلارنىڭ دەسلەپكى بارلىققا كېلىشىنىڭ ئاساسى بوپقالدى. يەنە بىرى، پەلسەپە بۇسۇشىنىڭ بارلىققا كېلىشى بولۇپ، زىيالىيلارنىڭ بىر مەدەنىيەت سۇبيېكتى سۈپىتىدە توپ بولۇپ شەكىللىنىشىنى پەلسەپىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى پەلسەپە بۇسۇشى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن زىيالىيلار ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى تونۇپ يېتىشكە باشلىدى ھەم سىستېمىلىق ئىدىيە تەتقىقاتى ئىندىزىسىگە ئېرىشتى» [15] دەپ قارايدۇ. پارسىنىڭ بۇ قارىشى بويىچە بولغاندا، زىيالىيلارنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخى يىراق قەدىمكى دەۋرلەرگە تۇتىشىدۇ. ئەمما شۇ نەرسىنى كۆرۈپ يېتىش كېرەككى، بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى بۇ كىشىلەر گەرچە ئۆز دەۋرىنىڭ مەدەنىيەت سەركىلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆز دەۋرىدە ھازىرقىغا ئوخشاش بىر مۇستەقىل ئىجتىمائىي توپ ھاسىل قىلالمىغان ھەم ئورتاق تارىخىي خاسلىق يارىتالمىغان، بەلكى ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى جەمئىيەتتىكى باشقا ئىجتىمائىي توپلارغا يېقىنىش ھالىتىدە ياكى يەككە ھالەتتىلا مەۋجۇد بوپكەلگەن. بۇ خىل ھالەتنى بىز تارىختا نامى تىلغا ئېلىنغان شۇ كىشىلەرنىڭ ھايات تارىخىدىن ئېنىق كۆرۈۋالايمىز. شۇڭا، ئۇلار گەرچە ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت ھاياتىدىكى سەركىلەر سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى ھازىرقى مەنىدىكى «زىيالىي» سۈپىتىدە تونۇغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تارىختا نامى تىلغا ئېلىنىپ كېلىنىۋاتقان ئاشۇ تارىخىي شەخسلەر ھازىرقى زامان زىيالىيلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي توپ بولۇپ شەكىللىنىشىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن زىيالىيلارنىڭ دۇنيادا مۇستەقىل بىر ئىجتىمائىي توپ بولۇپ شەكىللىنىشى ۋە جەمئىيەت تەرىپىدىن زىيالىي نامىدا ئېتىراپ قىلىنىشى 19- ئەسىردىن كېيىنكى ئىش. شۇڭا ھەرقايسى ئەل تەتقىقاتچىلىرى «زىيالىيلار» مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا، كۆپىنچە 19- ئەسىردىن كېيىنكى شەخسلەر ئۈستىدە توختىلىدۇ. شۇنداقلا زىيالىيلار ئۈستىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ كۆپىنچىسى 19- ئەسىردىن كېيىنكى زىيالىي ئاتالغانلار، ئۇلار باشتىن كەچۈرگەن سىياسىي، ئىجتىمائىي بوران- چاپقۇنلار، ئۇلارنىڭ تارىخىي خاراكتېر قاتلىمى ۋە زىيالىيلارنىڭ ئىجتىمائىي توپ سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنغاندىن بۇيانقى مەنىۋى قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئاساسىي تەتقىقات تېمىسى قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، زىيالىيلارنىڭ جەمئىيەتتىكى باشقا ئىجتىمائىي توپلارغا ئوخشاش يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىش، گۈللىنىش ۋە ئۆزگىرىش تارىخى بولغاچقا، مۇئەييەن بىر يىل دەۋرىنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنى ئاشۇ بىر تارىخىي بىرلىك ئىچىدە كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

بىز دۇنيادىكى زىيالىيلارنى «زىيالىي» نامى بارلىققا كەلگەن 19- ئەسىردىن كېيىنكى تارىخىي دەۋر ئىچىگە قويۇپ تۇرۇپ، ئۇلارنى بىر تارىخىي بىرلىك سۈپىتىدە ئومۇمىي جەھەتتىن كۆزىتىدىغان بولساق، «زىيالىيلار» مۇستەقىل بىر ئىجتىمائىي توپ سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەندىن بۇيان ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى، ئامېرىكا- سوۋېت سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى، سىياسىي، ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىشى قاتارلىق ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈردى ۋە رايون خاراكتېرلىك تۈرلۈك بوران- چاپقۇنغا ئۇچرىدى. بۇ خىل دۇنياۋى ۋە رايون خاراكتېرلىك سىياسىي، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر زىيالىيلارنىڭ مەنىۋى قۇرۇلمىسىدىلا ئەمەس، ئۇلارنىڭ خاراكتېرى، مەۋجۇدلۇق پرىنسىپى ۋە باشقا ئىجتىمائىي توپلار بىلەن بولغان دىئالوگ مۇناسىۋىتىدىمۇ زور ئۆزگىرىشنى ھاسىل قىلدى. بولۇپمۇ 20- ئەسىر

دۇنيادا سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتە كۆپ قىرلىق ئۆزگىرىش ئەڭ كۆپ يۈز بەرگەن بىر ئەسىر بولۇپ، بۇ ئەسىردە يەنە يۈز بەرگەن مۇرەككەپ دۇنياۋى ۋە رايون خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر ھەرقايسى ئەل زىيالىيلىرىغا ئوخشىمىغان تەسىرلەرنى كۆرسەتتى.

ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخى گەرچە دۇنيادىكى باشقا ئەللەردىن خېلىلا كېيىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار 20 ـ ئەسىردە باشتىن كەچۈرگەن رايون خاراكتېرلىك سىياسىي، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش، داۋالغۇشلار بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، بىز ئۇلارنىڭ بىر ئەسىرلىك تارىخىنى كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇلار قىسقىغىنە بىر ئەسىر ئىچىدە ياڭ زېڭشىن، شېڭ شىسەي مۇستەبىت فېئودال ھاكىمىيەت دەۋرى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى سوتسىيالىزمىنىڭ تەسىرى كىرىشكە باشلىغان ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابى دەۋرى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرى، شۇنداقلا ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشتىن كېيىنكى بۈگۈنكى دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، ھەرقايسى تارىخىي دەۋردە ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئوخشىمىغان ئىچكى ـ تاشقى تەسىرلەرگە ئۇچراپ، ئوخشىمىغان تارىخىي خاراكتېر ۋە خاسلىقلارنى ئىپادىلىگەن. بىز ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى ئۇلار باشتىن كەچۈرگەن مۇشۇ تارىخىي دەۋر ۋە ئۇلار ئۆز ھاياتىدا ئىنتىلگەن غايىۋى نىشانلىرى بويىچە بەش ئەۋلادقا بۆلەلەيمىز.

تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى ئىش بولۇپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى دۇنيا مىقياسىدا يۈز بەرگەن سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر كۆلىمىنىڭ زورلۇقى، تەسىر دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن نەچچە ئەسىرلەپ زۇلمەت ئىلكىدە ياتقان ئېلى ۋە تارىم ۋادىسىنى تورتۇپ ئويغاتتى ۋە خەلقىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا باشقىچە روھىي زىلزىلە پەيدا قىلىپ، دىيارىمىزدىكى بىر قىسىم ئەقلى ـ ھوشى، ئەقىدە ـ ئېتىقادى سەزگۈر كىشىلەر بۇ خىل دۇنياۋى ئۆزگىرىشلەردىن ئىلھام ئېلىپ خەلقىمىزنى جاھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە تۇتۇندى ۋە مىللەت، خەلقنىڭ تەقدىر ـ ئىستىقبالى ئۈستىدە ئىزدىنىشنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. بۇنىڭ بىلەن دىيارىمىزدا قەشقەر ـ ئاتۇشنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى بارلىققا كېلىپ، دىيارىمىزدىكى تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر زىيالىيلىرى تارىخ سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى. بۇ ھەرىكەتتە خۇددى ئوت يۈرەك ئۇيغۇر مائارىپچىسى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ھاياتىغا بېغىشلاپ يېزىلغان «مەمتىلى ئەپەندى» ناملىق بىئوگرافىك ئەسەردە ئېيتىلغاندەك: «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ئاساسچىلىرى، ئىجراچىلىرى ۋە تەرغىباتچىلىرى ھېسابلىنىدىغان ھۈسەنباي، باھاۋۇدۇنباي، تاشئاخۇنئوم، قۇناجىم، سەلەي ھاجىم، ئەمەت ھاجىم، ياقۇپ ھاجىم، موللا تۇردى ھاجىم، ئابدۇقادىر داموللام، شەمسىددىن داموللام، تۇرسۇن ئەپەندى، ئىمىن مەخسۇم، رەھمەتباي قاتارلىق زاتلار 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغىچە قاتمۇ ـ قات قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، بىھېساب بەدەل تۆلەپ، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىك روھى بىلەن يېڭى مائارىپ مەشئىلىنى يېلىنجىتىپ، مۇستەبىت ھۆكۈمەت ۋە جاھالەتلىك زامان بىلەن چامىسىنىڭ يېتىشىچە قارشىلىشىپ، ئۇيغۇر مائارىپى تارىخىدا نۇرانە سەھىپە ئاچتى»[16]. شۇڭا مۇشۇ دەۋرنى تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر زىيالىيلىرى دەۋرى دەپ قاراشقا ۋە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن كىشىلەرنى شۇ دەۋر زىيالىيلىرىنىڭ ۋەكىللىرى قاتارىدا ساناشقا بولىدۇ. شۇ دەۋردە ياشىغان ۋە ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ تۇنجى سەھىپىسىنى ئاچقان ھۈسەنباي، باھاۋۇدۇنباي باشچىلىقىدىكى زاتلار ۋە ئابدۇقادىر داموللام باشچىلىقىدىكى زاتلارنىڭ كۆپىنچىسى 1850 ـ 1860 ـ 1880 ـ يىللارغىچە تۇغۇلغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپى سىستېمىلىق دىنىي ھەم پەننىي تەربىيە ئالغان ياكى چەت ئەللەردە يېڭىچە تەربىيە ئۇسۇلى بىلەن تونۇشقان، ئىككى ياقلىمىلىقا ئىگە، ئىسلاھات روھىغا باي مەرىپەتلىك زاتلار ياكى دۇنيانىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىدىن خەۋەردار، خەلقنى مەرىپەت يولىغا باشلاش ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسەتكەن بايلار ئىدى. مۇبادا بۇ زاتلارنى ھازىرقى زامان نەزىرى بىلەن كۆزىتىپ، ئۇلارغا ھازىرقى مەنىدىكى قېلىپلاشقان رامكا بويىچە باھا بەرسەك، بەلكىم ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇنى، ھەتتا مۇتلەق كۆپ قىسمى زىيالىيلار قاتارىدىن ئورۇن ئالالماسلىقى مۇمكىن. ئەمما ھەقىقەتەن شۇنداق قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇنداقتا بىز ئابدۇقادىر داموللام باشچىلىقىدىكى ئۆلىمالارنىڭ ئۆز دەۋرىنىڭ ئىدىيىۋى، مەنىۋى ئىسلاھاتچىسى سۈپىتىدە ئوينىغان رولىغا، تارىخىي رېئاللىققا، ئۇلارنىڭ جاھالەت ۋە مۇستەبىتلىككە قارشى قەيسەرلىك بىلەن ئاتلىنىشتەك دەۋر ھالقىغان روھىغا كۆز يۇمغان ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ بايراقدارلىرى ئىكەنلىكىدەك ئاغدۇرۇلماس تارىخىي پاكىتقا بىھۆرمەتلىك قىلغان بولىمىز. مانا مۇشۇ تارىخىي رېئاللىقلار بىزنى ئۇلارغا ئۇيغۇر زىيالىيلار تارىخىدىن بىر كىشىلىك ئورۇن بېرىشكە ۋىجدانەن دەۋەت قىلىدۇ. بۇ بىر دەۋر ئۇيغۇر زىيالىيلىرى كۈچلۈك ئەنئەنىۋى خاسلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇلار گەرچە چەت ئەللەردىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن ئاساس سالغان بولسىمۇ، لېكىن دەۋر چەكلىمىلىكىدىن پۈتۈنلەي ھالقىپ كېتەلمىگەن. ئەمما مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، ئۇلار شۇ دەۋردىكى يېڭى ئىدىيە، يېڭى قاراشلارنىڭ ئاۋانگارتلىرى بولۇپ، دەل شۇ يېقىنقى زامان ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ شانلىق سەھىپىسىنى ئاچقان.

1930 ـ، 1940 ـ يىللارغىچە ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىزىنى بويلاپ 2 ـ ئەۋلاد ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بارلىققا كەلدى. بۇلارنىڭ ۋەكىللىرى سۈپىتىدە مەمتىلى ئەپەندى، مەقسۇد مۇھىتىي، تۇرسۇن ئەپەندى، قۇتلۇق شەۋقىي، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي، نىمەت خەلپەت ... قاتارلىقلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. بۇلار دېگۈدەك 1880 ـ يىللاردىن 1900 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا تۇغۇلغان. بۇ بىر ئەۋلاد زىيالىيلار ياشىغان دەۋر تاشقى جەھەتتە ياۋروپا، روسىيە، تۈركىيىنىڭ ئىسلاھات تەسىرى دىيارىمىزغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىغان، ئىچكى جەھەتتە خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇد مۇھىتىي باشچىلىقىدىكى دېھقانلار ئىنقىلابى پۈتكۈل شىنجاڭغا كېڭەيگەن بىر تارىخىي دەۋر بولۇپ، بۇ تارىخىي پۇرسەت بۇلارنىڭ يېتىلىشى ۋە باش كۆتۈرۈشىگە زور شارائىت يارىتىپ بەرگەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ بۇ دەۋردىكى پائالىيەتلىرى ئالدىنقىلارغا قارىغاندا بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ھەم بەلگىلىك كۆلەمگە ئېرىشەلىگەن. ئۇندىن باشقا ئۇلار ئۆزلىرىگە خاس بىلىم ۋە كەسپىي ساپا ھازىرلىغان بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىي پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆزگىچە بىر سەھىپە ياراتقان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئوتتەك قىزغىنلىقىنى ئىپادىلىگەن. بۇ زىيالىيلارنىڭ شۇ دەۋردىكى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆزگىچە ئورۇن تۇتىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىينىڭ «ئويغان»، «ئاچىل» غەزىلى، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ «ئىزچىلار مارشى»، قۇتلۇق شەۋقىي چىقارغان «يېڭى ھايات گېزىتى» ئەنە شۇ دەۋر زىيالىيلىرىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئىجادىيەتلىرى، شۇنداقلا شۇ دەۋر زىيالىيلىرىنىڭ تەرەققىيات ئىزدەش يولىدىكى غايە ـ ئىنتىلىشى ھېسابلىنىدۇ.

3 ـ ئەۋلاد ئۇيغۇر زىيالىيلىرى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى سوتسىيالىزمى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ تەسىرى دىيارىمىزغا سىڭىپ كىرىشكە

باشلىغان 1940 ـ يىللاردىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەرگىچە بولغان دەۋردە كۆزگە كۆرۈنگەن زىيالىيلار بولۇپ، بۇ زىيالىيلارنىڭ ۋەكىللىرى سۈپىتىدە سەيپىدىن ئەزىزىي، قاسىمجان قەمبىرىي، سەئىدۇللا سەيپۇللايېۋ، ئىبراھىم تۇردى، ل. مۇتەللىپ، بىلال ئەزىزىي، ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوۋ، يۈسۈپجان ياسىنوۋ ... قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى 1910 ـ يىلدىن كېيىن تۇغۇلغان كىشىلەر بولۇپ، ئاساسەن دېگۈدەك ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىنى باشتىن كەچۈرگەن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابى ئارمىيىسىدە ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىگەن ھەم جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ ئوخشىمىغان مەمۇرىي ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ، تۆھپە قوشقانلاردۇر. بۇ بىر ئەۋلاد زىيالىيلارنىڭ كۆپىنچىسى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان ياكى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى سوتسىيالىزمىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان كىشىلەر بولغاچقا، بۇ بىر دەۋرنى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئىدىيە بۇرۇلۇش دەۋرى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ھەم بۇ دەۋر ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغىلا ئەمەس، ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ دەۋر بۆلگۈچ تارىخىي دەۋر ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ دەۋر ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ مەنىۋى قۇرۇلمىسىدىلا ئەمەس، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ كېيىنكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ھاياتىدىمۇ زور تارىخىي بۇرۇلۇش ھاسىل قىلدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللىي مائارىپى خېلىلا ئوچۇشلۇق تەرەققىي قىلدى. سوتسىيالىزم تەربىيىسى كەڭ يولغا قويۇلدى. «شىنجاڭ يېڭى ئازاد بولغان چاغدا شىنجاڭدا كۆلىمى كىچىكرەك شىنجاڭ ئىنستىتۇتىلا بولۇپ، ئۇنىڭدا 30 نەچچە ئوقۇتقۇچى ئىشلەيتتى، 3719 ئوقۇغۇچى ئوقۇيتتى، بۇنىڭ ئاران 185 ى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى»[17]. شىنجاڭ گومىنداڭچىلار قولىدىن ئازاد بولغاندىن كېيىن مىللىي مائارىپتا بىر قاتار خىزمەتلەر ئىشلىنىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى تۇنجى تۈركۈمدىكى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرى تەربىيىلەندى ھەم ئاساسىي مائارىپ بىر قەدەر ئوچۇشلۇق يولغا قويۇلدى. ئەمما «1957 ـ يىلدىن باشلاپ مىللىي مائارىپتا ئەگرى ـ توقايلىقلار كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئوڭچىللىق ۋە يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى كېڭەيتىۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىنلا ئاجىز ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بىر قېتىم زور ۋەيرانچىلىققا دۇچ كەلدى. سولچىللىق خاتالىقى نەتىجىسىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر مەكتەپلىرى بىلەن خەنزۇ مەكتەپلىرىنىڭ قوشۇۋېتىلىشى، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەكتەپلىرىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى»[18] ۋە يېزىق ئۆزگەرتىش مىللىي مائارىپنىڭ سۈپىتىنى ئېغىر دەرىجىدە تۆۋەنلىتىۋەتتى ۋە دەۋر ئۈزۈكچىلىكى پەيدا قىلدى. 1966 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلغىچە بولغان مەدەنىيەت ئاغدۇرمىچىلىقى بولسا مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي مائارىپنى، ئۇيغۇر زىيالىيلار قوشۇنىنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى. شۇڭا بۇ بىر دەۋرنى ئۇيغۇر زىيالىيلار تارىخىدىكى ئۈزۈكچىلىك دەۋرى دېيىشكە بولىدۇ.

1980 ـ يىللارغا كەلگەندە پارتىيىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى مەنىۋى بۇرۇقتۇرمىلۇق ئاخىرلىشىپ 4 ـ ئەۋلاد ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بارلىققا كەلدى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى 1940 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينى ياكى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە تۇغۇلغانلار بولۇپ، بۇلارنىڭ زور كۆپ قىسمىنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى بىر قەدەر سىستېمىلىق مائارىپ تەربىيىسى ئالغانلار تەشكىل قىلىدۇ. «1984 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا 13 ئالىي مەكتەپ بار بولدى. بۇنىڭدا ئوقۇۋاتقان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوقۇغۇچىلىرى 11 مىڭ 200 گە، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوقۇتقۇچىلىرى 1678 گە يەتتى. ئوتتۇرا تېخنىكوملاردىن 106 سى قۇرۇلدى، ئوقۇۋاتقان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوقۇغۇچىلىرى 15 مىڭ 352 گە، ئوقۇتقۇچىلار 1832 گە يەتتى. ئازادلىقتىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان 35 يىل ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەردىن 17 مىڭ 700 ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈردى»[19]. بۇلار يېڭى دەۋر ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. 4 ـ ئەۋلاد زىيالىيلار پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتى ئەمەلىيلەشكەندىن كېيىن بارلىق زېھنىنى تەتقىقات ۋە ئىجادىيەتكە بېغىشلاپ، شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئىستىبداتى، 1958 ـ يىلدىكى «ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش» ۋە ئون يىل داۋاملاشقان بالايىئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن پېشقەدەم ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ــ ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ غوللۇق يېتەكچىلىكى ۋە بىۋاسىتە قول سېلىپ ئىشلىشى بىلەن (مەسئۇل مۇھەررىردىن) «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ... قاتارلىق زور ھەجىمدىكى كلاسسىك ئەسەرلەرنى يورۇقلۇققا چىقىرىش، ئون ئىككى مۇقامنى قۇتقۇزۇش، قېزىش، رەتلەش، قوغداش، تەتقىق قىلىش، سەھنىلەشتۈرۈش، نەشر قىلىش، ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك دېئالېكتلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئەدەبىي تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇش قاتارلىق تارىخىي خاراكتېرلىك ئۇلۇغ ئىلمىي خىزمەتلەرنى تاماملاشتا مۇھىم رول ئويناپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ تارىخ تەتقىقاتى، ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ئۈچۈن ئۇل سالدى؛ شۇنداقلا يەنە يۇقىرىقى پېشقەدەملەرنىڭ باشچىلىقى ۋە يېتەكچىلىكىدە «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «سۇ بويىدا»، «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» قاتارلىق خەنزۇ كلاسسىك ئەسەرلىرىنى ۋە چەت ئەللەرنىڭ دۇنياۋى داڭلىق نادىر ئەسەرلىرىنى، جۇڭگو ـ چەت ئەللەرنىڭ يېقىنقى، ھازىرقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر يازغۇچى، مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ خەلققە تونۇشتۇردى. ئۇلارنىڭ بۇ ئەمگەكلىرى 1980 يىللاردىكى «مەدەنىيەت قىزغىنلىقى»نى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مەدەنىيەت تەتقىقات قوشۇنىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە يېڭى بىر ئەۋلاد ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى.

5 ـ ئەۋلاد ئۇيغۇر زىيالىيلىرى دەل بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەسىدە خىزمەت قىلىۋاتقان، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن بۇرۇن ياكى شۇ مەزگىلدە تۇغۇلغانلار بولۇپ، بۇلار ئالدىنقى تۆت ئەۋلاد ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا قارىغاندا سىستېمىلىق ھازىرقى زامان تەربىيىسى ئالغان، روشەن كەسپىي ئالاھىدىلىك ۋە ئوقۇش تارىخىغا ئىگە يېڭى بىر ئەۋلاد ھېسابلىنىدۇ. بۇلار ئالدىنقى ئەۋلاد زىيالىيلارغا قارىغاندا ھەرقايسى جەھەتتە تېپىلغۇسىز پۇرسەت ۋە شارائىتلارغا ئېرىشتى. تۈركۈملىگەن ماگىستىر، دوكتور، پەن ـ تەتقىقات خادىملىرى شۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىقتى. ئۇلار ھازىرقى زامان پەن ـ تەتقىقاتى ۋە پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدە بوشلۇق خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى يارىتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى زامان مىللەتلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشىغا تۆھپە قوشماقتا. ئەمما ئۇلار يەنە زامانىۋىلىشىش ۋە يەرشارىلىشىش ئېلىپ كەلگەن مەۋجۇدلۇق رىقابىتى ۋە مىسلىسىز خىرىسقا دۇچ كەلمەكتە. بولۇپمۇ ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ۋە بازار ئىگىلىكىدىن كېيىنكى ئىچكى ـ تاشقى مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرى ئۇلارنى ئىدىيە ـ خاھىش جەھەتتە كۆپ

قوتۇپلۇقتا، ھەتتا تېخىمۇ چىچىلاڭغۇلۇقتا ئېلىپ بارماقتا. ئۇلار مۇشۇ خىل مۇرەككەپ مۇھىت ئىچىدە ئۆزى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش ۋە ئۆزىنى قايتا قۇرۇپ چىقىشقا تىرىشماقتا.

بىز بۇ بىر قانچە ئەۋلاد ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ تارىخىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ھەربىر دەۋر زىيالىيلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دەۋر چەكلىملىكى پەيدا قىلغان مۇئەييەن پەرقلەرنى ھېس قىلالايمىز. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل پەرقلەر ھەربىر دەۋردىكى زىيالىيلار ياشىغان تارىخىي دەۋر چەكلىملىكىنىڭ زىيالىيلارنىڭ مەنىۋى قۇرۇلمىسىدا ئىپادىلىنىشى بولۇپ، قارايدىغان بولساق، 1 ـ، 2 ـ ئەۋلاد ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى كۈچلۈك تەكىتلىگەن ئاساستا، دۇنيانىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ ئۆز خەلقىنى ئىسلاھات، يېڭىلىق يولىغا باشلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان. يەنى ئۆزىنىڭ ئىدىيە ئەنئەنىسىنى تەرەققىي تېپىشنىڭ تايىنىش نۇقتىسى قىلغانىدى. 3 ـ، 4 ـ ئەۋلاد ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئىسلاھات ئىدىيىسىلا ئەمەس، ئىدىيە ئەنئەنىسىمۇ رايون خاراكتېرلىك سىياسىي، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەسىرىگە بىر قەدەر چوڭقۇر ئۇچرىدى. ئۇلار رايون خاراكتېرلىك سىياسىي خاھىشقا بەكرەك كۆڭۈل بۆلدى ۋە ئۆز سالاھىيىتىنى شۇ ئارقىلىق ئىپادىلەشكە كۆچىدى. 5 ـ ئەۋلاد ئۇيغۇر زىيالىيلىرى دۇچ كەلگەن ئىچكى ـ تاشقى مۇھىت تېخىمۇ مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى قۇرۇلمىسى كۆپ قىرلىق، ئىدىيىۋى خاھىشى كۆپ مەنبەلىك، خاراكتېرى مۇرەككەپ بولۇپلا قالماستىن، تەرەققىياتتىن ئىزدەيدىغىنىمۇ، تەرەققىياتتا تايىنىدىغان نۇقتىسىمۇ تېخىمۇ كۆپ قاتلاملىق بولدى. ھەتتا ئۇلاردىن ئېنىق ئىدىيە، مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ھېس قىلىشمۇ تەس. ئۇلاردىن ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ ئالامەتلىرىنىمۇ، رايون خاراكتېرلىك سىياسىي ئىدىيە ـ مەسىلىلەرنىڭ تەسىرىنىمۇ، شۇنداقلا رايون ھالقىغان ئىدىيە ـ قاراشلارنىڭ تەسىرىنىمۇ ئاز ـ تولا تېپىش مۇمكىن. لېكىن ئۇلارنى كەسكىنلىك بىلەن مەلۇم بىر چەمبىرەككە ئايرىش بەك قىيىن. يەنى بۇ ئەۋلاد زىيالىيلار ئورتاق بىر ئىدىيىۋى مەقسەتكە ئويۇشۇش ئاساسىدا شەكىللىنىشى كېرەك بولغان «زىيالىيلار»دىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي قاتلامنىڭ مۇھىم نېگىزى بولغان ئورتاق ئىدىيىۋى ئاساسىنى خېلىلا يوقاتقان. شۇڭا بىزدە زىيالىي كۆپتەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما بىر ـ بىرى بىلەن ئۇيۇشۇشچانلىقى كەمچىل. ئائىلە، مائارىپ، جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى، ئۇچرىشىش ـ ئالاقىنىڭ كېڭىيىشى، كۆپىيىشى قاتارلىق كۆپ خىل ئامىل تەسىرىدە شەكىللىنىۋاتقان بۇ خىل ھادىسە تەبىئىي ھالدا كىشىلەردىكى مەدەنىيەت جەھەتتىكى ياتلىشىش، چىچىلىش، غېرىبلىق ھالىتىدە ئىپادىلىنىۋاتىدۇ.

«پۇتكۈل 20 ـ ئەسىر بۇ ئىقلىمنىڭ زىيالىيلىرى ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە سۈپەتتىكى يىللار بولدى. بۇ سۈپەتنى قانداق يورۇتۇپ بېرىش بەكمۇ تەس» [20] (مۇھەررىردىن). ئەمما، بايقاش تەس ئەمەسكى، ئۇيغۇر زىيالىيلىرى سىرتقى ئىدىيە ۋە تاشقى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئەڭ كۆپ ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن رايون خاراكتېرلىك سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە ھەممە تاشقى دۇنيادىن جاۋاب ئىزدەپ، مەسىلىنى شۇ ئارقىلىق ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەن. ئۆزىنى قېزىش، تەتقىق قىلىش، مەسىلىلەرنى ئورتاق، ئىجادىي ھەل قىلىش روھى يېتەرسىز بولغان. شۇ تۈپەيلى ئۇلار قوبۇل قىلغان ئىدىيىلەر بىلەن ئاۋامنىڭ مەنىۋى تىندۇرمىسى ئوتتۇرىسىدا كېلىشەلمەسلىك كۆرۈلۈپ، زىيالىيلار بىلەن ئاۋام ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگ سىجىللىق ھاسىل قىلالمىغان. بۇ ھازىر ياشاۋاتقان ۋە بۇندىن كېيىن مەيدانغا چىققۇسى زىيالىيلىرىمىز تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئەستايىدىل ئويلىشىدىغان مۇھىم نۇقتا، ئەلۋەتتە!

2006 ـ يىل 22 ـ فېۋرال، شەھىرى خوتەن

## ستاتا مەنبەلىرى

[1]، [4]، [5]،[6] ۋاڭ زېڭجىن: «كېيىنكى مودېرنىزم ۋە زىيالىيلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى»، جوڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 2004 ـ يىل نەشرى.

[2]، [3]، [8]، [15] شۇ جىلىن: «جوڭگو زىيالىيلىرى توغرىسىدا ئون مۇلاھىزە»، فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2003 ـ يىل ئۆكتەبىر نەشرى.

[7]، [10] ئىدۋارد سەئىد: «زىيالىيلار توغرىسىدا»، «ئۈچ بىرلەشمە» نەشرىياتى 2001 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.

[9] ژان. فرانسۇۋا لئورتاد: «كېيىنكى زامانىۋىلىق ۋە گۇۋاھلىق ئويۇنى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1997 ـ يىل يانۋار نەشرى، «زىيالىيلارنىڭ قەبرىسى» تور ماتېرىيالى.

[11]، [12]، [13]تور ماتېرىيالى.

[14]«جوڭگو زىيالىيلىرىنىڭ ئىجتىمائىي رولى»، ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى نەشرى.

[16] يالقۇن روزى، مىرئەھمەت سېيىت، ئابلىكىم زوردۇن: «مەمتىلى ئەپەندى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1998 ـ يىل 2 ـ نەشرى.

[17]، [18]، [19] ن ئۇ ئا ر يەرلىك تەزكىرە تەھرىرلىك ھەيئىتى تۈزگەن «1985 ـ يىللىق شىنجاڭ يىلنامىسى».

[20] ئابدۇقادىر جالالىددىن: «ئەسىر ئاخىرىدىكى ئويلار»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى1999 ـ يىل 5 ـ، 6 ـ (قوشما)سان: «ئابدۇقادىر جالالىددىن ماقالىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل ئۆكتەبىر نەشرى 248 ـ بەت.

---

ئاپتور : ئىجتىمائىيەت بويىچە يېتىلىۋاتقان ياش تەتقىقاتچى، خوتەن ۋىلايەت مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ تىلماچى(M3)،(M1)

تەكلىپلىك بېكىتكۈچى: ئىمىن ئەھمىدى



# تەپەككۇر ميۋىلىرى

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ مەنسەپتىن چۈشكەن كۈنۈڭ — خەلقنىڭ ھەقىقىي باھايىڭنى ئاڭلايدىغان كۈنۈڭدۇر.

▲ ئەجەب بىر مەرەز كېسەلگە گىرىپتار بوپقاپتىمەن، دەپ قاقشىماي، ئىلگىرى نېمە گۇناھ ۋە كۈپۈرلۈقلارنى ئۆتكۈزگەنلىكىڭىزنى ئويلىسىڭىزلا، «ياراتقان ئىگىسى تەڭشەيدۇ» دېگەننىڭ مەنىسىنى بىلىسىز.

▲ ئۈمىد ۋە كۈتۈشنىڭ ۋاقتى ئۇزىراپ كەتسە، كىشىلەر ئىشەنچتىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

— ئېلى توختى (ئەينەك)

ئاپتور: باي ناھىيە 3-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى

※ ※ ※

▲ ئۆزى چۈشەنمىگەن شەيئىلەر ھەققىدە سۆزلەش شۇ كىشىنىڭ بىلىمسىزلىكىنى ئاشكارىلاپ قويسا، ئۆزى بىلمىگەن كەسىپتە ئىگىلىك تىكلەش كىشىنى ۋەيران قىلىدۇ.

▲ ماددىيەتنى دەپ مەنىۋىيەتتىن ۋازكەچكەن كىشىنىڭ تەقدىرى، بىر خۇرجۇن ئالتۇن بىلەن چۆلدە ئاچ قالغان كىشىنىڭ تەقدىرىگە ئوخشايدۇ.

— دىلشاد ھەبىبۇللا

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە كۆكيار يېزا ئوتتۇرا مەكتەپ، دېھقان

## تەپەككۇر ميۋىلىرى

▲ تەرەققىيات تاز باشلارنى تۈگەتكىنى بىلەن، پاينەكۋاشلارنى كۆپەيتىۋەتتى.

▲ ھازىر قەلبى گۈزەللەرنى تېپىش سىر، تېشى گۈزەللەر ماگدامدا بىر.

▲ تىغ (قورال)دا ئۆلمىگەن نومۇستا ئۆلەر.

▲ بىمەنە ماختاشلارغا، بىرسى، چىرىكلەشكەن - بيۇروكرات مەنسەپدارلار، يەنە بىرسى، نىرۋىسى چاتاقلار ئاسان ئىشىنىدۇ.

▲ كومپيۇتېر، بىر ئادەم ئەقلىنىڭ كۆپ ئادەم ئەقلىگە قوماندانلىق قىلىشىدۇر.

▲تۇرمۇشتا ھەشەمەتچىلىك قىلىش بايلىقنى كۆز-كۆز قىلىش بولسا، قەبرىلەرنى ھەشەمەتلىك ياساش — ئۆلۈكنى كۆز-كۆز قىلىشتۇر.

— ئابلىز روزى

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىنىڭ خادىمى

※ ※ ※

▲ ھىيلىگەر ساھىبجامال — قىپى چىرايلىق ساختا مەھسۇلات.

## تەپەككۇر كۆزى

▲ شەرم - ھايالىق قىز ــ پاك ئايالدىن قالغان ئىز.

ــ تۇردى ئالاۋۇش

ئاپتور: كۇچا ناھىيە خانىقتام يېزا چىمەن كەنتىدە، دېھقان

## ستۇدېنتلار نېمە دەيدۇ؟

ــ شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىسادىي قانۇن 2004 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تېرىككۈرلىرىدىن

▲ باشقىلار كۆزنى ئىككىنچى ئېغىز دەيدۇ. مېنىڭچە، كۆز ئېغىزمۇ ئىپادە قىلالمىغان يۈرەكنى كۆرسەتكۈچى ئەينەكتۇر.

ــ رىزۋانگۈل مۇھەممەت

▲ ئالىي مەكتەپ ھاياتىدا مۇھەببەتنى باشتىن كەچۈرۈپ باققانلار تولىمۇ كۆپ، ئەمما مۇھەببەتتىن ھەقىقىي بەھر ئېلىپ باققانلار تولىمۇ ئاز.

ــ مېھرىبەك زارقىن (قازاق)

▲ تىرىشىش چوققۇم غەلىبىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئەمما ۋاز كېچىش چوققۇم مەغلۇبىيەتتىن دېرەك بېرىدۇ.

ــ ھەبىبۇللا ئايۇپ

* * *

▲ دۇنيادا پەقەت ئىككى خىل مۇناسىۋەت مەۋجۇد: بىرى، قانداشلىق، يەنە بىرى، نانداشلىق.

▲ كۆللەرنىڭ تىنىپ قېلىشى دېڭىزلارنىڭ مۇسىبىتىدىن بېشارەتتۇر.

ــ ئەرشىددىن باھاي

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2005 - يىللىق 3 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بەخت ــ ئېرىشەلمىگەنلىكىڭدە ئەمەس، ھېس قىلالمايسلىقىڭدا.

ــ غۇنچەم توختى

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى 2006 - يىللىق 6 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بىلىم ئىگىلەش ئىجتىھات تەلەپ قىلسا، بىلىمنى قىممەتكە ئىگە قىلىش يەم - پاراسەت تەلەپ قىلىدۇ.

▲ خەلقىنىڭ ئاق - ساپاسى ئۆسكەنسېرى باشقۇرغۇچىغا ھاجىتى چۈشمەيدىغان بولىدۇ. شۇڭا مۇتەبىتلەر خەلقىنىڭ ئاق - ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىدىن قورقىدۇ.

ــ تۇرسۇن تۇردى

ئاپتور: مايتاغ 6 - رايون ئاھالىلەر كومىتېتىدا

▲ رىقابەتتە دوستلۇق مەۋجۇد ئەمەس.

ــ ئابابەكرى ئۇبۇل

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ھاياتلىق ۋە مۇھىت ئىلمى فاكۇلتېتى خىمىيە مائارىپى 2006 - يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## نازۇك تۇيغۇلار

▲ ئەجىرسىز كەلگەن ئامەت ــ بىلىنمەي كەلگەن ئاپەت.

▲ سودىگەر پايدا ئالغاندىمۇ، زىيان تارتقاندىمۇ ئوخشاشلا ھەسرەت چېكىدۇ. چۈنكى زىيان تارتقاندا مالنى ئازراق كىرگۈزسەمچۇ دېسە، پايدا ئالغاندا مالنى كۆپرەك كىرگۈزسەمچۇ، دەپ بىئارام بولىدۇ.

▲ ئەجدادىنى كۆز - كۆز قىلىپ ماختىنىش بۇرۇنقىلاردىن كېيىن قالغانلىقنى چۈشەندۈرسە، ھازىرقىنى كۆز - كۆز قىلىپ ماختىنىش ئەجدادىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقنى چۈشەندۈرىدۇ.

▲ ئۆزى قامالاشتۇرالمىغانى باشقىلارغا دۆڭگەپ قويۇش ئاجىزلىقنى كۆرسەتسە، باشقىلار قىلغاندىن سۆيۈنۈش خىجىل بولماسلىقنى كۆرسىتىدۇ.

ــ قۇربانجان توختى ھۆرمىتى

ئاپتور: كونىشەھەر ناھىيە مۇش يېزا ئاشلىق پونكىتىنىڭ خادىمى

* * *

▲توغراق ــ تەكلىماكاندىكى يوقالماس تارىخ.

ــ مەرىيەمگۈل غوپۇر

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە شاپتۇل يېزا كىچىك ئاقئېرىق كەنت سازچى مەھەللىسىدە، دېھقان

▲ باشقىلارنىڭ چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىش ــ ئاجىزلىق.

▲ «پېشكەللىكنىڭ ھەممىسى ماڭىلا كېلەمدۇ؟» دەپ زارلايسەن. «ئازابلاندىم»دەپ رىئاللىققا كۆزۈڭنى يۇمۇۋالساڭ پۈتلاشماي قالامسەن.

ــ مەڭسا گايت

ئاپتور: توقسۇ ناھىيە بازىرى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى

## تېرىككۈرۈمدىن تېرىملەر

▲ ھاراق ئادەمنى پەس قىلىدۇ، شەھۋەت نەس.

▲ پۇرسەت ھەمىشلا ئاۋارىچىلىك ئىچىدە بولىدۇ.

▲ شەھۋەت ئايالنىڭ كۆكسىدىن، ئەرنىڭ كۆزىدىن باشلىنىدۇ.

ــ ئەزىمەت مەشرەپ

ئاپتور:تاجىك، ئاقتو ناھىيە تارتاجىك مىللىي يېزىسىدا، دېھقان

## تېرىككۈر ھاسىلاتلىرى

▲ ئۇلۇغلارنىڭ كېسىلى ئاشكارىلانغان ۋاقتى ــ داۋالاش ئۇنۇم بەرمىگەن ۋاقتىتۇر.

▲ ھاياتلىقنىڭ قەدرى پەقەت ئەركىنلىكنى چۈشەنگەندىلا بىلىنىدۇ.

▲ ئۇلۇغ كىشىلەر قىلغانلىرىدىن پۇشايمان يېسە، ئاددىي كىشىلەر قىلالمىغانلىرىدىن پۇشايمان يەيدۇ.

▲ ئادەم بەزىدە بىراۋنى تىللاپمۇ ماختاپ تاشلايدۇ.

▲ ئادەتتىكى ئادەم يىغلىسا بىر ئادەم، ئۇلۇغ ئادەم يىغلىسا مىڭ ئادەم كۆرىدۇ.

▲ ئۇيلىغىنىڭنى قىلالمىغىنىڭ، باشقىلارنىڭ كۆزقارىشى بويىچە ياشىغانلىقىڭدۇر.

▲ ئۆزۈڭدىكى غۇرۇر ۋە مەسئۇلىيەت يوقالغاندا، سەن باشقىلار ئالدىدىكى ئۆگىتىلگەن بىر ئىت، خالاس.

ــ غوپۇرجان ياقۇپ سەگەك

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يېڭىئېرىق يېزا قۇملۇق مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى

## ئەقىلدىن ئەقىلگە ئەقلىيەلەر

▲ ئەخلاق، بىلىم، چىدام، سەۋر، نىشان ئادەم بەدىنىدىكى بەش ئەزاغا ئوخشايدۇ، بۇنىڭدىن قايسىدۇر بىرى كەم ئادەم «مېيىپ» سانىلىدۇ.

▲ مەسئۇلىيەتسىزنىڭ مەسئۇلىيىتى ئەڭ ئېغىر بولىدۇ.
▲ ۋاقىت چىلىق تۇتقان ئادەمگە تولىمۇ قىسقا بىلىنىدۇ.
▲ تەربىيەتنى ئاڭلىماي، نەسىھەتنى قوبۇل قىلماي، ئەمەلىيەت بويىچە ئىش قىلمىغان ئادەم بوينىغا تۇرمۇشنىڭ ئاچقۇچىنى ئېسىپ يۈرىدۇ.
▲ هاياسىز قىز — تۇزىغان گۈل، ۋىجدانسىز ئوغۇل — گۈلتىن كېيىنكى كۆل.
▲ ھۆرمەت ئىگىسى تۆھمەتتىن يىراق ئەمەس، لېكىن تۆھمەتخور ھۆرمەتتىن مەڭگۈ يىراق.
▲ كەمپۈت تاتلىق، لېكىن چىشنى چىرىتەر: ئەمەلىيەت ئاچچىق، لېكىن كۆزنى ئاچار.
▲ دوست كۈندۈزدىلا ئەمەس، كېچىدىمۇ پارلايدىغان قۇياش.
▲ «سېھىرلىك ئالما»نى «شنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلىدىكى «تەپەككۇر شاخلىرى»دىن ئۈزۈپ يېگىلى بولىدىكەن.
▲ تۇرمە — تۇيۇق يولدىكى ئەڭ ئاخىرقى بېكەت ـ ئۆتەڭ.
▲ هاياسىز قىز — ئوت ـ چۆپ باسقان ئېتىز.
▲ ھەممە نەرسىدە ئۆزىگە لايىق يوچۇق بولىدۇ، لېكىن ئۇنى ھېس قىلماق بەكمۇ تەس.
▲ ئادەملەرنىڭ ئەڭ پاك ۋاقتى بۆشۈكتە قالىدۇ.
▲ ياش ـ قورام جەھەتتە ئۆزۈڭ بىلەن تەڭ ئادەمگە مەسلىھەت بەر، ئەمما نەسىھەت قىلما.
▲ ھەممە ئادەم ئۆزىگە ئۆزى خوجا، پەقەت ئەقلىنىڭ يېتەكچىلىكىدە.
▲ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ۋاقتىڭدا تەگكەن مۇشت ئەڭ قاتتىق، ئاڭلىغان تىل ئەڭ سېسىق بولىدۇ.
▲ ھەقىقىي مۇھەببەت پەقەت پەرزەنت بىلەن ئاتا ـ ئانا ئوتتۇرىسىدىلا مەۋجۇد.

— سەلەيجان روزى

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى كومپيۇتېر فاكۇلتېتى 2004 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ باشقىلار ۋەدە قىلغان نەتىجە چۈشۈڭدىكى ساھىبجامالغا ئوخشايدۇ.
▲ هوقۇق بىلىمگە تايانسا قۇدرەتلىك كۈچكە، بىلىم هوقۇققا تايانسا ئويۇنچۇققا ئايلىنىدۇ.
▲ بىلىمگەننى تەتبىقلاپ تۇرۇپ ئۆگەن، بىلگەننى تەتقىق قىلىپ يېڭى نەتىجە يارات.
▲ ئۆز ئىشىڭغا ئۆز كۈچۈڭ جاۋاب بەرسۇن.

— زۇلفىيە قۇدرەت

---

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە كۆكيار يېزا ئېگىز يار كەنتىدە، دېھقان

## بېغ تەپەككۇرى

▲ مۇنداق ئۈچ كىشىنىڭ كۆڭلى ئەڭ نازۇك بولىدۇ: 1. ياشانغانلارنىڭ، 2. كىچىك باللارنىڭ، 3. ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ.
▲ دۈشمەنلىرىڭ مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋالدا ساڭا يېقىنلىشىدۇ: بىرى، ساڭا ئامەت كەلگەندە، يەنە بىرى، سەن ھېچقانداق چىقىش يولى تاپالمىغاندا.
▲ تىزگىنلەنمەي ئوينالغان ئويۇن، ئەڭ سۆيۈملۈك قاتىل.

— تۇرسۇنجان ئابدۇروسۇل بېغ

---

ئاپتور: ئونسۇ ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر ئۇنچىلىرى

▲ ئادەم قىلمىدىن دېگىننى قىلالىشى مۇمكىن، ئەمما ئېرىشمەن دېگەن نەرسىسىنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشەلىشى ناتايىن.
▲ سەن بىراۋنى قەدىرلىگىنىڭ سېرى، ئۇنىڭ سېنى كۆزگە ئىلماسلىقىنى ھېس قىلىسەن.
▲ ھېسسىيات كەلگۈن، ئەقىل تۇغان.

— گۈلقىز ئېلياس

---

ئاپتور: ئونسۇ ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ 6 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر ھاسالاتلىرى

▲ باشقىلارنى ھۆرمەتلە، ئەمما چوقۇنما. چۈنكى ئۇمۇ ساڭا ئوخشاش ئادەم.
▲ ئادەم ھاياتلىق سەپىرىدە ، دوست پايدا ـ مەنپەئەت ئالدىدا، مۇھەببەت غورۇر ـ ۋىجداندا سىنىلىدۇ.
▲ باشقىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەنلىكىڭ ئۈچۈن پەخىرلەن، ئەمما ئىشەنمە.
▲ سەن قايغۇ ـ ھەسرەتكە مۇپتىلا بولغاندا تەسەللى بەرگەن ئەمەس، بەلكى نەتىجە قازانغىنىڭدا چىن كۆڭلىدىن كۆلەلىگەن ئادەم ھەقىقىي دوستۇڭدۇر.

— رائىلە ئەزىز .

---

ئاپتور: ئاقسۇ ۋىلايەت 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 12 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ بۇقا ئۆسۈشنى بىلمىگەن بولسا ، كىشىلەر ئۇنى ئېشەك قىلىپ مىنگەن بولاتتى.

— ئەنۋەر مۇتەللىپ

---

ئاپتور: كەلپىن ناھىيە يۇرچى يېزا خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خادىمى

## روھ شولىسى

▲ تەشۋىش — بېشارەتلىك چۈش.
▲ غەم — ئازابلىق تەم.
▲ غۇرۇر — پارقىراق شەمشەر
▲ كۆڭۈل — گاھ چىلبۆرە، گاھ ئولجا.
▲بېشىڭدىكى چاچ — سەن ماڭىدىغان يوللارنىڭ سانى.
▲ چۈش — خىيالنىڭ سۈرىتى.
▲ غەربچە تۇرمۇش — كەيپچە تۇرمۇش.
▲ ئوغۇل — ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل يول.
▲ قەرز — ئادا قىلىدىغان پەرز.
▲ ھەقىقىي تەرجىمان خەقنىڭكىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى خەقنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرىدۇ.
▲ ھەقىقىي شېئىر ۋىجدان پىلسىراتىدىن ئەركىن ئۆتۈپ، ئوقۇرمەنگە يېقىنلىشالايدۇ.
▲ كېچە — كۈندۈزنىڭ قوۋۇرغىسى.

— ئابلەت مۇھەممەت كۈيزار

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئالمەت يېزا سوگەتلىك كەنتىدە، دېھقان

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ ھەرقانداق ئادەم ئۆزگىگە بېرەلىگەن تەسەللىنى ئۆزىگە

بېرەلمەيدۇ.

▲ كىتاب ئوقۇشتىكى مەقسەت يېڭى، ئەجايىپ ئىدىيىگە ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت.

▲ باشقىلارنىڭ سىنى مۇكەممەل چۈشىنىپ كېتىشىگە پۇرسەت بەرمە، بولمىسا، ئۇنىڭ ساڭا بولغان مايىللىقى تەبىئىي ھالدا چېكىنىشكە قاراپ يۈزلىنىدۇ.

▲ «ھەممە كەلگۈلۈك شۇنىڭ بىلەن كېتەر»دەيدىغانلار بىزدىكى ھەقىقىي روھىي غالىبىيەتچىلەردۇر.

▲ بىرسى سىنىڭ ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىڭنى بىلگەن پەيتتە، ئۇنىڭ سىنى ئويۇنچۇق قىلىپ ئوينىغۇسى كېلىدۇ.

— ئامىنەم ئابدۇرەھىم

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2004 ـ يىللىق 9 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تۇنجى تەپەككۇر

▲ ھەربىر ئىنساننىڭ ئورتاق ئېرىشىشى بىلەن يوقىتىشى تۇغۇلۇم بىلەن ئۆلۈمدۇر.

▲ ئۆزۈڭنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭنى ئېنىقراق بىلىۋالاي دېسەڭ، كۆپرەك كىتاب كۆر.

▲ بىلگەننى بىلمەن دېيىش دانانىڭ، بىلمىگەننى بىلمەيمەن دېيىش جاسارەتلىك ئادەمنىڭ ئىشى.

▲ خەلق ئۈچۈن بىر ئىش قىلساڭ، ئۆزۈڭ ئۈچۈن بىر يول ئاچىسەن، بىر يىل ئۇزاق ياشايسەن.

— مەرىيەمگۈل ئابدۇرەشىد

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 26 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ تۇنۇگۈن ئاپامنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىغاندىم، بۈگۈن باشقىلارنىڭ تەنبىھىگە قۇلاق سېلىشقا مەجبۇر بولدۇم.

▲ بىلمەي ئۆتكۈزگەن خاتالىق — پۇشايمان، بىلىپ ئۆتكۈزگەن خاتالىق — ۋىجدان ئازابى.

▲ ئۇنتۇلماس ئازاب — بالىلىقتىكى خورلۇق.

▲ ئادەم ئۆزى كۆزگە ئىلمىغان كىشى ئالدىدا يىغلىپ قالغاندا ھاياتنى قايتا تونۇغاندەك بولىدۇ.

▲ كىشىلەر ئەڭ ئامالسىز قالغاندىلا باشقىلار ھەيران قالىدىغان ئۇسۇل ـ چارە، ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىگە بولالايدۇ.

▲ بىرگە، ئەڭ ئەخلاقسىز جەمئىيەتتىن، بىرگە ، ئەڭ ئەخلاقلىق جەمئىيەتتىن كۆپلەپ ئالىم ـ دانىشمەن يېتىشىپ چىقىدۇ.

▲ نومۇس قىلىش ھۆرمەتنى قوزغىسا ، نومۇس قىلماسلىق غەزەپنى قوزغايدۇ.

▲ سەن ئېرىشەلمىگەن ئىشلا ئەڭ قىممەتلىك ۋە سىرلىقتۇر.

▲ ئۆزۈڭگە ئاچچىقىڭ كەلگەن چاغدىلا ھەممىدىن ۋاز كېچەلەيسەن.

▲ ئىنسان ئاجايىپ بىر سىر: تاشلىۋەتسەڭ ئاغرىنىدۇ، دائىم ئىزدەپ تۇرساڭ سەندىن بىزار بولىدۇ.

▲ بالىلىق — مەڭگۈلۈك شېرىن چۈش.

▲ سەن ھاياتىڭدا سېنى تۇنجى قېتىم سۆيگەن كىشى بىلەن سېنى تۇنجى قېتىم تىللىغان كىشىنى ئۇنتۇيالمايسەن.

— شەمشىقەمەر ئەبەيدۇللام

---

ئاپتور: موڭغۇلكۈرە ناھىيە «ئارمان»تاللا بازىرىنىڭ پىركازچىكى

* * *

▲ ھەرقانچە يامان ئىتمۇ قورقمىغان، قاچمىغان ئادەمنى تالىيالمايدۇ. بىزنىڭ ئاجىزلىقىمىز دەل ئىتنى كۆرۈپ قورقۇمسىراپ، قاۋاپ بولغىچە قاچقانلىقىمىزدا.

▲ قىزلار ئۆزىنى ياخشى كۆرگەنلەرنى ئالداپ، ئۆزى ياخشى كۆرگەنلەر تەرىپىدىن ئالدىنىدۇ.

— ئابدۇراھەت ئاباق(يالپۇز)

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە ئاقتو بازار باغچاق كەنتىدە، دېھقان

## مېنىڭمۇ كۆتۈلدىغىم كېلىۋالدى

▲ «12 مۇقام»ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا تونۇتتى دېگەنىدۇق، ئەمدى ئۇنىڭغا ئۇلاپلا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى»سەھىپىسى ئۇيغۇرنى ئۇيغۇرغا تونۇتتى، دېسەكمۇ ئارتۇق كەتمىگۈدەك.

▲ ھاياتتىن ئۈمىدسىزلەنگىنىڭدە قەبرىستانلىققا، تۇرمۇشتىن بىزار بولغىنىڭدا روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا بارغىن.

▲ چىن مۇھەببەت ـ ساداقەتنى نەگە كەتتىكىن دېسەم، ئەسلىدە ئۇ ھېكايە ـ چۆچەك، ناخشا ۋە پوۋېست ـ رومانلارغا يوشۇرۇنۇۋالغانىكەن ئەمەسمۇ؟

— قەلبىنۇر ئېلى(سەھرايى)

---

ئاپتور: بورتالا شەھەر 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 1 ـ يىللىق 4 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ئالدىڭىزدا تەرلەپ ـ تەمتىرەپ گېپىنى تاپالمىغان يىگىت سەممىي يىگىت. ئەكسىچە، گەپدان، سىزنى سېھىرلەپ قويالىغان يىگىت بولسا، مۇھەببەت « ئوۋچى»سىدۇر.

▲ كەلگۈسىدىكى نېسى ئۈمىدتىن ھازىرقى نەق پۇرسەت غەنىيمەت.

— شەرىپە سەمەت

---

ئاپتور: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى 2004 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئېرىنىڭ سەۋەنلىكىنى يۈزىگە سېلىش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئىما ـ ئىشارەت ئارقىلىق كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ئايال ھەقىقىي ياخشى ئايالدۇر.

— ئابدۇشۈكۈر قاسىم

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە خوشئاۋات يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىگە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە، ھەرقايسى قاتلامنىڭ تەپەككۇر جەۋھەرلىرى جۇغلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەربىر سانى كىشىگە ئەقىل ـ پاراسەت، ئىلھام ۋە غەيرەت ـ شىجائەت بېغىشلايدۇ.

— تۇرغۇن تالىپ

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى»سەھىپىسى — روھىي ئويغاقلارنىڭ بەيگە مەيدانى.

— شەۋكەت بەگبولدى

---

ئاپتور: تاجىك. شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى

ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى 2005-يىللىق 5-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ يىگىت، قولۇڭدىكى ئۈزگەن گۈلنى بىردەملىكلا پۇرىيالايسەن، خالاس.

— ئابلەتجان شۈكۈر(خۇش چاقچاق)

---

ئاپتور: كۈچا ناھىيە دۆڭقوتان بازىرى لەڭگەر كەنتىدە، دېھقان

▲ ئايال كىشىنىڭ سۆزىگە قارىماي، كۆزىگە قارا.

— ئابدۇغوپۇر ئىمىن

---

ئاپتور: شىنجاڭ «تىنچ ئوكيان»شىركىتى يېڭىسار تارماقنىڭ خادىمى

## تېرىككۈر تامچىلىرى

▲ مۇھەببەتتىن رايى قايتقان كىشىگە ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە خۇنۇك كۆرۈنىدۇ.

▲ ساپ روھى ئازادلىك ھېس قىلدۇرالمىغان ئائىلە بەلگىلىك مۇددەتتە پارتلايدىغان بومبىدۇر.

▲ پەرزەنتنىڭ سەۋەنلىكىنى دەپ قايغۇرۇش، ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىنى ئۇنتۇغانلىق. پەرزەنتىڭ بەلكىم سىنىڭ تارىخىڭنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنى تەكرارلاپ قويغاندۇ، خالاس.

— نۇرمۇھەممەت ئابدۇۋەلى

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە تاغارچى يېزا مەركىزى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى

## تېرىككۈردىن ئۈنچىلەر

▲ شەھەرلىكلەردەك ئېھتىياتچان، سەھرالىقلاردەك ساخاۋەتلىك بول.

▲ مۇھەببەتكە مۇستەقىللىق جاكارلىمىغان كىشى، بەختىنىڭ ئۆزىنى كۆرمەي سايىسىدا ياشايدۇ.

▲ ئادەمگە ئەڭ يېقىن نەرسە ئۆلۈم، ئەڭ يىراق نەرسە نەتىجە.

▲ ئېتىقادى مۇستەقىل كىشىلەر ئۆزىنىڭ كەلگۈسى نىشانىنى تولۇق مۆلچەرلىيەلەيدۇ.

— تۇرسۇن ھەسەن

---

ئاپتور: مەكىت ناھىيە قۇرما يېزا تېرىم مەھەللە كەنتىدە، دېھقان

* * *

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» — ئۆگەنگۈچىلەر ھەم ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ ژۇرنىلى

— غاپپارجان جاپپار

---

ئاپتور: گۈچۈڭ ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ باللار باغچىسىنىڭ ئاشپىزى

## تېرىككۈر ۋولقانى

▲ ۋاقىت تېز سۈرئەتتە ئۆتكەنسېرى بەزىدە غەپلەتتە، بەزىدە ھەسرەتتە قالىمىز.

▲ بىخۇدنى قازا سۆرەيدۇ، بەتخەجنى بازار.

▲ ئادەملەردىكى ئاسىيلىق — ئەڭ ۋەھشى قاتىللىقتۇر.

▲ بىر ئائىلىنى يوقاتساڭ، يەنە بىر ئائىلىگە تەييار تۇرىدۇ.

▲ ئائىلە، ھەسەتخور بىلەن ئېلىشساڭ ئەگەر، يىلانىنىڭ ئۇۋىسىنى بۇزغان بىلەن باراۋەر.

▲ كۆچى يوق نەسىھەتتىن ياخشىدۇر كاچات.

— ئابلىمىت ئىبراھىم قىيان

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىنىڭ پېنسىيىدىكى ئاشپىزى

## مېنىڭ تېرىككۈر قىلالايمەن

▲ بىزنىڭ بايلىق ئۈچۈن تۇۋلىغان شوئارىمىز:« خۇدايىم بېرەر» : ئەمما خۇدانىڭ دېيىدىغىنى : «ھەرىكەت سەندىن، بەرىكەت مەندىن»(مەسئۇل مۇھەررىردىن قىستۇرما).

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى مېنىڭ ئىككىنچى ئۇستازىم.

▲ نەتىجىسى چىقمىغان ئىشلارنى قىلغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى مەغلۇبىيەتچىلەردىن بولۇپ قالىدۇ.

▲ گۈزەللىكنى رەسساملاردىن باشقا سەنمۇ ھېس قىلالايسەن. ئىشەنمىسەڭ، دۇنياغا ئۈمىد، ئىشەنچ نەزىرىڭ بىلەن قايتا نەزەر سېلىپ باق.

— شېرئەلى مۇھەممەت كۆفى

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2-يىللىق 13-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ئەگەر سۆيگىنىڭىزنى سىنىماقچى بولسىڭىز، ئۇنىڭدىن ئۆزىڭىزنى نېمە ئۈچۈن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى سوراڭ. ئەگەر ئۇ سىزنى سەۋەب بىلەن ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسا، دەرھال بۇ مۇھەببەتتىن خوشلىشىڭ. چۈنكى ياخشى كۆرۈش ھەرگىز شەرتكە باغلىق بولمايدۇ.

▲ تۇڭ ئۇنىڭدىنى كۆرگەنمۇ بىر تال توخۇم ئۈستىگە،
بەلكىم كۆرسەڭ كۆرگەنسەن قارا نىيەت كىشىدە.

— خانقىز ئامان

---

ئاپتور: بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى 1-ئوتتۇرا مەكتەپ 1-يىللىق 13-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ پەزىلەتسىز گۈزەللىك، سۇئىي گۈلدەك لەززەتسىز.

▲ مېنىڭچە ، «تۇۋا»نى كۆپ دەيدىغانلارنىڭ كالللىسىدىن ئۆتمىگەن ئىشلارمۇ نۇرغۇن.

— نۇربىگۈل توختى سابا

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر فورولوگىيە فاكۇلتېتى 2003-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تېرىككۈر ھېسلىرى

▲ قانائەت — ئىزدىنىش يولىدىكى لەخمىدۇر.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى — كۆڭۈل ئەينىكى، ئادەمىيلىك مىزانى، ئىنسانلىق پاسپورتىدۇر.

▲ ئەڭ قورقۇنچلۇق رىقابەتچى، ئالدىڭدا ئۆز نەتىجىلىرىنى كۆز-كۆز قىلىدىغان ئادەم بولماستىن، بەلكى ساڭا ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز يوقتەك تۇيغۇ بېرىدىغان ئادەمدۇر.

▲ دۈشمىنىڭنىڭ ساڭا زىيادە يېقىنلىشىشىدا مۇنداق ئىككى خىل ئېھتىماللىق بار: بىرى، سەندىن مەنپەئەتلىنىش، يەنە بىرى، سەندىن مۇداپىئەلىنىش.

— رەھمىتۇللا تەۋەككۇل

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شىمالىي مەكتەپ رايونىدا ئوقۇغۇچى

* * *

▲ سىز ئايالىڭىزنى چۈشىنىشتىن ئىلگىرى ئۆزىڭىزنى چۈشىنىڭ.

▲ ئايال ئايالنى ئەردىنمۇ بەكرەك ئازدۇرالايدۇ.

— ئىمىننىياز ھەسەن

---

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە ئايباغ يېزا تۆۋەنكى ئەلمىقۇدۇق كەنت مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## ئۆزۈڭ ئىيىسلەر

▲ يازغۇچى - شائىرلارنىڭ ئۆزى ئۆيلىنىشى (يېزىشى) — ئىجادىيەت، ئوقۇرمەنلەرنى ئۆيلاندۇرالىشى — مۇۋەپپەقىيەت.

▲ ئۆزىنى باشقۇرالايدىغان ئادەم — ئەڭ ئەركىن ئادەم.

▲ قايىل قىلىش — بويسۇندۇرۇش.

▲ ناداندىن خاپا بولۇشقا ھەم ئۇنى خاپا قىلىشقا بولمايدۇ.

▲ ئىزدىگۈچىلەر — يوقاتقۇچىلار، ئىزدەنگۈچىلەر — ئېرىشكۈچىلەردۇر.

▲ گۇناھ قىلغۇچىلار ئىككى خىل: بىرى، گۇناھنى سۆيۈپ تۇرۇپ قىلىدۇ؛ يەنە بىرى، ئۆزىنى تىللاپ تۇرۇپ.

▲ خىيالغا بېرىلىش — رېئاللىقتىن قېچىش.

▲ قىزىققان ئادەمدە ۋىجدان، سوغۇققان ئادەمدە تەدبىر ئارتۇق.

▲ ئۆلۈم ئالدىدىكى ئۆيلىنىش — پۇشايمان.

▲ ئايالLAR تېشىدىن قېرىيدۇ، ئەرلەر ئىچىدىن.

▲ بىر يولدا مېڭىۋاتقانلارنىڭمۇ ماڭغان يولى ئوخشاش ئەمەس، چۈنكى ئۇلارنىڭ مەقسىتى باشقا - باشقا.

▲ قىزلار ئالدانغاندا، ئوغۇللار ئايرىلغاندا مۇھەببەتنى ھەقىقىي چۈشىنىدۇ.

▲ ئېرىگە خوجايىن ئايال يات ئەرگە خىزمەتچى ئايالدۇر.

▲ ئەخلاقسىزلار يارنى سۆيۈشكە، ۋىجدانلىقلار يارنى كۆرۈشكە ئالدىرايدۇ.

▲ تېرىقتەك ياخشىلىقنى بىلگۈچىلەردىن تاغدەك ياخشىلىق قايتىدۇ.

▲ قېرىلار — يىلتىز، ياشلار — غول، بالىلار — نوتىلاردۇر.

▲ ھايۋان سەمرىسە ئەجەل، ئادەم سەمرىسە كېسەل يېقىنلىشىدۇ.

▲ ئاتا - ئانىلارنىڭ سەگەكلەشكەن ۋاقتى — پەرزەنتلىرى بالاغەتكە يەتكەن مەزگىل.

▲ دۇنيادىكى جىمى قارغىش ۋە نەپرەت ھەسەتخورغا يەنە ئازلىق قىلىدۇ.

▲ مۇھەببەتتىكى ئۈچىنچى شەخس — ئازابلىنىشتا بىرىنچى شەخس.

▲ راست سۆزلىگۈچى ئۆز سىرىغا كەلگەندە يالغانچى.

— تۇرسۇنجان قاسىم

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا قىزىلتۆستەڭ كەنتى قارىياغاچ مەھەللىسىدە، دېھقان

* * *

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى قىزلارغا ئەدەپ - ئەخلاق، شەرم - ھايادىن، ئوغۇللارغا ۋىجدان - غۇرۇر، ئەقىل - پاراسەتتىن دەرس بەرگۈچى ئۇلۇغ ئۇستاز.

— ئابابەكرى ياسىن(تەۋپىق)

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئەدلىيە - ساقچى ئوفىتسېرلار مەكتىپى قانۇن 2005 - يىللىق 6 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ رەبىم مەندىن ئىنتىقام ئالمىسۇن دېسەڭ، كىشىلەرنى قورقۇتما.

— مۇھەممەت مەسۇم

---

ئاپتور: مارالبېشى ناھىيە ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ پېنسىيونېرى

▲ باشقىلارغا ئىللىق چىراي مۇئامىلە قىل، بىراق، بەك ئاشۇرۇۋەتسەڭ ئۇلار سېنى كۆزگە ئىلمايدۇ.

— ئايگۈل جۇمە

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيە يېڭىشەھەر ناھىيە ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 - يىللىق 5 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئىيىكلۈر سوۋغاتلىرىم

▲ سالام بېرىش — جىسمىڭنى ئەگكەن بىلەن قىممىتىڭنى ئاشۇرىدۇ.

▲ قېرىنداشلىق — ئۇرۇغ - تۇغقانلارغىلا قارىتىلغان ئەمەس، بەلكى مەشرىق بىلەن مەغرىبتىكى روھىيىتى ئوخشاشلارغىمۇ قارىتىلغان.

▲ ئاق نەرسىگە قارا چاپلىماق بەكمۇ ئاسان، بىراق چىقىرىۋېتىش تەس.

▲ مۇستەبىت تۈزۈمدىكى ئەدلىيىدە ئاقلىغۇچىنىڭ كەينىدىن ھەرقاچان پىچاق تىرەكلىك بولغان.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، مۇستەبىت تۈزۈمدە قارشى تۇرغۇچىلار جىنايەتچى، سۈكۈت قىلغۇچىلار يوشۇرۇن تەھدىت سانالغان.

▲ قوشنىسىدىن رەنجىگەن يۇرتقا پاتماس.

▲ ئۆيۈڭدە مېھمان بار چاغدا مۇنداق ئۈچ ئىشنى قىلما: 1. غەزەپلەنمە، 2. قولۇڭغا سۈپۈرگە ئالما، 3. ئاچ كۆزلۈك قىلما.

▲ ھەمىشە ئەجدادلىرىدىن پەخىرلىنىش — چېكىنىۋاتقانلىقنىڭ ئالامىتى.

▲ دۈشمىنىڭگە ئاجىزلىقىڭنى بىلدۈرۈپ قويغان كۈنۈڭدىن باشلاپ ھوشيار بول.

▲ مەنپەئەت ۋىجداننى ئايرىيدىغان غەلۋىر.

▲ رەپىقەڭ مۇئامىلەڭدىن سۆيۈنسە، ئائىلەڭ ئىلتىپاتىڭدىن سۆيۈنىدۇ.

▲ دوستنىڭ يىغىسى — ئۆزىنىڭ ۋە سېنىڭمۇ ئاجىزلىقىڭنى بىلدۈرىدۇ.

▲ نەپسىگە قۇل — ھەممىگە قۇل.

▲ ھەقىقەت — شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈن خىزمەت قىلغان كۆنىلا سەپسەتىگە ئايلانغان بولىدۇ.

▲ قەھرىمان بولۇش - بولالماسلىق تەن ئازابىغا بەرداشلىق بېرىش - بېرەلمەسلىكىڭگە باغلىق.

▲ ھەقىقەتنىڭ شاپىلىقى (كاچىتى)دىن قورقساڭ، سەپسەتە كۆلدۈرۈپ قان قۇستۇرىدۇ.

▲ پارە - پارە قىلىۋېتىلگەن قەھرىماننىڭ جەستى قۇراشتۇرۇلۇپ دەپنە قىلىنىدۇ، ئەمما خائىننىڭ جەستى پارە - پارە قىلىۋېتىلىدۇ.

▲ ئەڭ يېقىن ئادىمىڭىز بىلەن مۇنازىرىلەشمەڭ.

▲ ھەقىقەتتىن رەنجىسەڭ ، سەپسەتىدىن مۇشت يەيسەن.

▲ ھەقنى سۆزلەش— ئاچچىق يۇتماق.

▲ توققۇزۇڭ تەل بولسىمۇ، قوشناڭدىن ئۆتنە ئېلىشنى ئۇنۇتما.

▲ كېسەل بولماي بالدۇر ئۆلەي دېسەڭ، ھەسەتنى دوست تۇت.

▲دۈشمىنىڭگە رەھىم قىلغىنىڭ، ئەۋلادىڭغا زەخىم قىلغىنىڭ.

▲ قەھرىماننىڭ بىرلا رەپىقىسى بولغىنى بىلەن، مىڭ بالىسى، مىڭ ئانىسى بولىدۇ.

▲ دوست - دۈشمىنىڭنىڭ ئاز - كۆپلىكى — تىل ۋە دىلىڭغا باغلىق.

▲ كۆز — مېھىر - مۇھەببەت ۋە غەزەپ - نەپرەتنىڭ ئەينىكى.

▲ ۋاپادارلىق — يوقسۇزچىلىق بىلەن ساقسىز بوپقالغاندا

سىنىلىدۇ.

▲ ئايالىڭىزنىڭ ساداقەتمەنلىكىنى بىلەي دېسەڭ، دەپ قويۇپ كېتىپ، دېمەي كەل.

▲ ئەردىن نارازى خوتۇن — تالادىن رازى خوتۇن.

▲ كەم سۆزلۈك — ئاياللارغا نىسبەتەن نازاكەتلىك ھېسابلانسا، ئەرلەرگە نىسبەتەن گوموشلۇق ھېسابلىنىدۇ.

▲ ئىنسان تويۇقسىز پەيدا بولغان تاسادىپىيلىق ئالدىدا، ئۆزىنمۇ زادىلا سەزمىگەن ھالدا بىر بولسا تەگرىنى، بىر بولسا ئانىسىنى تىلغا ئالىدۇ.

▲ توۋا، مۇسۇلمانچە ئاشخانا ئىزدەيمىزيۇ، ھاراق بىلەن تاماكىدىن ئىبارەت ھارامدىن قاچمايمىز.

▲ نادان بىلەن دانا پەقەت داستىخاندىلا بىللە بولالايدۇ.

▲ خىجالەت بولغىنىڭدا شەپقەتچىڭنىڭ، خەتەردە قالغىنىڭدا قۇتقۇزغۇچۇڭنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىسەن.

▲ ئوغۇل بولساڭ ئاناڭ ئالدىدا ئەخلاقلىق، ئاتاڭ ئالدىدا جەسۇر، قىز بولساڭ ئاتاڭ ئالدىدا ئەپپەتلىك، ئاناڭ ئالدىدا ئىشچان بول.

▲ ئەڭ مەنىلىك كۈن ئەڭ تېز ئۆتىدۇ.

▲ قانداق چاغدا غەزەپلىنىشنى بىلگەن كىشى ئۆز قەدىر-قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرالايدۇ.

▲ دائىم ياخشىلىقىڭغا مۇيەسسەر بولۇۋاتقان كىشى، بىر يامانلىقىڭ بىلەن ئەجرىڭنى ئۇنتۇيدۇ.

▲ ئوغلۇم، تەلەپ قىل، تەمەخور بولما؛ ھوشيار بول، گۇمانخور بولما.

▲ توي — مۇھەببەتنىڭ مەسئۇلىيەت بىلەن مەجبۇرىيەتكە ئورۇن بەرگەن تۇنجى كۈنى.

— ئەسقەر ھوشۇر

---

ئاپتور: بورتالا شەھىرى چىندىل يېزا رادىئو-تېلېۋىزىيە بونكىتىنىڭ مەسئۇلى

## تەرەككۇر مېۋىلىرى

▲ ئادەمنىڭ قەدىر-قىممىتى ساپاسىغا، ئەمگىكىنىڭ مېۋىسى جاپاسىغا بېقىپ بولىدۇ.

▲ ئىشلىرىم يۇرۇشسۇن دېسەڭ: بىرى، سېخىي، بىرى، سەگەك، يەنە بىرى، غەيرەتلىك بول.

▲ شۇكۇر-قانائەتچان مىللەت قۇللۇقتا، پىكىر-تەلەپچان مىللەت ھۆرلۈكتە ياشايدۇ.

▲ ھالال تاپساڭ ھاللىنىشىڭ، ئالداپ تاپساڭ قاملىشىڭ ئېنىق.

▲ قاۋاقخانا كۆپ يەردە دوختۇرخانا كۆپ بولىدۇ.

▲ ھەرقانداق ئىش تۇنجى قېتىمقىدەك بولمايدۇ.

▲ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرەي دېسىڭىز ئۆزىڭىزگە بېقىپ يار، ئۆزگىگە بېقىپ جاي تۇتۇڭ.

▲ ئەڭ قەدىرلىك نەرسە — ئەڭ كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن نەرسىدۇر.

▲ ئۆزىنى تاشلىۋېتىدىغان كىشىلەرنى يەر، ئۆزىنى تۇتۇپ يۈرىدىغان كىشىلەرنى ئەل تېز قوينىغا ئالىدۇ.

▲ ئاش ساتقان ئاچ، قان ساتقان ياش كېتىدۇ.

▲ ھازىر سەھرادىكىلەرنىڭ «خۇداسى» سۇ، شەھەردىكىلەرنىڭ «خۇداسى» پۇل بوپقالدى.

▲ بالا بىلەن ئاجراشقان ئەر-ئايال ئوخشاشلا بەختسىز تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

▲ قىز بالا كۆپ ئۆي بىر بولسا ئەل-يۇرتقا ئەيىنەك، بىر بولسا ئىبرەت بولىدۇ.

▲ تۇمانى قار-يامغۇر، گۇمانى مېھىر-مۇھەببەت يېيدۇ.

▲ ھاۋا بۇزۇلسا تۇتۇلىدۇ، ئادەم بۇزۇلسا يوقىلىدۇ.

▲ قىزلارنى ئوغۇللارنىڭ سۆزى، ئوغۇللارنى قىزلارنىڭ كۆزى بۇزىدۇ.

▲ ئۆز يۇرتىدا كۈن ئالالمىغان ئادەم باشقا يۇرتتا بىر بولسا كۆتۈرۈلىدۇ، بىر بولسا كۆمۈلىدۇ.

▲ كۆتۈپخانىدىن ئالىم، تورخانىدىن زامانىۋى سارلاڭ كۆپ يېتىشىپ چىقىدۇ.

▲ سۇۋۇر قىلىش بىر بولسا چىدامچانلىقنىڭ، بىر بولسا ۋىجدانسىزلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

▲ بىراۋنىڭ ساپاسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولساڭ، بىرى، نېمە دەۋاتقانلىقىغا، يەنە بىرى، نېمە قىلىۋاتقانلىقىغا قاراپ باق.

▲ ھەمىشە چۈشكە ئىشىنىپ بىر ئىش قىلىش خۇراپاتلىق، ھەمىشە ئۆزىگە ئىشىنىپ بىر ئىش قىلىش قارامىلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

▲ ۋاز كېچىش — بىرى، ۋاپاسىزلىقنىڭ، يەنە بىرى، يارامسىزلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر.

▲ چىرايىغا ئاشىق بولۇش بۇزۇق ئادەمنىڭ، خۇلقىغا ئاشىق بولۇش دۇرۇس ئادەمنىڭ ئىشىدۇر.

▲ «مەسلىھەتى پىشماسلار» بىر بولسا قورقۇنچاقلار، بىر بولسا شەخسىيەتچىلەردۇر.

▲ ئادەم كۆپ يەردە پۇرسەتمۇ، خىرىسمۇ كۆپ بولىدۇ.

▲ مىللىتىمىزنى گۈللەندۈرۈپ، تەرەققىي تاپقان مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالسۇن دېسەك، ئۇنداقتا ئىشنى ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرگە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلىشتىن ھەممە بۇ ژۇرنالنى ئۇلارغا ھەدىيە قىلىشتىن باشلاڭ.

## كۆچۈرمىكەشلەر

▲ «ئادەملەر كىتاب ئوقۇمايدۇ» ئەمەس، كىتاب ئۆزىنى ئوقۇشقا مۇناسىپ ئادەملەرنى تاللاۋاتىدۇ.

— نامانجان تۇرسۇن قاراتېكىن(«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 2005-يىل 6-سان 51-بەت)

▲ «شۇنىڭ ئۈچۈن»دىن جاھىللىق تۇغۇلسا، «نېمە ئۈچۈن؟»دىن ئەقىل تۇغۇلىدۇ.

— ئابدۇرەھمان ئابدۇلكەرىم ئەلىيەقىنىي («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2005-يىل 6-سان 60-بەت)

▲ «ئادەملەر كىتاب ئوقۇمايدۇ»ئەمەس، كىتاب ئۆزىنى ئوقۇشقا مۇناسىپ ئادەملەرنى تاللاۋاتىدۇ.

▲ «شۇنىڭ ئۈچۈن»دىن جاھىللىق تۇغۇلسا، «نېمە ئۈچۈن؟»دىن ئەقىل تۇغۇلىدۇ.

— مېھرىبان ئابدۇمۆلۈك(«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 2007-يىل 3-سان 47-بەت)

▲ تۇغۇش ھايۋاننىڭ، تەربىيىلەش ئىنساننىڭ ئىشى.

— لۇتپۇللا مۇھەممەتئىمىن («شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 2005-يىل 4-سان 26-بەت)

▲ تۇغۇپلا قويۇش ھايۋاننىڭ، تەربىيىلەش ئادەمنىڭ ئىشى.

— قۇربانجان ۋارىسى ئۆتكۈر(«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 2007-يىل 3-سان 49-بەت)

مانا بۇ، «ئەلنىڭ كۆزى ئەللىك»دېگەن گەپنى ئاڭلىماي، مىڭلىغان-ئۇنمىڭلىغان ئادەم ياقتۇرۇپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان سىرداش دوستىمىز«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىدا ئوچۇق-ئاشكارا قىلىنغان كۆچۈرمىكەشلىكتۇر.

ــ ئابدۇغەنى توختى

---

ئاپتور: يوپۇغا ناھىيە بايئاۋات يېزا گۈلباغ كەنتىدە

* * *

▲ قەدىر ـ قىممىتىڭنىڭ قانچىلىكلىكى ئائىلە، خىزمەت ئورنۇڭدا، يۇرتۇڭدا ۋە ياكى دۇنيادا «ئەگەر مەن بولمىسام؟» دېگەن سوئالغا باغلىق.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا نېمە يوق؟ پۇچەك ئەسەر، لاۋزا شېئىر، چاكىنا رەسىم، ئېلان يوق.

ــ ياسىنجان قەييۇم

---

ئاپتور: كورلا شەھەر «ئىتتىپاق» سودا بازىرى 6 ـ دۇكاندا، تىجارەتچى

▲ كەلگەن پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويما. چۈنكى، كۆپىنچە ھالدا بىر قېتىم كەلگەن پۇرسەت ئىككىنچى قېتىم كەلمەي قالىدۇ.

ــ مەڭنىساگۈل جاپپار

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2005 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ خەلقىمىز ھەجگە ماڭغان، ھەجدىن يانغان ھاجىلىرىمىزغا كۆرسەتكەن ھۆرمەت ـ ئىلتىپاتلارنىڭ يۈزدىن بىرىنى ئالىي مەكتەپلەرگە مېڭىپ، شەرەپ قۇچۇپ قايتقان ئوقۇغۇچىلىرىمىزغىمۇ كۆرسەتكەن بولسا، ئەۋلادلار تەقدىرىدە ئۆزگىرىش، ئەتىسىدە ئۈمىد زور بولغان بولاتتى.

ــ جۇمە گايىت

---

ئاپتور: بۈگۈر ناھىيە يېڭىسار يېزا ساي مەھەللە كەنتىدە، دېھقان

## تېرىككۈر تامچىلىرى

▲ يېشىللىق تەبىئەتنىڭ زىننىتى، ساپ ھاۋا ئۇنىڭ نېمىتى؛ ئەخلاق ئىنساننىڭ خىسلىتى، بىلىم ئۇنىڭ قىممىتى.

▲ ئىلغار مىللەت مەكتەپ ۋە كىتابخانا سالىدۇ، نادان مىللەت ئىبادەتخانا ۋە مېھمانخانا سالىدۇ.

▲ بۆرە سوراقچى بولسا قوي دەرد ئېيتمىسۇن.

ــ توختى ناسىر

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە ھۈنەر ـ تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى

* * *

▲ ئۆزۈڭنى دەڭسەپ باقاي دېسەڭ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇ.

▲ بۇرۇن ئېلانلاردىن زېرىككەن بولساق، ئەمدىلىكتە ئېلانغا چىققان ئارتىسلىرىمىزدىن زېرىكىدىغان بولدۇق.

ــ پولات ئامانئۇرى

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى 2005 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ «ئوقۇغىن»، ئەقىل ـ بىلىمىڭ ئاشىدۇ؛ «ئۆزۈڭنى تونۇغىن»، ئادەمىيلىك قەدىر ـ قىممىتىڭ ئاشىدۇ.

▲ «كىشىلەر نېمە دەر» دېگەن ئويى بىلەن ياشاپ، قولۇمدىكى ناننىڭ قانداق قىلىپ باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالغانلىقىنى سەزمەيلا قاپتىمەن.

ــ ئامانۇللا ھىزبۇللا

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنىڭ تالىبى

## تېرىككۈردىن تامچىلار

▲ ئىشق ـ مۇھەببەت گويا زۇكام ۋىرۇسى، ئۇنىڭ بىلەن «يۇقۇملانغانلار» باشقىلاردىن يوشۇرالمايدۇ، يوقالسا بار قىلىپ كۆرسىتەلمەيدۇ.

▲ ئاياللارنىڭ مەنمەنچىلىككە ھۆسنى سەۋەب بولسا، ئەرلەرنىڭ تەكەببۇرلۇقىغا پۇل ۋە ھوقۇق سەۋەب بولىدۇ.

▲ يۈرۈۋاتقاندىكى مۇھەببەت ــ تەنتەك مۇھەببەت.
تويدىن ئىلگىرىكى مۇھەببەت ــ شېرىن مۇھەببەت.
تويدىن كېيىنكى مۇھەببەت ــ مەسئۇلىيەتلىك مۇھەببەت.
قېرىلىقتىكى مۇھەببەت ــ مەنىلىك مۇھەببەت.

ــ مۇنەۋۋەر ئوبۇلھەسەن

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل فاكۇلتېتى خەنزۇ تىلى ئاساسلىرى كافېدراسىنىڭ مۇئەللىمەسى

* * *

▲ قانۇن ــ ئەركىنلىكنىڭ قاراۋۇلى.

ــ ئالىمجان نەسرىددىن ئۆزقۇت

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە كاجۇڭ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات مۇئەللىمى

## شەبنەم ئىلھامى

▲ زىيادە كۈلكە ــ ئۆزۈڭنى يىغلىتىدۇ، ئۆزگىنى زېرىكتۈرىدۇ.

▲ كۆڭۈل ــ بىر بولسا لىق شاراب تولدۇرۇلغان رومكا، بىر بولسا قاغجىرىغان چۆل.

▲ مەكتەپ خۇمدان، بىز يا ئوت ئىچىدە تاۋلىنىپ چىقىمىز، يا ئېزىلىپ تۈگىشىمىز.

▲ سۈكۈت ــ ئۆزۈڭگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ تەسەللى.

ــ گۈلمەرەم شەمسىددىن

---

ئاپتور: جىمسار ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 11 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئەقىلدىن چەشمىلەر

▲ بۇ دۇنيانىڭ ئېزىتقۇ شەيتىنى ئىككى: بىرى، ساھىبجامال، يەنە بىرى، پۇل ـ مال.

▲ مەغرۇرلۇق ــ بەندىلەر ياقتۇرمايدىغان، ئاللا كەچۈرمەيدىغان يامان ئىللەت.

▲ دۇنيادا ئەڭ جاھىل، تەرسا، مۇستەھكەم روھىي كۈچ ــ نادانلىقتا ئومۇملاشقان ئەسكى ئادەت.

▲ ھېچكىم ئۆزىنىڭ قاچان، قەيەردە، قانداق ئۆلۈشىنى بىلمەيدۇ. لېكىن ئەجەلنىڭ مەزگىلسىز، تۇيۇقسىز تېگىدىغان غايىب ئوق ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇسا بولمايدۇ.

▲ ئالىم بىلەن سۆھبەتتە، دېھقان بىلەن مېھنەتتە، پازىل بىلەن نېمەتتە بىرگە بول.

▲ بىلىم ئىگىسى پۇل تېپىشنى بىلمىسە نامرات ئۆتىدۇ؛ پۇل ئىگىسى بىلىملىك بولمىسا خەۋپ يېتىدۇ.

▲ بىلىم ـ ئەقىل بىلەن پۇل تاپالىساڭ باي بولىسەن، كۈچ بىلەن پۇل تاپساڭ لاي بولىسەن.

▲ ھاياتنىڭ ئېنىق خەرىتىسى، تۇرمۇشنىڭ مۇقىم ئەندىزىسى يوق.

▲ چاقچاق ــ كۆپكە ئويۇن ـ كۈلكە، بىرگە قىيىندۇر.

▲ دوستۇڭنى كۆزەت، كەمچىلىكىنى تۈزەت؛ دۈشمىنىڭنى كۆزەت، ئىھتىيات ئىشكىنى چىڭ ئەت.

▲ دوستلۇق ۋەدىدە ئەمەس، ئەقىدىدە سىنىلىدۇ.

▲ بىزنىڭ ئاجىزلىقىمىز — يەن-تېخىنىكىدا چىنىپ قىلىۋاتىدۇ.

▲ شىر تىنىچ تۇرغاندا ھۆركىرەيدۇ، ھۇجۇمغا ئۆتكەندە شىپىرلايدۇ.

▲ ئىشلەمچىنىڭ تېنى پالۋان، بىكارچىنىڭ تىلى.

▲ كېسەل — بۇلۇت، ئەجەل — چاقماق.

▲ ماختاش — ناركوز ئوكۇلى، تەنقىد — ۋاكسىنا ئوكۇلى.

▲ كەتمەن بىلەن ئەجىر قىلساڭ كۆچەتنىڭ مېۋىسىنى يەيسەن، قەلەم بىلەن ئەجىر قىلساڭ مەرىپەتنىڭ.

▲ مائارىپ — مىللەتنىڭ ئانىسى

▲ يوقسۇزغا بىر خالتا گۈرۈچ، بىر قاپاق ماي نەپىقە بەرگەنلەر ساخاۋەتچى، يوقسۇزلۇقتىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئۆگەتكەنلەر نىجاتچى.

▲ چىن ھەقىقەتنى يالغانچىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىساڭ، شۈبھىلىك بىلىنىدۇ.

▲ قانۇن — ئامانلىق، ئەخلاق — خاتىرجەملىك، ئەمگەك — پاراۋانلىق، سەنئەت — شادىمانلىق، ھەرىكەت — ساغلاملىقتۇر.

▲ غەزەپ — ئەركەكنىڭ بەلگىسى، كۆز يېشى — ئاياللارنىڭ قورالى.

▲ ئىشچان سەھرادىن چىقىدۇ، گەپدان شەھەردىن.

▲ پۇقرانىڭ غەلۋىسىدىن، ھۆكۈمدارنىڭ غەزىپىدىن قورق.

▲ قوپال ئادەمدىن ھەممە بىزار، بەك ياۋاش ئادەممۇ ھەمىشە خار.

— ياقۇپ ھەمدۇللا

---

ئاپتور: مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيە ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ پېنسىيەدىكى مۇئەللىمى

* * *

▲ قەلەندەر ئاشكارا يۈزىنى ساتسا، بۇزۇقلار يوشۇرۇن ساتىدۇ.

▲ سىرنى ئەڭ كۆپ ساقلىمىغۇچى ئاخىردا ئەڭ قەدىرسىز بولسا، سىرنى ئەڭ مەخپىي تۇتقۇچى ئاخىردا خەتەرلىك ئىنسانغا ئايلىنىدۇ.

— ھەمدۇللا ھۆردىللا سوغۇز

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى «ئاتلان» مەدەنىيەت تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى تەرجىمە بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسى ھەربىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ ۋىجدانىي مەسئۇلىيىتى بىلەن ھاياتىي مەجبۇرىيىتىنى سۈرۈشتە قىلىدىغان سورۇندۇر.

— مۇھەممەتجان قۇربان

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2005-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇرۇمغا تېز سىزما

▲ پىكىردە سەن ئىنسان، مىكىردە سەن شەيتان.

▲ مەسئۇلىيەت — يېرىم غەلىبە.

▲ ۋاقىت — ئويغاقلارغا تېز، ئېزىلەڭگۈلەرگە ئاستا ئۆتىدۇ، غەپلەتتىكىلەرگە توختاپ قالىدۇ.

▲ ئۆتمۈش ئىبرەت، بۈگۈن پۇرسەت، ئەتە ئۈمىد.

▲ غايىسىز ئادەم مەنزىلىنى ئۇنتۇغان يولۇچىغا ئوخشايدۇ.

▲ ئىنساننىڭ تۇنجى مەكتىپى — ئائىلە، تۇنجى ئۇستازى — ئانا، تۇنجى دەرسى — ئەللەي.

— ئابلەت روزى

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە خوشئاۋات يېزا يۇگىمەچىلىك كەنتىدە، دېھقان

* * *

▲ چېچەكلىرىڭ خېرىدار تاپقاندا مەغرۇرلىنىپ كەتمىگىن، سېنىڭ قەدرىڭنى ئاشۇرغىنى ۋاپادار يوپۇرماق.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك جانلىق تۇرمۇش لۇغىتى.

— نىجات تۇرسۇن

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى 2004-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئادەملەر ئەيىبلەشلەر ئىچىدە ھوشيارلىشىدۇ، ماختاشلار ئىچىدە بىخۇدلىشىدۇ.

▲ ئاددىي ئادەملەردىنمۇ مۇتەپەككۇر چىقىدىغانلىقىنى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن كۆرۈۋاتىمەن.

— ئوغلەم رىشىت

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2004-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئەقىل تېرەكلىرى

▲ ئادەم نادانلاشقانسېرى باھانە-سەۋەب تېپىشقا، ئەقىل تاپقانسېرى تەدبىر تۈزۈشكە قاراپ ماڭىدۇ.

▲ خىزمەت ئەمەلىيىتىدە شۇنى ھېس قىلدىمكى، ھەرقانداق جايدا بىلىمسىز، ھۈنەرسىز كىشىلەر يۇگۈر-يېتىم ئىشلىرىغا قالىدىكەن.

▲ كىچىك بالىغا دورا يېگۈزمەك تەس بولغانغا ئوخشاش، ئەقىلسىز-نادان كىشىلەرگە ياخشى نەسىھەت قىلىپ گەپ ئاڭلاتماق تەس.

▲ سىياسەت — ۋاقىتلىق قانۇن دېمەكتۇر.

▲ مەسىلە كۆرۈلگەندىن كېيىن تۈزۈلگەن تەدبىر، ياماپ كىيگەن ئىشتانغا ئوخشايدۇ.

▲ ھەربىرىنىڭ قىممىتى شۇيەردىكى، ۋەتەن، خەلق ئۇلارغا گۈل تەقدىم قىلىدۇ؛ ئۇلار ۋەتەن، خەلققە جان تەقدىم قىلىدۇ.

▲ نەتىجە ئۆز ئىگىسىنى تاپالمىغاندا، قۇرۇق داۋراڭغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

▲ ئىزدىنىش ئەقىلنىڭ ئاچقۇچى، تەپەككۇر بىلىپى.

▲ ئادەملەرنىڭ كۆپى رىقابەت بىلەن ھەسەتخورلۇقنى ئايرىلاشتۇرۇپ قويىدۇ. مېنىڭچە، رىقابەتتە كىشىلەر مەغلۇبىيەتنى ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىدىن كۆرسە، ھەسەتخورلۇقتا كىشىلەر مەغلۇبىيەتنى دۈشمىنىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىدىن كۆرىدۇ.

▲ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا كۈچۈڭ يەتمىسىمۇ، ئەقلىڭ يەتسۇن.

▲ ئادەملەر ياخشىلىق قىلغان ئادەمگە جاۋاب قايتۇرۇشتىن، يامانلىق قىلغان ئادەمدىن ئۆچ ئېلىشنى كۆپرەك ئويلايدۇ.

▲ ئۆزۈڭنى بىر تۈپ دەرەخكە ئوخشاتساڭ، ئىرادەڭنى شۇ دەرەخنىڭ يىلتىزىغا ئوخشات. كۈچلۈك ئوت ئورمانلارنىڭ غولى، شاخ-پۇتاقلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىيالىغان بىلەن، ئۇنىڭ يىلتىزىنى كۆيدۈرەلمەيدۇ.

▲ ھەق ـ ناھەق تولا ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىدىغان يەرنىڭ ئادەملىرى قۇۋ ـ ھىيلىگەر كېلىدۇ.

▲ قانۇننى ئۆزگەرتكىلى بولغان بىلەن ، قانۇنىيەتنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ.

▲ كۆپىمىزدىن غايەڭ نېمە؟ دەپ سورالسا، بېرىدىغان جاۋابىمىز: «ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن ياراملىق ئادەم بولۇش». «قانداق ئىشلارنى قىلىپ ۋەتەن، خەلققە تۆھپە قوشىسىز؟ »دەپ سورالسا، ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىپ، قانداق نىشانغا يېتىپ تۆھپە قوشىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. غايە قانچىكى ئابستراكتنى بولسا، ئۇنىڭ كونكرېتنى پىلان ـ تەدبىرلىرى تولىمۇ كەم بولىدۇ ـ دە، مۇنداق غايە شېرىن چۈشكە ئوخشاپ قېلىپ، ئۇنىڭغا يەتمەك بەسى مۇشكۈللىشىدۇ. مېنىڭچە، غايىنىڭ كونكرېت، ئېنىق بولغىنى ياخشى. چۈنكى نىشان ئېنىق بولمىسا ئادىشىش كۆپ بولىدۇ.

▲ مەسئۇلىيەتچان رەھبەر شۇ كوللېكتىپنىڭ بەخت يۇلتۇزى.

▲ سۇ قىردىن ئېشىپ كەتسە توسما بۇزۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاپەتكە ئايلىنىدۇ؛ ئىشلار چېكىدىن ئېشىپ كەتسە، ياخشى ئىشتىمۇ بالايىئاپەت يېتىدۇ.

▲ ئارىمىزدا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل پىكرى بولمىغان، دېگەنلىرىنى يا خاتا، يا توغرا دېگىلى بولمايدىغان، ئۆز سۆزىگە ئەمەل قىلالمايدىغان، باشقىلار چاپىناپ بولغاننى قايتا ئېغىزىغا ئېلىپ چايناۋېرىدىغان قاشاڭ نەزەرىيىچىلەر كۆپىيىپ كەتتە.

▲ شەيتان: «ياۋاش ـ يۇمشاق، سىلىق ـ سىپايە قىياپەتتە بولمىسام، نادانلار ئويغىنىپ كېتىدۇ»دەپ ئەنسىرەيدىكەن.

▲ چۈشكۈنلەشكەن جەمئىيەتنىڭ ئادەملىرى ئەخلاقسىزلىق، ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك، ھەشەمەتچىلىك، كاززاپلىق، ھەسەتخورلۇقتا ئۆزئارا رىقابەتلىشىدۇ.

▲ بىز راست ـ يالغان تىلەمچىلەرنى ئايرىماي خەير ـ ئېھسان قىلىۋەرگەچكە، ئارىمىزدىكى تىلەمچىلەر كۆپىيىپ كەتكەن.

▲ سودا ـ تىجارەت قۇرۇق گەپ، داۋراڭ ـ ئېلان بىلەن ئەمەس، بەلكى سۈپەت ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ ئىشەنچ ـ ئىناۋەت بىلەن روناق تاپىدۇ.

▲ دۈشمىنىڭنى كۆلدۈرمەي دېسەڭ ئۆزۈڭنى تۈزەت، دوستۇڭنى كۆلدۈرمەن دېسەڭ ئىزىڭنى كۆزەت.

▲ ئەقىل تېپىش بىلەن مال ـ دۇنيا تېپىشنى ئوڭ تاناسىپ قىلالىساڭ، جەمئىيەت ئۈچۈن ئەڭ يارامىلىق ئادەم بولغان بولىسەن.

▲ بالاڭغا مال ـ دۇنيا قالدۇرغىچە، شۇنى سەرپ قىلىپ، مال ـ دۇنيا تېپىش يولىنى ئۆگەت.

ــ مۇھەممەتجان ئابدۇغەنى

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە خەلق قورالىق بۆلۈمىدە، ئوفىتسېر

* * *

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىدىكى تەپەككۇر دۇردانىلىرىنىڭ شۇنچە تېتىملىق، ئاچچىقان يەرگە نەق تېگىشىدىكى سىر ــ دەل ئۇنىڭ تەبىئىي ھەم راستكويلۇقىدا.

▲ ياشانغانلارغا تەكلىپ: ھەدېسىلا ياشلارنى ئەيىبلەۋېرىشتىن ئىلگىرى ئۆزۈڭلارنىڭ ياش چاغلىرىڭىزمۇ ئانچە ـ مۇنچە ئەسلەپ قويۇڭلار.

ــ ئىلغارجان مەتتۇرسۇن ئىسلام(ئۆيۈشقاق)

ئاپتور: نىيە ناھىيە سىياسىي كېڭەشنىڭ خادىمى

## دېھقاننىڭ تەشەككۇرى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنى ئوقۇسامىلا خەتەرلىك ئۆتكەلدىن بىمالال ئۆتكەندەك، ئېغىر يۈكتىن يەڭگىللىگەندەك، چوڭقۇر دەريادىن ئاتلاپ ئۆتكەندەك جۈرئەتلىك ھېس ـ تۇيغۇغا كېلىپقالىمەن.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، قەدرىگە يەتسەڭ يۈرەكسىزلەرنى يۈرەكلىك، كېرەكسىزلەرنى كېرەكلىك، ئەخلاقسىزلارنى ئەخلاقلىق، ھاياسىزلارنى ھايالىق، باھاسىزلارنى باھالىق قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىدىغان خىسلەتلىك ژۇرنالدۇر.

ــ ھىدايەت ئەھمەت

ئاپتور: لوپ ناھىيە ھاڭگىيا يېزا باش خانىبرىق كەنتىدە، دېھقان

## روھ چېقىندىلىرى

▲ ۋەتەن ــ مىللەتنىڭ چوڭ ئۆيىدۇر.

▲ ئۆيدىن بەزىسىمۇ ئەلدىن بەزمە.

▲ تۇغۇلغان يېرىڭگە تۇغۇڭنى تىكلە.

ــ ھەپىزەم خەيرۇللا

ئاپتور: گۇچۇڭ ناھىيە كارىز يېزا مۇھاجىرلار مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى

* * *

▲ بەزىلەرنىڭ كۆزى شۇ قەدەر روشەن تۇرۇپمۇ ئاشۇ داغدام يوللاردا قەدەممە بىر پۈتلىشىپ يۈرمەكتە؛ ئەكسىچە، يەنە بەزىلەر كۆزىنى تېڭىپ قويۇپمۇ ئاسمانپەلەك كۆك قەرىدە پولات ئارقان ئۈستىدە يۈگۈرمەكتە.

ياشاپ كەت دارۋاز...!!!

ــ ئەھمەت يۈسۈپ سەردارىي

ئاپتور: كەلپىن ناھىيە چىلان يېزا مەركىزىي مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى

## ئۆتكۈر نىداسى

▲ بۈگۈنكى جەمئىيەتتە ئاياللارنىڭ ئاياغ پاشنىسىنىڭ ئېگىزلەپ، ئەرلىرىمىزنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىنىڭ پەسلەپ بېرىشى مېنى گاڭگىرىتىپ قويماقتا.

▲ ئۆلۈم بولغاندا: «ۋاي ئانام، ۋاي ئانام» دەپ توۋلىغانلارغا شۇنداق دېگۈم كېلىدۇ: سىز كېچىلىرى نەلەرگىدۇر غايىب بولغىنىڭىزدا ئانىڭىزمۇ: «ۋاي بالام، ۋاي بالام»دەپ توۋلاپ يۈرگەن ئەمەسمۇ؟

▲ پەردە ــ بىرى، ئۆيگە گۈزەللىك ئاتا قىلسا، بىرى، قىزغا لاتاپەت ئاتا قىلىدۇ.

▲ قان چىقارماي ئۆلتۈرۈش، بەلكىم ئەدىبلىرىمىزنىڭ قەلىمىگە قارىتىلغان بولسا كېرەك.

▲ ھەر خىل ئۇن ـ سىن لېنتىسى دۇكانلىرىنىڭ ئالدىغا چاپلانغان سەنئەتكارلارنىڭ (ئاتاقتا بار، ئەمەلدە يوق) سۈرەتلىرىگە ھۆ بولۇپ كېتىپ بارغىنىمدا، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىدا ئەدىب ـ ئالىملىرىمىزنىڭ مۇبارەك سۈرەتلىرىنى كۆرۈپ ئۆز كۆڭلۈمگە تەسەللى تاپقاندەك بولدۇم.

ــ قۇربانجان ۋارىسى ئۆتكۈر

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 1 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تېپىككۇر ھېسلىرىم

▲ كۆز ــ كۆڭۈلنىڭ ئەينىكى، سۆز ــ قەلبنىڭ ئىشكى.

▲ خىيال ــ چۈشتىكى ساياھەت.

▲ ئايالىڭنى ئوبدان باشقۇرمىساڭ قىزىڭ چاتاق.

▲ دادىنىڭ قەھرىنى، ئانىنىڭ مېھرىنى تارتىپ ئۆسكەن بالا يۈرەكلىك، جىگەرى بار، مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ.

▲ قىزنى دەپ ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن يىگىتنى، يىگىتنى دەپ ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن قىزنى ياراتقۇچىمۇ تاشلىۋېتىدۇ.

— ئوسمان ئەھمەتجان(ئوغلان)

---

ئاپتور: خوتەن شەھەر چوڭ بازار ئىچى 4-رەت 1-دۇكاندا، تىجارەتچى

✻ ✻ ✻

▲ مىللەتنىڭ كەلگۈسى - چوڭلارنىڭ ئەندىشىسى، بالىلارنىڭ ۋەزىپىسى.

— نۇرمۇھەممەت مۇختار

---

ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەت تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپى تولۇق 3-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ مۇھەببەتكە بولغان ھۆرمەت — ئەخلاق گۈللىرىنىڭ ئېچىلىشى، ھايا پەردىسىنىڭ يېپىلىشى بىلەن تۇغۇلىدۇ.

— مەرىيەمگۈل قاھار

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2004-يىللىق 9-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## روھىيەت ئۇچقۇنلىرى

▲ سەن ئۆز-ئۆزۈڭگە ئىشەنچ قىلالىغان بولساڭ، باشقىلارنىڭ ساڭا قانداق باھا بېرىدىغانلىقىدىن تەشۋىشلىنىپ يۈرمىگەن بولاتتىڭ.

▲ ئۆزىنى چۈشىنىش، دەل ئۆزگىنى چۈشىنىشكە بېسىلغان تۇنجى قەدەمدۇر.

▲ دۇنيادا ئۆزى پىششىق بىلمىگەن نەرسىنى باشقىلارغا ئۆگىتىشتىن قىيىن ئىش بولمىسا كېرەك.

— تۇرسۇنجان يۈسۈپ

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە ھۈنەر-تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى

✻ ✻ ✻

▲ پەزىلەتلىك كىشى باشقىلاردىكى يېتەرسىزلىكنى مەخپىي تۈزىتىدۇ؛

پەزىلەتسىز كىشى باشقىلاردىكى يېتەرسىزلىكنى مەخپىي كۆزىتىدۇ.

— خەلىل ھۈسەن مۇجاۋىرى

---

ئاپتور: قىرغىز، شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنىڭ تالىبى

## سۈبھىدىكى چۇقانلار

▲ ۋاقىت — بىرگە ھۈرۈنلار، بىرگە ئازغانلار، يەنە بىرگە ئالدانغانلار قولىدا بىكار ئۆتۈپ كېتىدۇ.

▲ ۋاقىتنى بوش ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىك — چۆلدە كېتىۋېتىپ سۇنى تۆكۈۋەتكەنلىكتۇر.

▲ ۋاقىت — يوشۇرۇن سوۋغات.

▲ ھۈنەر — ۋاقىتنى قىممەت(نەتىجە)گە ئىگە قىلىدىغان پۇرسەت.

▲ پۇرسەت — ۋاقىت ئىچىدىكى ئالتۇن ۋاقىت.

▲ پۇرسەت — بارنى قەدىرلەش.

▲ پۇرسەت — پىشىپ يېتىلىش.

▲ غەم — ئەڭ ئېغىر يۈك.

▲ كەمتەرلىك — يىراقتىن كۆرۈنگەن تاغ.

▲ ھاقارەت — نام-ئاتاققا چېچىلغان يوندى.

▲ تەلمۈرۈش — ئېچىرقاش.

▲ سەپسەتە— قۇياش نۇرىنى توسقان بۇلۇت.

▲ ئارزۇ — خىيال ئىچىدىكى ئۈمىد.

▲ خىيال — سۈكۈت ئىچىدىكى غوۋغا.

▲ جاپا -مۇشەققەت — بەخت سايىسى.

▲ ئالدىراڭغۇلۇق — «ساقال تارغىقى».

▲ بەخت — تىنىمسىز ئىزدىنىش.

▲ نام-ئاتاق — ۋىۋىسكا.

▲ پۇشايمان — ئېچىنىش بىلەن تەن بېرىش ئارىلىقىدىن ئېچىلغان يوچۇق.

▲ خاپىلىق — كۆڭۈل يارىسى.

▲ ئادالەت — قىلىچ بىسىدا مېڭىش.

▲ تەۋەككۈلچىلىك — تەجرىبە-ساۋاق.

▲ نەپرەت —ئۆچمەنلىكنىڭ يىلتىزى.

▲ دىلىغۇللۇق — ئەقلىنى توسۇۋالغان بۇلۇت.

▲ قورقۇش — ئېھتىياجغا سۆرەيدۇ.

▲ تالاشقان نەرسىنىڭ بېشى تاتلىق، ئايىغى ئاچچىق بولىدۇ.

▲ تەنىچې — بىرگە بىپەرۋالاردىن، يەنە بىرگە زەھەر خەندىلەردىن چىقىدۇ.

▲ ئېھتىياجلا ئىنساننى بىر-بىرىگە ئەڭ ئۇزاق ۋاقىت باغلاپ تۇرالايدۇ.

▲ ياراتمىغانغا ياندىشما، ياراتقاننى تاشلىما.

▲ دوستىغا زىيادە ئۈمىد باغلىغان كىشى — دۈشمەنگە تېز يولۇقىدۇ.

▲ سىنالغان دوست تاۋلانغان ئالتۇنغا، سىنالمىغان دوست — دات باسقان تۆمۈرگە ئوخشايدۇ.

▲بىر-بىرىنى قوللىغۇچىلار بىر-بىرىگە قانات چىقارغۇچىلاردۇر.

▲ ھاقارەت بىر بولسا تۈزەيدۇ، بىر بولسا بۇزىدۇ.

▲ تارىختىن بۇيان باشقىلار ئەڭ كۆپ ماڭغان يولدا يارىماسلار يېتىشىپ چىققان بولسا، باشقىلار مېڭىشنى خالىمىغان يولدا قەھرىمان بىلەن ئالىم يېتىشىپ چىقماقتا.

▲ ئادەم باشقىلارنى ماختاش ئارقىلىق ئۆز ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلىسا، باشقىلارنى تىللاش ئارقىلىق ئۆز خاتالىق-كەمچىلىكىنى بىلدۈرۈپ قويىدۇ.

▲ جاھاننى يېڭىچە تۈيغۇ نەزىرى بىلەن كۆزىتىدىغانلار سىياسەتۋازلار ئەمەس، بەلكى كاللىسى ئېچىلغانلار — ئۆزى ۋە ئۆزگىلەر توغرىسىدا ئويلانغانلاردۇر.

▲ چىرايلىق چىرايلىققا رەقىب، سەت-سەتكە تەسەللىدۇر.

▲ ئىرادىنىڭ يېرىمى نىيەت، يېرىمى ھەرىكەت.

▲ تۇنجى مۇھەببەتنىڭ مەغلۇبىيىتى مەڭگۈلۈك بولىدۇ.

▲ ئەرنىڭ بىر يۈزى يەردە بولسا، بىر يۈزى كۆكتە.

▲ ئەر خار بولسا يۈزى كېتىدۇ، ئايال خار بولسا ئۆزى.

— مەھمۇتجان ئابدۇۋەلى داۋۇد ئۇيغۇرزادە

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا قىزىلئۆستەڭ كەنتىدە، دېھقان

✻ ✻ ✻

▲ تېلبۇزۇر دىلى ساققا بەھۇزۇر، دىلى بۇزۇققا دىلبۇزۇر.

— ئەبۇبەكر توختىروزى

ئاپتور: لوپ ناھىيە دول يېزا توغرىئېرىق كەنتىدە، دېھقان

## تەپەككۇر كۆزىدە

▲ ئىپپىتنى يوقاتقان قىز پىچىتى ئېچىلغان خەتتۇر، ئۇنى كىم خالىسا ئوقۇپ، تاشلاپ قويىدۇ.

▲ يولۋاستەك بەستلىك بولغىنى بىلەن ، تۈلكىدەك ھىيلەڭ بولمىسا بىكار.

▲ شاشماڭ، بىلگىنىڭىز بىر توققۇز بولسا، بىلمىگىنىڭىز توقسان توققۇز.

▲ ئۇستاز ئۆگىتەلمىگەننى موھتاجلىق ئۆگىتىدۇ.

▲ مەجبۇرىيەتنىڭ ئەڭ يۇكسىكى — مۇھەررىرلىك.

— ئابدۇزاھىر ئابدۇۋاھىد

---

ئاپتور: قىرغىز، شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنىڭ تالىبى

* * *

▲ باغرىڭغا باش قويغانىنىڭ ھەممىسىنى مېنى سۆيىدۇ، دېمە. چۈنكى پاشىمۇ ئاۋۋال قونۇپ، ئاندىن قېنىڭنى شورايدۇ ئەمەسمۇ.

▲ ۋاقتى كەلگەندە بىر تامچە سۇ ئادەمنىڭ قېنىدىنمۇ مۇھىمدۇر.

▲ دۇنيادا مەڭگۈلۈك نەرسە بولمايدۇ، ئەگەر بار دېيىلسە، ئۇ بىلىمدۇر.

▲ پاكىت ئالدىدا پادىشاھمۇ ئامالسىز.

▲ تۆھمەتكە ئۇچرىغان ئادەمنىڭ ئازابى ئاياغ ئاستى قىلىنغان قىزنىڭ ئازابىغا ئوخشايدۇ.

— ئىبراھىم ئابدۇرەھىم سولغۇن

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى 2004 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ھايات ھېكمەتلىرى

▲ پەرزەنت تەربىيىسىدىكى قاتتىق قوللۇق، پەرزەنت قەلبىدە رەھىمسىزلىكتىن ئۆزگە نەتىجە بەرمەيدۇ.

▲ يازغۇچى ئۈچۈن ئۆز قوۋمىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىش، نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندىنمۇ ئەۋزەل.

▲ ئۆز تارىخىدىن ھېساب ئالمىغان مىللەت، تارىخنىڭ ھېسابىغا قالىدىغان مىللەتتۇر.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، چىقىش يولى تاپالمىغان بىر مىللەت ياكى دىني داھىنىڭ، ياكى ھەربىي داھىنىڭ يېتەكلىشىگە موھتاج بولىدۇ.

▲ قەھرىمانلىرىنى قەدىرلىمىگەن قوۋم، ئۆزىدىن چىققان خائىنلار تۈپەيلى ھالاك بولىدۇ.

▲ دۇنيانىڭ تىنچلىقىنى بىر - ئىككى ئادەم قوغدىيالمىغىنى بىلەن، بىر - ئىككى ئادەم بۇزالايدۇ.

▲ سۆزلەرنىڭ گۈزىلى ئاۋامنىڭ تىلىدۇر، ئەسەرنىڭ ياخشىسى ئاۋام چۈشىنىدىغان ئەسەردۇر.

▲ كىچىك جىنايەت — چوڭ جىنايەتكە باشلايدىغان پەشتاق.

▲ ئىزچىللىقنى يوقاتقان ئىشتىن مۇۋەپپەقىيەتنىڭ شولىسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ.

▲ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ بۇزۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان ئاپەت، بىر قېتىملىق ئۇرۇش كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاپەتتىن ئېغىر بولىدۇ.

▲ دوستقا بولغان مۇھەببەت قېرىمايدۇ، دۈشمەنگە بولغان ئۆچمەنلىك كونىرىمايدۇ.

▲ ئائىلە تەربىيىسىدىكى بىر خىللىق، مەكتەپ تەربىيىسىدىكى چەكلىملىك، جەمئىيەت تەربىيىسىدىكى يېتەرسىزلىكلەر بۈگۈنكى ئەۋلادلار دۇچ كەلگەن ئۈچ چوڭ پاجىئەدۇر.

▲ بىر ئەلنىڭ تەرەققىياتى گەپ ساتارلارغا ئەمەس، ئىش قىلارلارغا باغلىق.

▲ ئىنسان قەلبىدە مەڭگۈ ئورۇن ئالىدىغان مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك نەرسە بار: ئۈ، ئۈمىد، تۈنجى سۆيگۈ ۋە قىساستۇر.

▲ بۈگۈنكى دۇنيادا گەرچە مۇستەملىكىچىلىك دەۋرى ئاخىرلاشقان بولسىمۇ مۇستەبىتلىك، مەزھەپچىلىك، ئىرقچىلىق ئاخىرلاشقىنى يوق.

▲ ۋاقىتقا ئېتىبارسىزلىق — ھاياتقا ئېتىبارسىزلىقتۇر.

▲ قىزلار ئەخلاقى، يىگىتلەر ۋىجدانى بىلەن سۆيۈملۈكتۇر.

▲ كىشىگە تايىنىش بىردەملىك نىجاتلىق ئاتا قىلسا، ئۆزىگە تايىنىش مەڭگۈلۈك نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ.

▲ بىر مىللەت ئۆز - ئۆزىنى تونۇمايى تۇرۇپ دۇنيا ئۇنى تونۇمايدۇ.

▲ زىيالىيلارنى مۇگدەك باسسا، دېھقانلارنى ئۇيقۇ باسىدۇ.

▲ ئاقىللار سۆھبىتىدە نادانلار زېرىكىدۇ، نادانلار سۆھبىتىدە ئاقىللار تېرىكىدۇ.

▲ ھەرقانداق مەغلۇبىيەتنىڭ ئارقىسىغا دوستلارنىڭ نادامىتى، دۈشمەنلەرنىڭ پاراغىتى يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

▲ ئۆزى قەدىرسىزنىڭ سۆزى قەدىرسىز.

▲ ئاتا - ئانا پەرزەنتىنى تەربىيىلەش مەسئۇلىيىتىدىن بىر قەدەم قاچسا، جەمئىيەت مىڭ قەدەم قاچىدۇ.

▲ قىلتىرىقسىز بېلىق يوق، ئەيىبسىز ئىنسان.

▲ سېنىڭ ئەڭ مەنمەنچى ۋاقتىڭ، چاكىنىلىقىقا ئەڭ يېقىنلاشقان ۋاقتىڭدۇر.

▲ سەن خاتالىقىڭ ئۈچۈن ئەپۇ سوراش ئارقىلىق جەننەتنى يارىتالايسەن، دۈشمەنلىك بىلەن دوزاخنى ئاپىرىدە قىلىسەن.

▲ جىنايەتنىڭ كىچىكى ھۆرمەتنى كەتكۈزىدۇ، چوڭى تۈرمىگە تاشلايدۇ.

▲ تىل بىرلىكى بولغان، ئەمما دىل بىرلىكى بولمىغان مىللەتتە گۈللىنىش بولمايدۇ.

▲ كىتاب ئوقۇشنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرمىگەن كىشى، كىتاب سېتىۋېلىشنىڭ ھېكمىتىنى چۈشەنمەيدۇ.

▲ ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ بوغۇلۇشى ئائىلىدىن باشلىنىپ، جەمئىيەتتە تۈگەللىنىدۇ.

▲ مىللەتنىڭ بۇزۇلۇشى ئاۋام روھىدىكى قاششاقلىقتىن بولسا، تۈزۈلۈشى، زىيالىيلارنىڭ ھىدايەت يولىغا باشلىشىدىن بولىدۇ.

— ئەھمەتجان قاسىم

---

ئاپتور: مەكىت ناھىيە 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تارىخ مۇئەللىمى

## 17 ياشىمدىكى تۇنجى تەپەككۇر

▲ ئۆمۈرنى ئۈچكە بۆلۈپ ئىش كۆرۈپ ياشا: 1. ئۆسمۈرلۈك - ياشلىق چېغىڭدا بىلىم ئال؛ 2. ياش ۋە ئوتتۇرا ياش ۋاقتىڭدا پۇل تاپ؛ 3. قېرىغاندا خاتىرجەم - بىھاجەت ياشا.

— ئابلىز توختىروزى

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە دول يېزا توغرىئېرىق كەنتىدە، سودىگەر (M1)

**بۇ ساننىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت**



# مەن كۆرگەن دۇنيا

ھىدايەت ياتاق

## دۇنيانى ئايلىنىش تەس ئەمەس

دۇنيانى كۆرۈش، ئايلىنىش، كۆزنى ئېچىش، تەپەككۇرنى يۈكسەلدۈرۈش نۇرغۇن كىشىنىڭ ئارزۇسى بولسا كېرەك. بۇ مېنىڭمۇ ئۇزۇن يىلدىن بۇيانقى ئەڭ چوڭ ئارزۇلىرىمنىڭ بىرى ئىدى. تەۋپىق ۋە ھۆسنىيە روھى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان دىياردا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەندەك بىر ئىنساننىڭ دۇنيانى چۆرگىلەش ئىستىكىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى تېخىمۇ تەبىئىي ئىدى. ماڭا جان بىلەن كىرگەن تەۋپىق روھى «دۇنياۋى ئىلىم-پەنگە ھۇررا!» دېسە، سۈت بىلەن كىرگەن ھۆسنىيە روھى «دۇنياۋى تىجارەتكە ھۇررا!» دەيتتى. شۇڭلاشقىمىكىن، كىچىكىمدىنلا ئىلىم-ھۈنەرگە، تىجارەتكە ھېرىسمەن ئىدىم. ئۈچ-تۆت ياش چاغلىرىمدا موزدۇزلار ئىشلىتىپ تاشلىۋەتكەن چەم-خۇرۇملارنىڭ پۇرۇچلىرىنى يىغىپ، ئۆزۈمچە «موزدۇزخانا»، ئۇششاق-چۈششەك تۆمۈر-تەسەكلەرنى يىغىپ «كىچىك تۆمۈرچىخانا» ئېچىۋالغىنىم، ئالتە-يەتتە ياشلىرىمدا پەندىمۇ، دىندىمۇ تەڭ ساۋاتىم چىقىپ تەڭتۇش باللارغا دەرس ئۆگەتكىنىم، يەتتە-سەككىز ياشلىرىمدا تۇخۇم ئېلىپ-سېتىپ مۇستەقىل تىجارەت قىلغىنىم ھازىرقىدەك ئېسىمدە. سەككىز-توققۇز ياشلىرىمدا دادامغا ھەمراھ بولۇپ قەشقەر، ئاتۇشلارغا ئوتتۇن ساتقىلى بارغان ۋاقىتلىرىمدا، دۇنيا دېگەن مانا مۇشۇ قەشقەر، ئاتۇش ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن، كېيىنچە يۇرتىمىزنى ئوراپ تۇرغان قاتمۇ-قات ئېگىز تاغلارغا قاراپ: بۇ تاغلارنىڭ كەينىدە نېمە باردۇ؟ بىزنىڭ يۇرتتەك يۇرتلار بارمىدۇ؟ چوڭلار دەيدىغان ئۈرۈمچى، چەت ئەل دېگەنلەر مۇشۇ تاغنىڭ ئارقىسىدىمىدۇ يە، دەپ ئويلايدىغان بوپقالدىم. ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ: باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 4-يىللىقىغا چىققاندا، مەن ئىككى ساۋاقدىشىمنى قىزىقتۇرۇپ، چۈشتىن بۇرۇنقى ئىككى سائەت دەرستىن چۈشۈپلا ئۆيگە قايتىپ، سومكىلىرىمىزدىكى كىتابلارنى ئېلىۋېتىپ ئىچىگە لىق نان قاچىلاپ، يىرتقۇچ ھايۋانلار ئۇچراپ قالسا ئۆزىمىزنى قوغدارمىز دەپ ۋۇسۇڭنىڭ توقمىقىدەك توقماقتىن ئۈچنى ياساپ، ئۆيدىكىلەرگە دېمەيلا، بىزنىڭ خىيالىمىزدىكى ئىككى تاغدىن ئاشساقلا بارىدىغان سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قاراپ ماڭغانىدۇق. مېڭىپ تاغ باغرىغا يېقىنلاشقاندا، ئارىمىزدىكى بىرەيلەن ئۆيدىكىلەرگە خەۋەر قىلىپ قويمىسا زادى بولمايدىغانلىقى، ئۆيدىكىلىرىنىڭ ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ ماڭغىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىز يېرىم يولدىن قايتىپ كەلگەن بولدۇق. ئۆزۈمنى ئېيتسام زادى قايتقۇم يوق ئىدى. كۆرمىگەن يەرلەرنى كۆرۈپ بېقىش، تەۋەككۈل قىلىش ئىستىكى مەندە ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. كېيىنچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئۈرۈمچىگە تېخنىكومغا ئوقۇشقا كەلگەندە، دۇنيانىڭ مەن گۈدەكلىكىمدە ئويلىغاندەك قەشقەر، ئاتۇشلا ئەمەسلىكىنى، شىنجاڭ، جۇڭگولارمۇ دۇنيانىڭ ئازغىنە بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۈرۈمچىدە ئوقۇش ۋە خىزمەت قىلىش جەريانىدا قەلبىمدە جۇش ئۇرۇپ تۇرغان تەۋپىق ۋە ھۆسنىيە روھىنىڭ «دۇنيا كۆر! ئىلىم ئال! پۇل تاپ!» دەيدىغان ئۈنسىز ئىدالىرى بارغانسېرى كۈچىيىپ باردى. شۇ تۈپەيلى، خىزمەتكە چىققاندىن كېيىنكى قىلىدىغان تۇنجى ئىشىمنى پۇل يىغىپ دۇنيانى ئايلىنىش ۋە ئەل كېزىپ ئىلىم ئېلىش دەپ بەلگىلىدىم. دۇنيانى ئايلىنىش ۋە چەت ئەللەردە ئوقۇش ئۈچۈن تىل ئۆگەنمىسە بولمايتتى، شۇڭا ئاۋۋال ئىنگلىز، كېيىن رۇس تىلى ئۆگەندىم. بۇ تىللارنى ئۆگىنىپ ئانچە-مۇنچە گەپ ئۇقتۇرالىغىدەك بولغاندىن باشلاپ، بازارلاردا چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى كۆرسەملا تەشەببۇسكارلىق بىلەن پاراڭلىشىدىغان بولدۇم. پاراڭلىشىش جەريانىدا ئۇلارنىڭ تولىسىنىڭ دۇنيانىڭ كۆپ قىسمىنى ئايلىنىپ چىققانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ ھەتتا دۇنيانى نەچچە قېتىم ئايلىنىپ چىققانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم. دېمىسىمۇ مېنىڭ نەزىرىمدە، مېنىڭ نەزىرىمدىلا ئەمەس مۇتلەق كۆپچىلىكىمىزنىڭ نەزىرىدە دۇنيانى ئايلىنىش تۈگۈل، چەت ئەلگە چىقىشمۇ ئاجايىپ چوڭ ئىش ئىدى. چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر بىلەن پاراڭلاشقانسېرى مېنىڭمۇ شۇلاردەك سومكامنى دۈمبەمگە ئېسىۋېلىپ دۇنيانى ئايلىنىش ئىستىكىم تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن چەت ئەلگە چىقىشنىڭ ئامالىنى قىلىشقا باشلىدىم. «تىلىسەڭ تاپارسەن» دەپ ئاخىرى ئامالىمۇ تېپىلدى. بىزنىڭ قىرغىزىستاندىكى يىراق تۇغقانلار بىلەن ئالاقىلىشىپ چاقىرىق قەغىزى ئەكەلدۈرگەن بولدۇم ۋە شۇ چاقىرىق قەغىزىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ پاسپورت ئىشلەتكۈزگەن، ئاندىن بېيجىڭغا بېرىپ قىرغىزىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىدا پاسپورتۇمغا تامغا باستۇرغان بولدۇم.

ساياھەت كۆزنىكى

شۇنىڭ بىلەن چەت ئەلگە ماڭىدىغان بارلىق رەسمىيىتىم پۈتكەن بولدى.

شۇنداق قىلىپ بالىلارغا خاس ساددا، قارام خىيال بىلەن يىرتقۇچ هايۋانلارنىڭ، قورقۇنچلۇق تاغلارنىڭ خەتىرىگە تەۋەككۇل قىلىپ پىيادە باشلىماقچى بولغان دۇنيانى كېزىش، ئايلىنىش سەپىرىمنى ئاخىرى يىگىتلىك يېشىغا يەتكەندە قانۇنىي رەسمىيەت بىلەن باشلىدىم.

2000-يىلى سېنتەبىردە، تېجەپ يىغقان ئازغىنە پۇل — بىر مىڭ بەش يۈز دوللار بىلەن تەۋەككۇل دەپلا دۇنيانى كېزىش سەپىرىگە ئاتلىنىش ئۈچۈن ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ قىرغىزىستانغا يول ئالدىم. بىز چىققان ئاپتوبۇستا قىرغىزىستانلىق تىجارەتچىلەر، ئىچكىرى ئۆلكىلەرلىك، ئاتۇشلۇق سودىگەرلەر، مەن ۋە هوللاندىيىلىك ئەر-خوتۇن ئىككى نەپەر ساياھەتچى بولۇپ جەمئىي يىگىرمە نەچچە كىشى بار ئىدى. بىز جۇڭگو تاموژنىسىدىكى رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ بولۇپ، ئالاھازەل بىر نەچچە سائەت ماڭغاندىن كېيىن قىرغىزىستان چېگرىسىغا يېتىپ كەلدۇق. مۇزچىراي چېگرا قاراۋۇللىرى بىزنى بىر زالغا باشلاپ كىرىپ، بىر قۇر سەپلىغاندىن كېيىن، تۆت رەت قىلىپ تىزدى. بىرىنچى رەتكە قىرغىزىستانلىقلارنى، ئىككىنچى رەتكە هوللاندىيىلىك ئەر-خوتۇن ساياھەتچىنى، ئۈچىنچى رەتكە ئىچكىرى ئۆلكىلەرلىك سودىگەرلەرنى، تۆتىنچى رەتكە ئاتۇشلۇق سودىگەرلەرنى تىزدى. ئاندىن ئۇلار بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى رەتتىكىلەرنىڭ رەسمىيەتلىرىنى ئىتتىك بېجىرىپ تېزلا ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئۇلار هوللاندىيىلىك ئەر-خوتۇننى ئۆتكۈزگەن ۋاقىتتا، بىر نېمىلەرنى دەپ قوسۇر تېپىپ پۇل ئۇندۇرۇشكە ئۇرۇنۇپتۇ، لېكىن هوللاندىيىلىك ئەر-خوتۇننىڭ زاكون قويۇپ تۇرۇۋېلىشى بىلەن ئامالسىز ئۇلارنىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتتى. لېكىن نۆۋەت تۆتىنچى رەتكە، يەنى بىزگە كەلگەندە ئىش باشقىچە بولدى. ئىش بېجىرىۋاتقان تاموژنا خادىملىرى بىزگە سىنچىلاپ قاراپ قويۇپ، ھەممىسى ئىشخانىسىغا كىرىپ كېتىشتى. بۇ يەر تاغ تۆپىسى بولغاچقىمىكىن خېلىلا سوغۇق ئىدى. بىز زالدا تۇرۇۋېرىپ توڭۇپ، تىترەپ كەتتۇق. ئۇلارنى ئىنە چىقار، مانا چىقار دەپ تىتىلداپ ساقلاشقا مەجبۇر بولدۇق. ئەمما ئۇلار جىمجىتلا يوقاپ كەتتى... ئۇھ، نېمە دەيلى؟ ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن بىر ھەربىي چىقىپ: «نېمە قاراپ تۇرىسىلەر، پۇل يىغمامسىلەر» دېدى ۋارقىراپ. «نېمىگە پۇل يىغىدۇ؟» ھەيرانلىقتىن هاڭ-تاڭ قالدىم. بۇ يولنى كۆپ ماڭغان بىزنىڭ ئاتۇشلۇق سودىگەرلەر: «بۇ گۈيلار يەنە پۇل ئالىدىغان بولدى-دە» دەپ غۇدۇراشقىنچە يانچۇقلىرىنى كولىشىپ پۇل يىغىشقىلى تۇردى. سودىگەرلەردىن بىرى ۋاكالىتەن ۋەكىل بولۇپ ھەر بىرىمىزدىن 500 سومدىن پۇل يىغدى. بۇ جۇڭگو پۇلى ھېسابىدا يۈز يۈەن ئەتراپىدىكى پۇل ئىدى. ۋەكىل مېنىڭ ئالدىمغا كەلگەندە مەن پۇل بەرگىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالدىم. «نېمىشقا پۇل بېرىدىكەمەن، ھەممە رەسمىيىتىم تولۇق تۇرسا» دېدىم قاپىقىمنى تۈرۈپ ئاچچىق بىلەن. «ئۇكام، بىزنىڭمۇ ھەممە رەسمىيىتىمىز تولۇق، لېكىن بۇ گۈيلار يامان ئۆگىنىپ قالدى. هازىر بىزلەرنى پۇل ئالمىغۇچە ئۆتكۈزمەيدىغان بولۇۋالدى. پۇل بەرمىسىڭىز سىزنى ئۆتكۈزمەيدۇ. ئاۋۇ قاراۋۇلنى كۆردىڭىزمۇ، كىمنىڭ پۇل بەرگەن، كىمنىڭ بەرمىگىنىگە قاراپ تۇرۇۋاتىدۇ» دېدى ۋەكىل ئورنىدا پۇل يىغىۋاتقان سودىگەر ماڭا نەسىھەت تەلەپپۇزىدا. مەن چېگرىدىن ئۆتكەندە پۇل ئالىدۇ دېگەننى ئىللا-بىللا ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. نېمىدېگەن يولسىزلىق بۇ؟ پۇل بەرگىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالدىم. دېگەندەكلا ئۇلار مېنى ئۆتكۈزمەي قالغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. سوغۇق زالدا ئۆزۈم يالغۇزلا قالدىم. بىردەمدىن كېيىن بىر ھەربىي مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ 300 سوم بولسىمۇ بېرىشىمنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭغا چالا-پۇچۇق رۇس تىلىدا بىردەم زاكون سۆزلىگەن بولساممۇ لېكىن ئاخىرى بۇ مۇتەھەملەرگە ھەرقانچە ئۇرۇنلۇق، ئىلمىي، قانۇنلۇق گەپلىرىنىڭمۇ قىلچىلىك ئاقمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتىم ۋە بارلىق مەقسىتى پۇلدىلا قالغان بۇ نەپسانىيەتچى قانۇن ئىجراچىلىرىنىڭ قارنىغا پۇل تىقىپلا مېڭىش قارارىغا كەلدىم. بۇ ھەم ماڭا قالغان بىردىنبىر يول ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا 200 سوم بېرىپ پاسپورتۇمنى ئېلىپ، بىرىنچى توسۇقتىن ئۆتۈشۈمگە يەنە بىر ھەربىي كېلىپ پاسپورتۇمنى قولۇمدىن ئېلىۋېلىپلا مېنى يەنە بىر ئىشخانىغا باشلاپ قويدى. بۇ ئىشخانىدا بىر ئەمەلدار ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ سالامەتلىك كىنىشكىسىنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل ئىكەن. ئۇ: قورسىقىڭدا قۇرت بولسا 1000 سوم، بولمىسا 100 سوم بېرىپ يولۇڭغا ماڭ، دېدى. مەن ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى تولۇق چۈشەنمىگەن بولساممۇ، لېكىن ئۇنىڭ 100 سوم دېگىنىنى تولۇق چۈشەندىم. دېمەككى، بۇمۇ بىر پۇل ئۇندۇرىدىغان ئىشخانا ئىدى. گەپ قىلمايلا 100 سوم چىقىرىپ قولىغا تۇتقۇزدۇم. مېنىڭ هازىر بۇلار بىلەن زاكونلاشقۇدەك ۋاقتىممۇ، تاقىتىممۇ قالمىغانىدى. يەنە كېلىپ بۇ يەردە «رەسمىيەت» بېجىرىۋاتقانلاردىن پەقەت مەنلا قالغانىدىم. يەنە بىردەمگىچە چىقمىسام ئاپتوبۇس مېڭىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. باشقىلارنىڭ رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ ئاپتوبۇسقا چىقىپ ئولتۇرغىنىغا بىر-ئىككى سائەت بوپقالغانىدى. مەن ئۇلار كۆرسەتكەن ئىككى-ئۈچ ئىشخانىغا كىرىپ، ئۇلارنىڭ دېگىنىچە 100 سومدىن، 200 سومدىن بېرىپ ئاخىرى پاسپورتۇم بار باشلىقنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم. ئىشخانىدا گېنېرال سۈپەت ھەربىي فورما كىيگەن بىر سالاپەتلىك كىشى پاسپورتۇمنى قولىدا تۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ. مەن بۇ باشلىققا قول ئاستىدىكىلىرىنىڭ يولسىز، قانۇنسىز قاقتى-سوقتى قىلمىشلىرىنى دەپ قوياي، كېيىنچە چېگرىدىن ئۆتىدىغانلارغا بولسىمۇ پايدىسى بوپقالار، ھېچبولمىسا قورساق كۆپۈكمنى بولسىمۇ چىقىرىۋالاي دېگەن مەقسەتتە ئېغىز ئاچاي دەپ تۇرۇشۇمغا ئۇ «گېنېرال»: «100 سوم بېرىپ ما پاسپورتۇڭنى ئېلىپ يولۇڭغا ماڭ» دېدى پەرۋاسىزلا پاسپورتۇمنى ئالدىمغا تاشلاپ. مەن بۇ «گېنېرال»نىڭ گېپىدىن بىرئاز ھاڭۋېقىپ قالغان بولسامۇ لېكىن دەرھاللا ئېسىمنى تېپىپ، ئاغزىمنىڭ ئۇچىغا كېپقالغان گېپىمنى يۇتۇۋەتتىم ۋە 100 سومنى بۇ «گېنېرال»غا تۇتقۇزۇپ پاسپورتۇمنى ئالدىم-دە، يەنە باشقا ئىشخانىدىكىلەر چاقىرىپ قالمىسۇن دېگەندەك، يۈگۈرگىنىمچە ئۇدۇل ئاپتوبۇس تۇرغان مەيدانغا چىقتىم. راست دېگەندەك شوپۇر ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ مېنىلا ساقلاپ قالغانىكەن.

چەت ئەل سەپىرىمنىڭ تۇنجى قەدىمىدىكى بۇ يولسىز، تەڭسىز مۇئامىلە مېنى ئاچچىق ئويغا سالدى: «نېمە ئۈچۈن باشقىلاردىن پۇل ئالماي بىزدىنلا پۇل ئالىدۇ؟ بىز بۇلارنى يامان ئۆگىتىپ قويدۇقمۇ ياكى بۇلار بىزنى ياۋاش كۆرۈپ بوزەك ئېتىۋاتامدۇ؟ قېنى، بۇ دۆلەتتىكى قانۇن ۋە دۆلەت خادىملىرىدىكى ئار-نومۇس تۇيغۇسى؟» ئاپتوبۇس قىرغىزىستان زېمىنىدا ئۇچقاندەك كېتىپ باراتتى. دېرىزىدىن مەن تەلپۈنگەن چەت ئەلگە، چەت ئەل زېمىنىغا بالىلىق چاغلىرىمدىكى ھەۋەس بىلەن ئەمەس بەلكى بىر خىل ئەندىكىش، گۇمان نەزىرىدە قاراشقا باشلىدىم. ئاپتوبۇس قاتمۇ-قات تاغلار، كەڭ كەتكەن سايلار، يېزا-قىشلاقلاردىن ئۆتۈپ، ياپېشىل ئوت-چۆپ، دەل-دەرەخلەر بىلەن ئورالغان پايتەخت بىشكەك شەھىرىگە ئاخىرى يېتىپ كەلدى. مەن ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ، قولۇمدىكى ئادرېس بويىچە تاكسى بىلەن تونۇغانلارنىڭ ئۆيىگە تىنچ-ئامان كېلىۋالدىم.

## قىرغىزىستاندىكى كۈنلەر

قىرغىزىستان تاغلار بىلەن ئورالغان، ھۆل-يېغىنى كۆپ يەر ئىكەن. يازدا پات-پاتلا يامغۇر يېغىپ تۇرىدىكەن. شۇڭلاشقىمۇ شەھەرلىرى دەل-دەرەخلەر، ئوت-چۆپلەر بىلەن ياپېشىل تۇرىدىكەن. يوللىرى كەڭرى، ئۆيلەر شالاڭكەن. يەر كەڭرى بولغاچقىمۇ ئادەملەرنىڭ تولىسى داچىدەك هويلا-ئاراملىق ئۆيلەرنى سېلىپ ئولتۇرىدىكەن. قىرغىزىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، تاغدا چارۋىچىلىق قىلىدىغان قىرغىزلار توپ-توپى بىلەن شەھەرلەرگە كىرىپ ئورۇنلىشىپتۇ. بىر قىسىم رۇسلار روسىيىگە

بىرەر ئېغىز ئۆيىنى باشقىلارغا ئىجارىگە بېرىدىكەن. شۇڭلاشقا مەندەك باشقىلار بىلەن بىر ئائىلە كىشىلىرى بولۇپ تۇرىدىغانلار خېلى كۆپ ئىكەن. مەن بۇ ئائىلىدە تۇرۇش جەريانىدا رۇسلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى، دۇنيا قارىشى، قىممەت قارىشىنى بىلىۋالدىم. مېنىڭ بۇ ئائىلىدىن ھېس قىلىشىمچە، رۇسلار جاپاغا چىدايدىغان، پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان، باشقىلارنىڭ گەپلىرىنى كۆپ قىلمايدىغان، ئۆزىنىڭ ئىشىغا پۇختا، چوڭ-چوڭ ئىشلارغا باش قاتۇرىدىغان مىللەت ئىكەن. موماي گەرچە 70ياشلارغا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، تېلېۋىزوردىن خەلقئارا خەۋەرلەر، روسىيە خەۋەرلىرىنى قالدۇرماي كۆرىدىكەن . بولۇپمۇ روسىيىنىڭ ئىشلىرىغا بەك دىققەت قىلىدىكەن. بىز ھەر كۈنى دېگۈدەك بىللە تېلېۋىزور كۆرۈپ، پاراڭلىشىپ تۇرغاچقا، مەن رۇسچىنى ناھايىتى تېزلا راۋان سۆزلىيەلەيدىغان، بوۋاي-موماي بىلەن بىمالال پىكىر ئالماشتۇرالايدىغان، ئۇلارئۆيدە يوق چاغلاردا كەلگەن تېلېفونلارغا جاۋاب قايتۇرالايدىغان بولدۇم. مەن ۋەتەندىكى چېغىمدا رۇسچە تۆت قىسىم كىتابنى ئۆگىنىپمۇ ئىككى ئېغىز رۇسچە گەپنى تۈزۈك قاملاشتۇرۇپ قىلالمايتتىم. مانا ھازىر بۇ ئائىلىدە بىرەر ئاي تۇرۇپلا رۇسچىنى راۋان سۆزلەيدىغان ، كوچىلاردا رۇسلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدىغان، ئاپتوبۇسقا چىققاندىمۇ رۇسلار بىلەن مۇڭدىشىپ ماڭىدىغان بولدۇم. بىر كۈنى كوچىدا كونا كىتاب ساتىدىغان بىر رۇس كىشى بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇ كىشى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دەۋرىدە خېلى چوڭ بىر پەن تەتقىقات ئورنىدا ئىشلىگەنىكەن. ھازىر ئۆزىنىڭ ئىشسىز بوپقالغانلىقىنى، ئەگەر قىرغىز تىلىنى بىلگەن بولسا، رەئىس جۇمھۇرلۇقنى تالاشقىدەك ئىقتىدارىنىڭ بارلىقىنى، لېكىن پەلەكنىڭ چاقى تەتۈر چۆرگىلەپ، ئۆزىنىڭ مانا مۇشۇنداق كونا كىتاب ساتىدىغان كىتاپپۇرۇش بوپقالغانلىقىنى سۆزلەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ گەپ-سۆزىدىن قارىغاندا خېلى ئوقۇغان كىشىدەك قىلاتتى. ئۇ مېنىڭ چەت ئەللىك ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمنى بىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا دۇنياغا چوڭ تۆھپە قوشقان ، مەدەنىيەت تارقاتقان قەدىمىي مىللەت ئىكەنلىكىنى ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەيسەر، باتۇر، مەردلىكىنى، ئۆز ۋاقتىدا چىڭگىزخاننىڭ دۇنيانى تىترىتىپ، جاھان سورىشىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تۆھپىسىنىڭ زورلۇقىنى، چىڭگىزخان ئۇيغۇر دانىشمەنلىرىنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىپ، دۇنيانىڭ خېلى كۆپ جايىنى ئىستېلا قىلغانلىقىنى، ھەتتا ئۆزى باش بولۇپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئەۋلادلىرىنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە تەربىيىلەش ئۈچۈن ئۇيغۇر ئۇستازلارنى تەكلىپ قىلىپ، بالا-نەۋرىلىرىگە ئۇستاز قىلىپ بەرگەنلىكىنى، شۇڭا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىزنالىرىنى موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ ئاتلىرىنىڭ تۇيىقى تەگكەن جايلارنىڭ ھەممىسىدە تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ كەتتى. ئۇ يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىلار دەۋرىدىكى شانلىق مەدەنىيىتىنى، شانۇ-شەۋكىتىنى، دۇنيانى تىترەتكەن ھەيۋىتىنىمۇ ماڭا ئەسلىتىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ جەسۇرانە روھى ۋۇجۇدۇمغا قان بولۇپ قوشۇلغاندەك روھىم ئۇرغۇپ، قەددىم تىكلىنىپ، كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىم ھەسسىلەپ ئاشتى. ئۇنىڭ خېلى گەپلىرى باردەك قىلاتتى. مەن باشقا بىر كۈنى ئۇبدانراق پاراڭلىشىش نىيىتىدە ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتىم . يولدا كېتىۋېتىپ، يولنىڭ بويىدا ئولتۇرۇپ «پاماگىيتە»(ياردەم قىلىڭلار)دەپ ئەنسىزۋارقىراۋاتقان سائىلغا بىر سوم پۇل بەردىم. رەھىمدىللىك ئۇنتۇلۇپ كەتكەن جەمئىيەتكە ئۆتۈنۈش بىلەن «پاماگىيتە»دەپ نىدا قىلىۋاتقان بۇ ئەما كىشى ئەتىگەندىن بېرى قولىغا تۇتقۇزۇلغان تۇنجى پۇلنى نەچچە رەت سىلاپ توختىدى، ئۇنىڭ باياتىنقى ئەنسىز ۋارقىرىشى بىردەم بولسىمۇ بېسىقتى.

## يەنە يول ئىزدەپ ...

مەن قىرغىزىستاندا بىر نەچچە ئاي تۇرۇپ، بۇ سابىق «كوممۇنىزمغا يەتكەن» جەمئىيەتكە نىسبەتەن مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، دۇنيانى ئايلىنىش سەپىرىمنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن باشقا دۆلەتلەرنىڭ قىرغىزىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىلىرىنى ئىزدەشكە باشلىدىم. باشقىلاردىن سوراپ يۈرۈپ بىر قانچە دۆلەتنىڭ ئەلچىخانىلىرىنى تاپقان بولدۇم. لېكىن مەن بېرىشنى ئەڭ ئارزۇ قىلىدىغان ياۋروپا دۆلەتلىرى ۋە ئامېرىكا قاتارلىق بىر قىسىم باي دۆلەتلەر ئۇ چاغدا تېخى بۇ دۆلەتتە رەسمىي باش ئەلچىخانىلىرىنى تەسىس قىلمىغاچقا، بۇ ئەللەرگە بۇ دۆلەت ئارقىلىق بېرىش خىيالىم يوققا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئاۋۋال روسىيىگە ، ئاندىن روسىيە ئارقىلىق ياۋروپا دۆلەتلىرىگە بېرىش خىيالىنى قىلىپ، روسىيىنىڭ قىرغىزىستاندىكى باش ئەلچىخانىسىغا كەلدىم. روسىيە باش ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدى روسىيىگە كۆچۈپ كېتىش ئۈچۈن كەلگەن رۇسلار بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ، مىڭتەسلىكتە ماڭا باش ئەلچى بىلەن كۆرۈشۈش نۆۋىتى كەلدى. باش ئەلچى مەقسىتىمنى ئۇققاندىن كېيىن، ماڭا موسكۋا تەرەپتىن بىرەر ئالاقە قەغىزى بولمىسا ساياھەت ۋىزىسى بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن روسىيە ئەلچىخانىسىدىن قايتىپ تۈركىيە، ئۆزبېكىستان قاتارلىق بىرقانچە دۆلەتنىڭ ئەلچىخانىلىرىدىنمۇ ئوخشاش جاۋابقا ئېرىشتىم. قىزىق ئىشقۇ بۇ، مەن بىلەن بىرگە كىرگەن چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر كىرىپ بىر جەدۋەلنى تولدۇرسىلا بۇلارغا بىر ئايلىق ساياھەت ۋىزىسى بېرىۋاتىدۇ، ماڭا نېمىشقا بەرمەيدۇ؟ ئەسلىدە ئۆزئارا ساياھەت كېلىشىمى بار دۆلەتلەرنىڭ پۇقرالىرى بىر-بىرىنىڭ دۆلىتىگە بېرىپ ساياھەت قىلماقچى بولسا، ئاسانلا نەچچە ئايلىق ۋىزا ئالالايدىكەن. كېلىشىم بولمىسا ساياھەت ۋىزىسى ئېلىپ باشقا دۆلەتلەرگە بارماق بىر ئاز تەسكە توختايدىكەن. لېكىن بارماقچى بولغان دۆلەتتىن تەكلىپ قەغىزى كەلگەن بولسا يەنە بولىدىكەن.

مەن بىرقانچە دۆلەتنىڭ قىرغىزىستاندىكى باش ئەلچىخانىلىرىدىن «ساياھەت ۋىزىسى بېرەلمەيدۇ»دېگەن جاۋابنى ئېلىپ خاموش كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىزلا بىر دەرەخزارلىقنىڭ كەينىدە بوش لەپىلدەپ تۇرغان ھىندىستان دۆلەت بايرىقىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. مەن ھىندىستاننىڭ ئەڭ چوڭ ساياھەت دۆلىتى ئىكەنلىكىنى، ھىندىستان دۆلەت كىرىمىنىڭ خېلى بىر قىسمىنىڭ ساياھەتتىن كىرىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. شۇڭا مەن بۇ دۆلەت بەلكىم ساياھەتچىلەرگە ئارتۇق تەلەپ قويماس دەپ ئويلاپ، بىرئاز ئۈمىد بىلەن ھىندىستاننىڭ قىرغىزىستاندىكى باش ئەلچىخانىسىغا كىردىم ۋە ئىشەنچ بىلەن پاسپورتۇمنى تەڭلىدىم. ئىش بېجىرگۈچى قىز پاسپورتۇمغا قاراپ بىرئاز تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۇنى باش ئەلچىنىڭ ئىشخانىسىغا ئەكىرىپ كەتتى ۋە بىردەمدىن كېيىن چىقىپ باش ئەلچىنىڭ جۇڭگولۇقلارغا ساياھەت ۋىزىسى بېرەلمەيدۇ دېگەنلىكىنى يەتكۈزدى. بىلىم چىققاندەك بولدى. شۇ ئەسنادا ئۇ پاسپورتۇمنى قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ، تۇيۇقسىزلا ئۇيغۇر تىلىدا «سىز ئۇيغۇرمۇ؟» دەپ سوراپ قالدى. بىز باياتىن بېرى بىردەم رۇسچە، بىردەم ئىنگلىزچە سۆزلەشكەچكە بىر-بىرىمىزنىڭ ئوخشاش بىر يىلتىزدىن كۆكلىگەن قان-قېرىنداشلاردىن ئىكەنلىكىنى بىلىشمىگەنىكەنمىز. دېمىسىمۇ چىراي شەكلى بىر-بىرىگە بەك ئوخشىشىپ كېتىدىغان نۇرغۇن مىللەت ئارىلىشىپ ياشايدىغان بۇ ئەلدە بىرسىنىڭ چىرايىغا قاراپ ئۇنىڭ قايسى مىللەتتىن ئىكەنلىكىنى بىلمەك تەس ئىدى. قىز ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى، ئاتا-بوۋىسىنىڭ 1962-يىلدىكى «قاچ-قاچ»تا غۇلجىدىن چىقىپ بۇيەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ، مۇشۇ يەردە ئوقۇپ، ھازىر بۇ ئەلچىخانىدا ئىشلەۋاتقىنىنى ئېيتىپ، قولۇمدىن پاسپورتۇمنى قايتا ئالدى-دە، يەنە باش ئەلچىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. بىر چاغدا باش ئەلچى ئۆزى چىقىپ، مەن بىلەن كۆرۈشۈپ مەندىن ئۇنى-بۇنى سورىدى. ئاندىن ھازىرغىچە جۇڭگولۇق بىرەرسىگە ساياھەت ۋىزىسى بېرىپ باقمىغانلىقىنى، مېنىڭ ماتېرىيالىمنى ھىندىستان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە يوللاپ باقىدىغانلىقىنى، ئەگەر شۇلار قوشۇلسا بىرئايلىق ساياھەت ۋىزىسى بېرىدىغانلىقىنى، يەنە ئىككى ھەپتىدىن كېيىن كېلىشىمنى

ئېيتتى. قىزغا رەھمەت ئېيتىپ خوشلاشتىم. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن بارسام ئىلتىماسىم تەستىقلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پاسپورتۇمغا بىر ئايلىق ساياھەت ۋىزىسى قويۇپ بەردى. مەن قىزغا قايتا-قايتا رەھمەت ئېيتىپ خوشلىشىپ ھىندىستانغا مېڭىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلىدىم. ھىندىستانغا بارغاندا مەن ئەڭ قىينىلىدىغان نەرسە تاماق مەسىلىسى بولغاچقا، بېشكەكتىن توك ئوچاق، ئەپچىل قازان قاتارلىق تاماق سايمانلىرىنى سېتىۋېلىپ، رۇس بوۋاي-موماي ۋە تۇغقانلار بىلەن خوشلىشىپ ھىندىستانغا قاراپ ئۇچتۇم.

مەن ئولتۇرغان ئايروپىلان ئىككى يۈز نەچچە كىشىلىك كىچىك تىپتىكى ئايروپىلان بولۇپ، ئايروپىلاننىڭ يېرىمى دېگۈدەك بوش ئىدى. ئىككى يېنىمدا ئىككى رۇس ئولتۇرغان بولۇپ، بىرى، روسىيىنىڭ ھىندىستاندىكى باش ئەلچىخانىسىدا ئىشلەيدىغان ئوغلىنى كۆرگىلى مېڭىپتۇ. يەنە بىرى ھىندى دىنى مۇرىتى بولۇپ، ھىندى دىنىنىڭ ھىندىستاندىكى مۇقەددەس جايلىرىنى تاۋاپ قىلغىلى مېڭىپتۇ. بۇ كىشى ھىندى دىنىنىڭ موللىلىرى كىيىۋالىدىغان تون كىيىپ، سەللە ئورىۋالغان بولۇپ، باياتىن ئايروپىلان كۈتۈش زالىدا نۇرغۇن كىشىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھىندى دىنىنى چۈشەندۈرۈپ - تەشۋىق قىلىپ يۈرەتتى. باياتىن زالدا ماڭىمۇ ھىندى دىنىنىڭ بىرمۇنچە ئەقىدىسىنى چۈشەندۈرگەنىدى. مانا ھازىرمۇ ئورنىمىز بىر يەردە بولغاچقا، ئۇ يەنە ماڭا ھىندى دىنىدىن تەلىم بېرىشكە باشلىدى. ئۇ مېنىڭ ئاڭلاش-ئاڭلىماسلىقىم، دىققەت قىلىش-قىلماسلىقىم بىلەن كارى يوق ھالدا ھازىر روسىيىدە ھىندى دىنىنىڭ نەچچە يۈز مىڭ مۇرىتى بارلىقىنى، روسىيىدىكى ئائىلە سورۇقچىلىقلىرىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىنىڭ دىندىن يۈز ئۆرۈگەنلىكتىن كېلىپ چىققانلىقىنى، شۇڭا دىنىنىڭ ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدا بەك مۇھىم ئىكەنلىكىنى ۋەيەنە ئاللىقانداق گەپلەرنى ئۈزۈلمەي سۆزلىدى. مەن ئۇنىڭ كۆڭلىگە يارىشا گەپلىرىنى بىردەم ئاڭلىغان بولدۇم-دە، كېيىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كىچىكىمدىن باشلاپ ئويلايدىغان «ئايروپىلان قانداق ئۇچىدىغاندۇ؟ ئايروپىلاننى قانداق ھەيدەيدىغاندۇ؟ ئايروپىلاننىڭمۇ ماشىنىڭكىدەك رولى بارمىدۇ؟» دېگەندەك خىياللىرىمغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن، ئايروپىلاننىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا مېڭىشقا باشلىدىم. مېڭىپ ئايروپىلاننىڭ باش تەرىپىگە بارسام، تەلىيىمگە ئۇچقۇچىلار ئولتۇرىدىغان بۆلۈمچىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىكەن. مەن ئىشىككە يۆلىنىپ تۇرۇپ، بىردەم ئۇچقۇچىلارنىڭ ئايروپىلان ھەيدىشىگە قاراپ تۇردۇم. ئايروپىلان بۆلۈمچىسىدە ئۈچ ئۇچقۇچى بولۇپ، بىرى قۇلىقىغا تىڭشىغۇچتەك بىرنەرسە كىيىۋېلىپ يەر يۈزى قوماندانلىق مەركىزى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرىدىكەن، بىرى زاپاس ئولتۇرىدىكەن، يەنە بىرى توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنىڭ تۇتقۇچىدەك بىرنەرسىنى تۇتۇۋېلىپ ئايروپىلاننى باشقۇرۇپ ئۇچىدىكەن. مەن بۇيەردە بىردەم قاراپ تۇرۇپ بەزى سوئاللىرىمغا جاۋاب تاپقاندىن كېيىن، ئايروپىلاننىڭ كەينى تەرىپىگە قاراپ ماڭدىم. ئايروپىلاننىڭ كەينى تەرىپىگە بېرىپ، ئايروپىلان دېرىزىسىدىن سىرتقا قاراپ قورقۇپ كەتتىم. ئايروپىلان بۇلۇتنىڭ ئۈستىدە كېتىپ باراتتى. پەسكە قارىسا پەقەت بۇلۇتنىلا كۆرگىلى بولاتتى. كۈن نۇرىنىڭ بۇلۇتتىن قايتقان نۇرى ئاجايىپ سىرلىق بىر مەنزىرە ھاسىل قىلغان بولۇپ، كىشىگە ئەرشكە كېتىپ بارغاندەك تەسىرات بېرەتتى. مەن مۇشۇ ۋاقىتتا «بۇ خېلىلا كونا ئايروپىلانكەن، ئايروپىلاندىن تاسادىپىي چاتاق چىقىپ قالغۇدەك بولسا قانداق قىلغۇلۇق، ياكى ئېشەك ھارۋىسىدىن چۈشۈۋالغاندەك سەكرەپ چۈشۈۋالغىلى بولمىسا بۇنىڭدىن، تۈگىشىدىغان گەپ شۇ» دېگەن خىياللارنى قىلىپ ئىختىيارسىز تەسبىھ ئېيتىپ كەتتىم. خۇداغا شۈكۈر، ھىندىستانغا تىنچ-ئامان قونۇۋالدۇق.

## ئاجايىپ-غارايىپلىقلارغا تولغان ھىندىستان

ھىندىستان پايتەختى يېڭى دېھلى ئايرودرومىغا چۈشۈپ نەگە بېرىشىمنى بىلەلمەي ئاڭگىراپلا قالدىم. چۈنكى مەن ھىندىستان توغرىلىق ھېچنېمە بىلمەيتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىككى سائەت ئىچىدە بولغان غايەت زور ئۆزگىرىش كاللامنى پىرقىرىتىپ ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئىككى سائەت بۇرۇن مەن بېشكەكتە كۆرگەن ئادەملەر ۋە ئۇيەرنىڭ ھاۋاسى ماڭا تونۇش ئىدى. لېكىن يېڭى دېھلىنىڭ نويابىرنىڭ ئاخىرىدىكى پىژ-پىژ ئىسسىقى ۋە مەن بۇرۇن ئەسلا كۆرۈپ باقمىغان ناتونۇش ئادەملەر توپى بېشىمنى قايدۇرۇۋەتتى. نەگە بېرىشىمنى بىلەلمەي ئاڭگىراپ يۈرسەم، زالنىڭ بىر تەرىپىدىكى كىچىك-كىچىك ئىشخانىلاردىكى كىشىلەر چاقىرىشقا باشلىدى. بۇ ئىشخانىلار تاكسى شىركەتلىرى بولۇپ، مەن ئۇلاردىن بىرىگە پۇل تۆلەپ ئەڭ ئەرزان مېھمانخانىغا بارىدىغان بولدۇم. ئۆزۈم كۆتۈرۈمەن دېگىنىمگە ئۇنىماي بىرى كېلىپ سومكىلىرىمنى كۆتۈرۈپ تاكسىغا ئاچىقىپ بەردى. مۇلازىمىتى نېمانداق ياخشى شىركەتتۇ بۇ دەپ ئويلاپ تۇرسام، سومكىلىرىمنى تاكسىغا ئاچىقىپ بەرگەن ھېلىقى بالا: «ئەپەندىم، چاي پۇلى بېرىڭ» دەيدۇ. مەن بىزنىڭ پۇلغا ھېسابلاپ، تۆت ماڭدام يەردىن ئاچىقىپ بەرگەندىكىن تۆت-بەش كوي بەرسەم بولار دەپ ئويلاپ 20 رۇپىيە بەرسەم ھېلىقى بالا: «ئەپەندىم، بۇنى بېرىپ ئاۋارە بولغىچە، يانچۇقىڭىزغا سېپقويۇڭ» دەيدۇ. ئوھوي، كۆرۈڭ بۇ ئىشنى، ئىش بار ئوخشايدۇ تېخى بۇ شەھەردە. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، بىر ئاز خىجىل بولغاندەك بولۇپ 50 رۇپىيە بېرىۋىدىم، «رەھمەت، ئەپەندىم» دەپ يولىغا ماڭدى. تاكسى شوپۇرى يېڭى دېھلى شەھىرىنىڭ ئىچىگە بارغۇچە ئەتراپنى چۈشەندۈرۈپ ماڭدى. ئۇ گەپ ئارىلىقىدا ئەپەندىم دېگەن گەپنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمىدى. مەن بۇرۇن ئەپەندىم ئاتىلىپ باقمىغاچقا، ئۇنىڭ گېپىدىن ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپ كېتىپتىمەن. بىر چاغدا شوپۇر: «كەلدۇق، چاي پۇلى بېرىۋېتىڭ، ئەپەندىم» دەپ قولىنى تەڭلىدى. مەن ئۇنىڭغا «كىرا پۇلىنى ئىشخاناڭلارغا تۆلەپ بولغان تۇرسام، يەنە نېمە تولا پۇل بۇ» دەي دېدىمىيۇ، لېكىن ئۇنىڭ باياتىن بېرى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەي تەكرارلاپ دەپكەلگەن «ئەپەندىم» دېگەن گەپلىرىنى ئويلاپ، رازىمەنلىك بىلەن 50 رۇپىيە بېرىپ يولغا سالدىم.

مەن ئورۇنلاشقان ئاتالمىش ئەڭ ئەرزان ياتاق بىزنىڭ پۇلىمىزغا يۈز يۈەنلىك ياتاق ئىدى. مەن بۇ كىچىككىنە ياتاققا كىرىپ تازا بىر ئۇخلاپ قوپۇپ باقاي، ئاندىن ئەتراپىمدىكى مۇھىت كۆزۈمگە سىڭىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دەپ ئەمدىلا يېتىشىمغا ئىشىكنى بىرسى چەكتى. ئاچسام، ئىككى ھىندىستانلىق تۇرۇپتۇ. ئۇلار: ماڭ، تىزىمغا ئالدۇر، دەپ مېنى باشلاپ ماڭدى. مەن بۇلار ساقچى ئوخشايدۇ، دەپ ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭدىم. ئۇلار نەدىمۇ ساقچى بولسۇن، ئەسلى بىر شەخسىي ساياھەت شىركىتىنىڭ ئادەملىرى ئىكەن. بۇلار كومپيۇتېر تورى ئارقىلىق مېنىڭ سائەت نەچچىدە چېگرىدىن ئۆتكەنلىكىمنى، قايسى مېھمانخانىغا چۈشكەنلىكىمنى ئىگىلەپ، مېنى ئىزدەپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىشخانىسىغا كىرسەم، ئۇلار بىردەمدىلا ماڭا 15 كۈنلۈك ساياھەت ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى ۋە بۇنىڭغا 960 دوللار تاپشۇرۇشۇمنى ئېيتتى. مەندە بۇنچىلىك پۇلنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتسام، ئۇلار ئۈچ كۈنلۈك ساياھەت ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ 200 نەچچە دوللار كېتىدىكەن. مەن بۇنىڭغىمۇ ئۇنىماي تۇرۇۋالدىم. چۈنكى يېنىمدا بار پۇلمۇ تايىنلىقلا ئىدى، يەنى نەچچە يۈز دوللارلا قالغانىدى. مەن ئاخىرى ئۇلارغا ھىندىستانغا ساياھەتكە كەلمىگەنلىكىمنى، مۇنداقلا كۆرۈپ بېقىشقا كەلگەنلىكىمنى ئېيتىپ، مەجبۇر بالالىقتا ئۇلارنىڭ ئىشخانىسىدىن يېنىپ چىقتىم.

مەن يېڭى دېھلىغا كەلگىلى بىرنەچچە كۈن بوپقالغان بولسىمۇ، ئەتراپتىكى مۇھىتقا زادىلا كۆنەلمەيۋاتاتتىم. ئەتراپىمدىكى مىغ-مىغ ئادەم، غەلىتە كىيىنىشلەر، تەركىدۇنيا بوپكەتكەن دەرۋىشلەر، جايىنىزم دىنىنىڭ يېرىم يالىڭاچ كىيىنىۋالغان مۇرىتلىرى، موزايلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كوچا ئارىلاپ يۈرگەن كاللار، قايناق بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدا خىرامان ئۇخلاۋاتقان ئىتلار، زىيادە ئىسسىق ھاۋا مېنى باشقا بىر دۇنياغا

كېيقالغاندەك تەسىراتقا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتتى. غەلىتە كۆرۈنگەن نەرسىلەر بارغانسېرى كۆزۈمگە سىڭىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاۋۋال قىلغان ئىشىم ئەرزان ياتاق ئىزدەش بولدى. بۇ يۈز يۈەنلىك ياتاقتا يېتىۋېرىدىغان بولسام، كۆپ ئۆتمەي يېنىمدىكى پۇل ياتاققا چىقىش قىلمايتتى. مەن ئاخىرى بىر ئامېرىكىلىق ساياھەتچىدىن بىزنىڭ پۇلىمىزغا يىگىرمە يۈەنلىك ياتاقنى ئۇقۇشۇپ شۇيەرگە كۆچۈۋالدىم. چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر مەلۇم بىر دۆلەتكە ساياھەتكە بارماقچى بولسا، ئاۋۋال ئۇلار ئۆز دۆلىتىدە تۇرۇپ، بارماقچى بولغان دۆلەت ئەھۋالى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەن قوللانما كىتاب سېتىۋالىدىكەن. بۇنداق كىتابتا قايسى يەردە قانداق ياتاقلار بار، پۇلى قانچىلىك، قانداق ساياھەت ئورۇنلىرى بار، دېگەنلەر تەپسىلىي يېزىلىدىكەن. مەنمۇ بۇيەرگە كېلىشتىن بۇرۇن بۇنداق كىتابنى ئون نەچچە يۈەنگە سېتىۋېلىپ كۆرگەن بولسام، بۇيەردە ئورۇنسىز خەجلىنىپ كەتكەن نەچچە مىڭ يۈەن پۇلۇم تېجىلىپ قالار ئىكەن، دەپ ئويلىدىم ھەم بۇ چاغدا «ئۇچۇر — پۇل دېمەكتۇر» دېگەن گەپنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم.

مەن چۈشكەن بۇ مېھمانخانىدا دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر بولۇپ، ھەركۈنى كەچتە دېگۈدەك ھەممەيلەن مېھمانخانا ھويلىسىدا ئولتۇرۇپ پاراڭ سېلىشاتتۇق. بەزىدە بەزى ساياھەتچىلەرنىڭ چالغان دۇمباق، گىتارلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتۇق. بىر كۈنى بۇ ھويلا بەكلا قىزىپ كەتتى. ياپونىيىلىك، تايلاندلىق بىرنەچچىسى دۇمباق چالدى، ئامېرىكىلىق بىرسى گىتار چالدى. مېھمانخانىغا قارايدىغان بىرنەچچە ھىندىستانلىق ھىندىستان ئۇسسۇلىغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ياۋروپالىق بىرنەچچە قىزمۇ ئۇلارنى دوراپ ھىندىستاننىڭ ئۇسسۇلىنى ئوينىدى. نەغمە-ناۋا، ئۇسسۇل خېلى بىرۋاقىتقىچە داۋاملاشتى. مەن بۇ كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ، دۇنيادىكى بارلىق ئەلنىڭ سەنئەتلىرى مۇشۇ ھويلىغا يىغىلغاندەك تەسىراتقا كېپقالدىم.

دۇنيانىڭ جاي-جايىدىن كەلگەن بۇ ساياھەتچىلەر بىلەن پاراڭلىشىش جەريانىدا مەن دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە بارغاندەك بوپقالدىم. بىر كۈنى ھويلىدا ئامېرىكىلىق، ئاۋستىرىيىلىك، ئىسرائىلىيىلىك ساياھەتچىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ دۆلەتلىرى، تۇرمۇش ئۇسۇللىرى ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچىلەرگە ئېرىشتىم. ئامېرىكىلىق ئۆزىنىڭ ئامېرىكىلىق بولسىمۇ ئەنگلىيىنى بەكرەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئەنگلىيىدە كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىنىڭ ھۆرمىتىنى بەكرەك قىلىشىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۆزىنىڭ ئەنگلىيىدە ئىشلەۋاتقانلىقىنى، ئۇيەردە بىر ئالىملىق باغقا قاراۋاتقانلىقىنى، يېرىم يىل ئىشلەپ تاپقان پۇل بىلەن يېرىم يىل دۇنيانى ئايلىنىدىغانلىقىنى، ھازىر ئاسىيا دۇنياسىنىڭ ھەممە يېرىگە دېگۈدەك بېرىپ باققانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. گەپ ئارىلىقىدا ئىنچى قىز دوستىنىڭ گەپلىرىنى قىلىپ بەردى. قىرىق ياشلاردىن ئاشقان ئادەمنىڭ قىز دوستۇم دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيىتىدە چوڭ پەرقنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم. ئاۋستىرىيىلىك ياش بالا ھىتلېرنىڭ يۇرتىدىن بولۇپ، ھىتلېرنىڭ گەپلىرىنى قىلىپ بەردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ھىتلېرنى ياخشى كۆرىدىغان بوۋاي-مومايلار ھېلىمۇ خېلى بار ئىكەن. ئىسرائىلىيىلىك ئىككى قىزمۇ ئۆزىنىڭ يۇرتىنىڭ گېپىنى قىلدى. ئۇلار پەلەستىنلىكلەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشايدىغان بولۇپ، ھەرخىل كۆڭۈلسىزلىك ھەردائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىكەن. ئۇلار بىر-بىرىنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلىرىغا يۈرەكلىك بارالمايدىكەن. بۇ ئىككى قىز يەنە ئىسرائىلىيىدىكى كۆپ قىسىم كىشىنىڭ تىنچلىققا ئىنتىزار ئىكەنلىكىنى، لېكىن ھەرخىل سەۋەب تۈپەيلىدىن تىنچلىقنىڭ ئەمەلگە ئاشمايۋاتقانلىقىنى، ئۇلار ئىككىسىنىڭمۇ پەلەستىنلىكلەر بىلەن ئىناق ئۆتكىسى بارلىقىنى ئېيتتى. مەنمۇ يۇرتۇمنىڭ گەپلىرىنى قىلىپ بەردىم. ئۇلار ئۇيغۇر دېگەن مىللەتنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغانىكەن. شۇڭلاشقىمىكىن، مەن سۆزلەپ بەرگەن گەپلەرنى خېلى قىزىقىپ ئاڭلاشتى. مەن ئۇلارغا بەزى ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزنى، يۇرتىمىزنىڭ بەزى ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى سۆزلەپ بەردىم.

چەت ئەللەردىكى نۇرغۇن كىشى دۇنيانى ئايلىنىشنى ئەڭ مۇھىم ئىش قاتارىدا ئورۇنلاشتۇرىدىكەن. نۇرغۇن دۆلەتتە مۇقىم خىزمەت دېگەن ئۇقۇم بولمىغاچقا، كۆپ قىسىم كىشى مەلۇم بىر شىركەتتە بىر مەزگىل ئىشلىگەندىن كېيىن، تاپقان پۇلىنى ئېلىپ، ئۆزى خالىغان دۆلەتتە ساياھەت قىلىدىكەن. ساياھەتچىلەر ئىچىدە ئامېرىكىلىقلار، ياپونلار، ياۋروپالىقلار، يەھۇدىيلار ئەڭ كۆپ ئىكەن. ئۇلار دۇنيانى ئايلىنىپ، دۇنيانى كۆزىتىپ، چۈشىنىپ، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى بايقاپ دەرھال ئۆگىنىپ، ئۆزلىرىنى بارغانسېرى مۇكەممەللەشتۈرۈۋېتىپتۇ.

ھىندىستاندا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ-غارايىپ ئىشلار ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدىكەن. بىر كۈنى بىر توپ كىشى داقا-دۇمباق چېلىپ، ئات مىنگەن بىر يىگىت بىر كىچىك بالىنى ئېلىپ كوچىدىن ئۆتۈپ كەتتى. يىگىتنىڭ كىيىنىشىدىنلا بۇنىڭ توي ئىكەنلىكىنى پەملەپ بىلگىلى بولاتتى. شۇڭا مەن ھىندىستانلىقلارنىڭ توي مۇراسىمىنى بىر كۆرۈپ بېقىش مەقسىتىدە تاپ بېسىپ بۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭدىم. ئۇلار بىرمۇنچە تار كوچىدىن ئۆتۈپ بىر ھويلىغا كىردى. ھويلىغا كىرىشكە بىر قىز چىقىپ يىگىتنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ، ئۇنى يېتىلەپ ئۆيگە ئەكىرىپ، ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى-دە، چىقىپ ھويلىدا دوستلىرى بىلەن دۇمباققا كەلتۈرۈپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. مەن بۇ كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. بۇ قانداق توي بوپكەتتى ئەمدى، يىگىت ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا ئولتۇرىدىغان، قىز چىقىپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان؟ بىزنىڭ يۇرتنىڭ ئەكسىلا ئىكەنغۇ بۇ، دەپ پىچىرلىدىم ئۆز-ئۆزۈمگە ئىچىمدە. ھويلىدا سازچىلاردىن باشقا ئەر زاتىدىن مەنلا بار ئىدىم. شۇڭلاشقىمىكىن، ھويلىدىكى قىزلار ھەيرانلىق بىلەن ماڭا بىردەم-بىردەم قاراپ قوياتتى. يىگىتنى كۆچۈرۈپ كەلگەنلەر يىگىت بار ئۆيدە بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، يىگىتنى قالدۇرۇپ قويۇپ، سازچىلار بىلەن تويدىن قايتىشتى. مەنمۇ توي كۆچۈرگۈچىلەر بىلەن بىرگە تويدىن قايتتىم. قايتىپ كېتىۋېتىپ ھىندىستاننىڭ دۇنياۋى شۆھرەتلىك يازغۇچىسى، نوبېل مۇكاپاتى ساھىبى تاگورنىڭ ھىندىستان تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن ھېكايىلىرى ئېسىمگە كەلدى. ئۇنىڭ مەن ئوقۇغان بىر ھېكايىسىدە، بىر نامرات ئائىلىنىڭ قىزى بىلەن بىر يىگىتنىڭ توي سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ مىكتەسلىكتە پۇل يىغىپ قىزنى ياتلىق قىلغانلىقى، تويدىن كېيىن يىگىت تەرەپنىڭ ئاتا-ئانىسى قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى تەرىپىدىن بېرىلىدىغان قىز مېلىنىڭ ئاز بوپقالغانلىقىدىن ئاغرىنىپ قىزغا دائىم تاپا-تەنە قىلىدىغانلىقى، قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ قىز مېلىنىڭ كەمىنى تولۇقلاش ئۈچۈن تالاي جاپا چەككەنلىكى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئەينى چاغدا مەن بۇ پەقەتلا بىر توقۇلما ھېكايە، ئەمەلىيەتتە نەدىمۇ ئۇنداق تويلۇقنى قىز ئالىدىغان ئىش بولسۇن دەپ ئويلىغانىدىم. ھازىر بۇيەردە بۇ تويىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ ھەممىلا ھېكايىنىڭ توقۇلما بولۇۋەرمەيدىغانلىقىنى، بەلكى تۇرمۇشنى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ھىندىستاندا راستىنلا يىگىتنى قىز «ئالىدىغان» ئىش بار ئىكەن. يىگىتنى قىزنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈلۈپ كەلگەندىن كېيىن، قىزنىڭ ئۆيىدە بىرنەچچە ھەپتە تۇرۇپ، ئاندىن قىزنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۆيىگە قايتىدىكەن. قىز مېلى كۆپ بولغاچقا، قىزى كۆپ كىشىلەرنىڭ قىزلىرىنى ياتلىق قىلىشتا بېشى قاتىدىكەن.

ھىندىستان كۆپ خىل مەدەنىيەت، كۆپ خىل دىنىي ئېتىقاد زىچ گىرەلىشىپ كەتكەن سىرلىق يەر ئىكەن. بۇيەردە قەدەمدە بىر دېگۈدەك ئوخشىمىغان مەدەنىيەت، ئوخشىمىغان ئېتىقادنى ئۇچراتقىلى بولىدىكەن. بىز چۈشكەن مېھمانخانىغا بارىدىغان كىچىك تار كوچىدىكى بىر تامغا بىر بۇت ئورنىتىپ قويۇلغان بولۇپ، بۇيەردىن ئۆتكەن بىر قىسىم كىشى بۇ كىچىك بۇتنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىر نېمىلەرنى ئوقۇپ ئاندىن ماڭىدىكەن.

بەزىلىرى ئىبادەتنى تاماملاپ، بۇتنىڭ ئالدىدىكى كىچىك قۇتىدىكى قىزىل سىيادەك بىر نەرسىنى پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تەگكۈزۈپ ئاندىن ماڭىدىكەن. ئازساندىكىلىرى بۇ بۇتنىڭ ئالدىغا پارچە-پۇرات پۇللارنى قويۇپ قويىدىكەن. بۇ پۇللارنى موھتاجلار ئېلىپ كېتىدىكەن. بىز چۈشكەن مېھمانخانىنىڭ ئالدىدىكى بىر كىچىك دۇكاننىڭ ئىچىدە بىر رەسىم ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ. قارىغاندا، بۇمۇ ئۇلارنىڭ بىر خۇداسى بولسا كېرەك. نەچچە كۈن ئىلگىرى مەن ماشىنا بىلەن بىر يەرگە كېتىۋېتىپ، يولدا نۇرغۇن كىشىنىڭ بىر دەرەخكە مۇشۇ دۇكاندىكى رەسىمدەك بىر رەسىمنى ئېسىپ قويۇپ، ئۇنىڭغا قاراپ باش ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم.

مەن ھەر كۈنى كەچتە مېھمانخانىنىڭ كەينىدىكى كەچلىك بازارغا چىقاتتىم. بۇيەردە كۈندۈزى بەك ئىسسىق بولغاچقىمىكىن كەچلىك بازار بەكرەك قىزىيدىكەن. كەچلىك بازاردا ھەممە نەرسە سېتىلىدىكەن، ئادەممۇ شۇنداق كۆپ ئىكەن. بىر كۈنى مەن بۇ بازارنى ئايلىنىۋېتىپ، بازارنىڭ بىر تەرىپىدىكى سۇپىغا سېلىنغان ئۈستى ئوچۇق كىچىك بۇتخانا ئالدىدا بىر دەم تۇرۇپ، بۇتپەرەسلەرنىڭ بۇتنى قانداق تاۋاپ قىلىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. يولدىن ئۆتكەن بۇتپەرەسلەر بۇت ئورنىتىلغان سۇپىغا چىقىپ، بۇتنىڭ ئالدىدا قولىغا كىچىك كولدۇرما ئالغىنىچە بىرنىمىلەرنى ئوقۇغاچ كولدۇرمىنى پىرقىرىتىدىكەن . ئاندىن بۇتنىڭ ئالدىدىكى قۇتىغا قويۇلغان قىزىل سىيادەك بىرنىمىنى پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تەگكۈزۈپ ئىبادەتنى تاماملايدىكەن. بەزى مۇرىتلار كولدۇرمىنى شۇنداق پىرقىرىتىدىكەنكى، ھەتتا ئەسەبىيلىكتىن خۇدىنى يوقىتىپ قويىدىكەن. يولدىن ئۆتكەن-كەچكەن بۇددا مۇرىتلىرى ئالدىراش بولمىسىلا ئىبادەت قىلىۋاتقانلارغا قوشۇلۇپ ئىبادەتنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈۋېتىدىكەن. ئالدىراشلىرى بۇيەردىن ئۆتۈپ قالسا ئىككى قولىنى جۈپلەپ تەزىم قىلىپ قويۇپ يولىغا راۋان بولۇشىدىكەن. بەزىلىرى سۇپىنىڭ پەلەمپىيىدىكى توپىنى پېشانىسىگە سۈرۈپ قويۇپ يولىغا ماڭىدىكەن.

بىر كۈنى مۇشۇ بازارنىڭ تازا ئاۋات يېرىدىكى كىيىم-كېچەك دۇكىنىنىڭ ئالدىغا بىر تاختاي سەھنە قويۇلۇپتۇ. ئۈستىدە بىر ئوغۇل بالا بىلەن بىر قىز بالا ناخشا ئېيتقاچ ئۇسسۇل ئويناۋېتىپتۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ ئوينىغان ئۇسسۇلى ۋە ئېيتقان ناخشىسى مەن ھىندىستان كىنولىرىدا كۆرگەنگە ئوخشاشلا بولۇپ، دىققىتىمنى دەرھاللا تارتتى. چۈنكى مەن ھىندىستاننىڭ كىنولىرىنى، بولۇپمۇ ناخشا-ئۇسسۇللىرىنى بەكلا ياخشى كۆرەتتىم. كىچىكىمدە ھىندىستاننىڭ كىنولىرىنى كۆرگەن ۋاقىتتا بۇ ناخشا-ئۇسسۇل ماكانىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگىلىمۇ نېسىپ بولارمۇ دېگەندەك خىياللارنىمۇ قىلغانىدىم. بۈگۈن مانا ئالدىمدىكى بۇھەقىقىي «كىنو»نى كۆرۈپ خۇشاللىقىمدىن قاتتىق چاۋاك بىلەن بۇ ئويۇننى ئاخىرىغىچە كۆردۈم. بۇ قىز بىلەن ئوغۇل ئويۇننى شۇنداق ئوينىدىكى، ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى قاتتىق چاۋاك چالدى. بولۇپمۇ مەن ھەممىدىن بەك چالدىم. ئەسلىدە بۇ بىر ئېلان خاراكتېرلىك ئويۇن بولۇپ، يېڭى ئېچىلغان كىيىم-كېچەك دۇكىنىنىڭ خوجايىنى ئورۇنلاشتۇرغانىكەن. بۇ خۇددى بىزنىڭ يۇرتلاردا يېڭى ئېچىلغان دۇكان-سارايلارنىڭ ئالدىدا ناغرا-سۇناي چالغانغا ئوخشايدىكەن. بۇ كەچلىك بازاردىكى كىيىم-كېچەك، مېۋە-چېۋىلەرنىڭ باھاسىنى بىزنىڭ يۇرتىمىزگە سېلىشتۇرۇپ باقتىم. گەرچە ھىندىستان جۇڭگوغا قارىغاندا كەمبەغەلرەك بولسىمۇ، لېكىن كۆپ نەرسىنىڭ باھاسى بىزگە قارىغاندا قىممەت ئىكەن. لېكىن كىيىم-كېچەك، دورا-دەرمەك، يىپەك رەختلەر بىزنىڭ يۇرتىمىزدىن ئەرزان ئىكەن. كىيىم-كېچەكلەرنىڭ ساختىسى ئاز ئىكەن.

كەچلىك بازارنى ئايلىنىپ بولۇپ مېھمانخانىغا قايتقاندا ساياھەتچى قوشنىلار خېلى بىر كەمگىچە پاراڭ سېلىشاتتۇق. ياتاققا قارايدىغانلار ماڭا «جۇڭگولۇق ئەپەندى» دەپ ئىسىم قويۇشۇۋالدى. ھازىرغىچە بۇ مېھمانخانىغا بىرەر جۇڭگولۇق چۈشۈپ باقمىغان بولغاچقا، ئۇلار مېنى مۇشۇنداق ئاتىشىۋاپتۇ. بۇ مېھمانخانىدا ياتىدىغان ياپونلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالغىنىمدا ئۇلار مېنى ياپونغا ئوخشىتىپ قېلىپ «ھايىت»دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ سالام قىلاتتى. مەن باشتا بۇ نېمە دېگىنى دەپ گاڭگىراپ قالدىم. كېيىنچە مەنمۇ ئۇلارنىڭ سالىمىغا «ھايىت» دەپ سالام قايتۇرىدىغان بولدۇم. «ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە» دېگەن شۇ دە. ياپونلار بەزى ئىشلارغا باشقىچىرەك قارايدىغان ئوخشايدۇ. مېنىڭ قوشنام، يىگىرمە ياشلاردىكى ياپون قىز نەچچە كۈن ياتىقىدا يالغۇز ياتقانىدى. قارىسام، ئۆزۈم يالغۇز ساياھەتكە چىقتىم دېگەن بۇ قىز، كېيىن بىر ياپون يىگىت بىلەن ياتاقتىن چىقىۋاتىدۇ. شۇڭا مەن بىرئاز غەلىتىلىك ھېس قىلىپ پاراڭ ئارىلىقىدا قوشنامدىن: «بۇ يىگىت يولدىشىڭىز بولامدۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ قىز: «ياق، بىز ئالدىنقى كۈنى تونۇشۇپ قالدۇق» دېدى ھېچ ئىش بولمىغاندەك پەرۋاسىزلا. مەن بۇنىڭدىن تېخىمۇ ھەيران قالدىم. چۈنكى مېنىڭ نەزىرىمدە بىرقىزنىڭ تۈنۈگۈن تونۇشقان بىرى بىلەن بۈگۈن بىر ئۆيدە بىللە تۇرۇشى غەلىتە ئىشلار ئىچىدىكى ئەڭ غەلىتە، چۈشىنىكسىز، ھەيران قالارلىق ئىش ئىدى. مەن بۇ قوشنام بىلەن بولغان پاراڭدىن كېيىن، بىزنىڭ بۇ سارايدىكى ساياھەتچىلەرنىڭ كىشىلىك دۇنيا قارىشىغا، ھاياتقا، ئۆزىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىگە تېخىمۇ دىققەت قىلىشقا باشلىدىم. بۇلار دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن كەلگەن بولغاچقا، بۇلارنىڭ يۈرۈش-تۇرۇش، ئۆرپ-ئادەت، كىشىلىك دۇنيا قارىشىمۇ ھەر خىل ئىدى. بىر تەرەپكە قارىسام، ئىسرائىلىيىلىك ئىككى قىز ياتىقىنىڭ ئالدىدا پۈرقىرىتىپ تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇپتۇ. سارايىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى ئالاھىدە ئايرىم ياتاق بار تەرەپكە قارىسام، سېرىق چاچلىق، ئاپئاق، ياۋروپالىق بىر قىز قاپقارا، قۇلىقىغا ھالقا ئېسىۋالغان ھىندىستانلىق ياشقا شىلىم بىلەن چاپلاپ قويغاندەك چاپلىشىپ ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ كېتىۋاتىدۇ. سارايىنىڭ ئالدىغا چىقسام، ساراي ئالدىدىكى چايخانىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئۈستەللەردە بىرنەچچە جۈپ ياۋروپالىق ياش ئولتۇرۇپتىكەن. مەن بۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ، كىشىلىك دۇنيا قارىشىنى بىلىپ باقاي دەپ ئۇلارنىڭ قېشىدا ئولتۇردۇم. بىز بىردەم قىزغىن پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئۇلار ئۆز جۈپتى ھەمراھلىرى بىلەن ئايرىم يېقىن ئولتۇرۇشۇپ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. جۈپتى يوق فىرانسىيىلىك بىر قىز يېنىمدىكى ئورۇندۇققا سۈرۈلۈپ كېلىپ بىردەم پاراڭ قىلغان بولۇپ ماڭا سۆۋۈنگىلى تۇردى. مەن بۇ قىزنىڭ مۇئامىلە-مەقسىتىنىڭ دۇرۇس، تۈز ئەمەسلىكىنى بايقاپ دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ ياتىقىمغا كىرىپ كەتتىم. مەن بۇ قىز خىيال قىلىۋاتقان قانداقتۇر بىر ئىشنى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتىم. دۇنيا قارىشىم، ئېتىقادىم كۆڭلۈمنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۇنىڭ سەنىمگە دەسسىشىمگە يول قويمايتتى.

ھىندىستاندا كالىلار ئەڭ بەختلىك جانىۋار ئىكەن. كوچىلاردا كالىلار موزايلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ بەھۇزۇر ئايلىنىپ يۈرىدىكەن،ھىندىلاردا كالا مۇقەددەس -ئىلاھىي ھايۋان دەپ قارالغانلىقى، ھىندىستان قانۇنىدا كالىنىڭ گۆشىنى يېيىش ياكى تېرىسىدە تىكىلگەن، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن كىيىملەرنى كىيىش قاتتىق چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن كۆپىنچە كالىنىڭ ئىگىسى بولمايدىكەن. شۇڭا كالىلار خالىغان يەرلەرگە بېرىپ ئوتلاپ، ئايلىنىپ يۈرىدىكەن. ئازساندىكى توپاقلارنى بەزىلەر ھارۋىغا قاتقاندىن باشقا، كالىلارنى ئاساسەن ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىدىكەن. شوپۇرلار كالىلارنىڭ مېڭىشىغا دەخلى قىلماي ئايلىنىپ-ئەگىپ ماڭىدىكەن. بەزى تۆت كوچا دوقمۇشىنى كالىلار ماكان قىلىپ ياتىدىكەن. يولدىن ئۆتكەن-كەچكەنلەر بۇ كالىلارغا ئۇنى-بۇنى بېرىپ تۇرىدىكەن. بىر كۈنى سەھەردە ناۋايخانا ئىزدەپ بىر دوقمۇشتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسام، ئىشقا ئالدىراپ ماڭغان بىر ھىندى ئايال سومكىسىدىن ئىككى ناننى چىقىرىپ كالىغا بېرىپ، كالىنىڭ يېيىشىگە بىردەم قاراپ تۇردى. كالا يەپ بولغاندىن كېيىنلا ئاندىن بىر خىل رازىمەنلىك تۇيغۇسى بىلەن ئىشقا ماڭدى.

كۆرەلىگىدە قايىل بولماي تۇرالمىدىم. بۇ سارايلار بىزنىڭ ۋەتەندىن چىققانلارنىڭ مۇھىم ئۆتەڭى، قارارگاھى بولۇپ، سودىغا چىققانلارمۇ، ھەج سەپىرىگە ئاتلانغانلارمۇ، ساياھەتچىلەرمۇ، چەت ئەللەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەنلەرمۇ بۇيەرگە كېلىدىكەن، بۇيەردە يېتىپ-قوپىدىكەن. مەن بۇ سارايىنى سېلىپ قويغان شۇ بوۋىلىرىمىزغا مىڭ رەھمەت ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ روھىغا كۆپ دۇئا قىلدىم. بۇ ھەقسىز ساراي بولمىغان بولسا، يېنىمدىكى پۇل نەچچە كۈندە ياتاققا بېرىپلا تۈگەيتتى. بۇ ساراي مېنىڭلا ئەمەس، يۈزلىگەن، مىڭلىغان يۇرتداشنى بۇ ياقا يۇرتتا خۇددى ئۆز يۇرتىمىزدا تۇرغاندەك خاتىرجەم تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانىدى. مەن بۇ ئىشلارنى ئويلىغانسېرى، ئۇزاقنى كۆزلەپ، ھېچقانداق بىر خەلقنىڭ خىيالىغا كىرمىگەن مۇشۇنداق ئۇلۇغۋار خەيرلىك ئىشنى ئويلاپ چىققان ۋە ئۇنى ئۆلمەس يوسۇندا رويابقا چىقارغان ئەجدادلىرىمىزدىن شۇنچە پەخىرلەندىم، سۆيۈندۈم. مەن پاكىستاندا بىرنەچچە ئاي تۇرۇش جەريانىدا، بۇيەرنىڭ ئەھۋالىنى خېلى چۈشىنىپ قالدىم ھەم بۇيەرگە يەرلىك بوپكەتكەن ئۇيغۇر قېرىنداشلار بىلەنمۇ مۇڭدىشىپ باقتىم. بۇيەردىكى يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئېيتىشىچە، پاكىستاندا نەچچە يۈز يەرلىك ئۇيغۇر ئائىلىسى بار ئىكەن. بۇ كىشىلەرنىڭ تولىسى ئۆز ۋاقتىدا ھەج سەپىرىگە ، تىجارەتكە چىقىپ قايتىپ كېلەلمەي يەرلىشىپ قالغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەن. بۇلارنىڭ تولىسى تىجارەت قىلغاچقا، تۇرمۇشى خېلى ھاللىق ئۆتىدىكەن. باشقا يەرلىك مىللەتلەرمۇ ئۇلارنى خېلى چوڭ كۆرىدىكەن. مەن بۇيەردە بىرنەچچە ئاي تۇرۇپ قالغاچقا بۇلارنىڭ يەرلىك كىيىمىدىن بىر قۇر تىكتۈرۈپ كىيىۋالدىم. ئوردۇچە ئۆگىنىدىغان كىتابتىن بىرنى سېتىۋېلىپ تۇرمۇشتىكى سۆزلەرنى ئۆگەندىم. قىسقىسى، بىرنەچچە ئاي بۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭقۇر سىڭىپ كىرىش ئارقىلىق بۇيەردىكى كىشىلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى، كىشىلىك مەپكۇرىلىرى قاتارلىقلارنى تېخىمۇ ئەتراپلىق، ئىنچىكە چۈشىنىشكە تىرىشىپ باقتىم. سەپەرگە چىقىشتىكى بىر مۇھىم مەقسىتىممۇ دۇنيانى چۈشىنىش بولغاچقا، دۇنيانى چۈشىنىش ئۈچۈن بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان كىشىلەرنى چۈشىنىشىم كېرەك ئىدى. شۇڭا مەن يەرلىك كىشىلەر بىلەن ھەرخىل ئۇسۇلدا پىكىر ئالماشتۇردۇم، ئۇلارنىڭ ھاياتلىق - تۇرمۇش قارىشى ھەققىدە مۇئەييەن چۈشەنچىلەرگە ئېرىشتىم.

راۋالپىندى شەھىرىدىكى يەرلىك ئۇيغۇرلار «جۇڭگو كوچىسى»دېگەن كوچىدا بىر ئاز كۆپ ئىكەن. بۇ كوچىدا ئاساسەن جۇڭگونىڭ تاۋارلىرى سېتىلىدىغان بولغاچقا، «جۇڭگو كوچىسى» دەپ ئىسىم قويۇلغانىكەن.

پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى ئىسلامئاباد شەھىرى راۋالپىندىغا ئانچە يىراق ئەمەس ئىكەن. ئىسلامئاباد ئاساسلىقى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى تۇرۇشلۇق شەھەر بولۇپ، بۇشەھەردە ئاۋام -پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرى يوق دېيەرلىك ئىكەن. بۇ شەھەر خۇددى ئورمانلىققا بىنا قىلىنغاندەك ئەتراپى پۈتۈنلەي ئورمان، گۈل-گىياھلار بىلەن قاپلانغانىكەن. ئىسلامئاباد پاكىستاننىڭ مۇھىم ئەڭ گۈزەل شەھىرى ھېسابلىنىدىكەن. پاكىستاندىكى ئاساسلىق ئالىي مەكتەپلەر مۇشۇ شەھەردە ئىكەن. بۇ شەھەر كىشىگە ئاساسلىقى ھۆكۈمەت ۋە بايلار ئۈچۈنلا بىنا قىلىنغاندەك تەسىرات بېرىدىكەن.

مەن مالنى نېسىگە بېرىپ قويۇپ پۇلنى ئالالماي يۈرگەن ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ داۋا ئىشلىرى بىلەن پاكىستاننىڭ سوت مەھكىمىلىرىگەئىنگلىز تىلى تەرجىمانى بولۇپ بىرنەچچە قېتىم باردىم. «چوڭ-چوڭ تىجارەتنى قىلماق بەزىدە ھەقىقەتەن تەس. مالنى بەزىدە نېسى بەرمىسە تېخى بولمىغان، نېسى بەرسە پۇلنى بەزىلەر ۋاقتىدا بەرمىگەن، ئەرز قىلسا يا تۈزۈك ئالمىغان»دەپ داتلىدى پاكىستاندا تىجارەت قىلىۋاتقان بىرنەچچە ئۇيغۇر سودىگەر. ئىشقىلىپ، بىزنىڭ كىشىلىرىمىز بۇيەرلەردە خېلى چوڭ-چوڭ تىجارەتلەرنى قىلىدىكەن. جۇڭگودىن ماشىنا-ماشىنىلاردا مال ئەكېلىپ، پاكىستاننىڭ ماللىرىنى ماشىنا -ماشىنلاپ جۇڭگوغا يۆتكەۋاتقانلارمۇ يەنىلا بىزنىڭ ئۇيغۇرلىرىمىز ئىكەن. بىز ھەممىمىزنىڭ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن كۈچلۈك سودا ئېڭى بارمىكىن دەپ ئويلايمەن. مەنمۇ مۇۋاپىقراق بىرەر تىجارەتنىڭ ئېپىنى ئىزدەپلا يۈردۈم. لېكىن پاكىستاندا ماڭا تىجارەت قىلىش نېسىپ بولمىدى. ئەمما پاكىستاندىكى نەچچە يۈز ئۇيغۇرنىڭ ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان ئاساسلىق كىشىگە - تەرجىمانغا ئايلىنىپ قالدىم. مۇنداقچە ئېيتقاندا، تىلنىڭ كۈچى بىلەن مەن بۇيەردە خېلى ئەتىۋارلىق كىشى بوپقالدىم. خېلى - خېلى چوڭ ئۇيغۇر بايلارمۇ مېنى سودىدا يۆتۈشۈدىغان، ۋىزا بېجىرىدىغان، ھەرخىل دەۋا-دەستۇر ئىشلىرىغا تەكلىپ بىلەن ئاپىرىدىغان بولدى. بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇلار مېنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ، تاكسىلارغا ئولتۇرغۇزۇپ، نە-نەلەرگە ئاپاردى. ئەمما مېنى بىر پۇڭ چىقىم قىلدۇرمىدى. مەن ئازغىنە پۇلى بار بىر بالا تۇرۇپ، نەچچە مىڭ دوللارنى بەللىرىگە تۈگۈپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ يول كۆرسەتكۈچىسى، تىلچىسى، ئىشلىرىنى بېجىرگۈچىسى، ئۇلارنىڭ رەھمىتىنى كۆپ ئاڭلىغۇچىسى بوپقالدىم. ئۆزۈم ئۇزۇن جاپادا ئۆگەنگەن ئىنگلىز تىلىنىڭ پايدىسىنى كۆرگەندەك، نەچچە يىللىق جاپالىرىم بىراقلا ئۈنۈملۈك كەتكەندەك تۇيغۇغا كېپقالدىم. بۇجەرياندا، پاكىستاننىڭ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى قاتارلىق مۇھىم ئورۇنلىرىغىمۇ، چەت ئەللەرنىڭ پاكىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىلىرىغىمۇ نەچچە قېتىم كىرىپ، نۇرغۇن ئۇيغۇر ھاجەتمەنلەرنىڭ ھەرخىل ئىشنى بېجىرىپ بەردىم. «كىشى بىرتىلنى ئارتۇق بىلسە، بىر يولى كۆپ بولىدۇ» دېيىدىكەن. لېكىن مەن ئىنگلىز تىلنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، بىر ئەمەس بىرنەچچە يولۇم كۆپەيگەندەك بولدى. ماڭا دۇنيانى كۆزىتىدىغان نەچچە كۆز كۆپەيگەندەك، مەسىلىلەرگە دۇنياۋى كەڭلىكتە پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان تەپەككۇر قېتىلغاندەك بولدى.

پاكىستاننىڭ تويلىرى ئاددىي-ساددىي ئۆتكۈزۈلىدىكەن. قىز زالغا يۆتكەپ كېلىنگەن ۋاقىتتا ، ناغرا-سۇنايچىلار زالنىڭ ئالدىدا يېرىم سائەتلەرچە دۇمباق چېلىپ، بۇ ئىككى ياشنىڭ تويى بولغانلىقىنى خەلقئالەمگە جاكارلايدىكەن ۋە تويغا تەنتەنە قىلىدىكەن. ئاندىن قىز بىلەر يىگىت زالغا كىرىپ ، قىز زالنىڭ ئاياللار تەرىپىگە، يىگىت دوستلىرى بىلەن زالنىڭ ئەرلەر ئولتۇرىدىغان تەرىپىگە بېرىپ ئولتۇرىدىكەن. (بۇيەردە زال ئەر-ئاياللار ئۈچۈن ئوتتۇرىسىدىن ئىككىگە بۆلۈنىدىكەن. بەزى كوچا ئاپتوبۇسلىرىمۇ شۇنداقكەن.) مېھمانلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولغاندىن كېيىن، تائاملار تارتىلىدىكەن. تائاملار يېيىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن، يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ باشچىلىقىدا بۇ ئىككى ياشنىڭ ئىككى ئالەملىك بەختى ئۈچۈن جامائەت دۇئا ياندۇرۇپ، زالدىن تارايدىكەن. مەن پاكىستاندىكى بۇ تويىنى كۆرۈپ، بىزمۇ نېمە ئۈچۈن تويلارنى مۇشۇنداق ئاددىيلاشتۇرمايمىز؟ نېمە ئۈچۈن ئۆرپ-ئادەتلىرىمىز ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىمىزغا قىلچىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدىغان - پايدىسىز، غەيرىي، بىمەنە توي ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلىۋالىمىز؟ دېگەنلەرنى ئويلىدىم. مەن ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن ، خۇددا خالىسا مانا مۇشۇلاردەك ، يەنى بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئەزەلدىن داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن، لېكىن يېقىندىن بۇيان ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقان، دىن- ئېتىقادىمىزغا، ئەھۋالىمىزغا نەق ماس كېلىدىغان مانا مۇشۇنداق ئاددىي، قائىدىلىك يوسۇندا توي قىلىمەن دەپ نىيەت قىلدىم.

پاكىستان ھەرخىل مىللەت، قەبىلىدىن تەركىب تاپقان كۆپ مىللەتلىك، كۆپ قەبىلىلىك دۆلەت ئىكەن. كىشىلەرنىڭ تولىسى ئىنگلىز تىلىنى بىلىدىكەن. بىرقىسمى ئەرەبچىنىمۇ بىلىدىكەن. پاكىستان شوپۇرلىرى ئۆز كەسپىگە ئۇستا، پۇختا كېلىدىكەن. تېخى بەزى ياشلار ماشىنا كۆپ چوڭ يوللاردىمۇ قاراملىق بىلەن موتسىكلىتنىڭ ئالدى چاقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ماھارەت كۆرسىتىۋاتقاندەك ھەيدەپ، مۇغەمبەرلىك قىلىپ ماڭىدىكەن. مەن بەزى كەچلىرى ياتاقنىڭ ئالدىغا چىقىۋېلىپ ياشلارنىڭ موتسىكلىت مىنىشكە

قاراپ ئولتۇراتتىم. بىر كۈنى بىر موتىسىكلىت بىر كىچىك بالىنى سوقۇۋەتتى. لېكىن ھېلىقى كىچىك بالىنىڭ دادىسى ھېچ ئىش بولمىغاندەك بالىسىنى كۆتۈرۈپلا يېقىندىكى دوختۇرخانىغا ئەكىرىپ كەتتى. سوقۇۋەتكەن ياشمۇ ئىككى ئېغىز ئەپۇ سوراپ قويۇپلا كېتىپ قالدى. مەن بۇ ئىشلارنى چۈشىنەلمەي ھەيران قالدىم. بىر سەپەرداشىم ئاغرىپ قېلىپ دوختۇرخانىغا بارغىنىمدا ئاندىن ھېلىقى كىشىنىڭ نېمە ئۈچۈن ھېلىقى ياشقا ئۇششۇقچە گەپ قىلمىغانلىقىنى بىلدىم. ئەسلىدە پاكىستاندا داۋالىنىش پۈتۈنلەي ھەقسىز بولغاچقا، ھېلىقى كىشى بالىسىنىڭ داۋالىنىش پۇلىنى تۆلىتىمەن دەپ جېدەل تېرىپ يۈرمىگەنىكەن. پاكىستاندا ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى دوختۇرخانىلار ھەرقانداق كىشىگە ھەقسىز مۇلازىمەت قىلىدىكەن، خۇسۇسىي دوختۇرخانىلاردىلا پۇل ئالىدىكەن.

پاكىستاننىڭ گۆش بازارلىرىدا بىر كۈن گۆش سېتىلىپ، بىر كۈن سېتىلمايدىكەن. پاكىستان ھۆكۈمىتى كالا-قويلارنىڭ ئازلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ مۇشۇنداق قارارنى چىقارغانىكەن. شۇڭا قاسساپلارمۇ بىر كۈن ئىشلەپ، بىر كۈن ئارام ئالىدىكەن. لېكىن ئاشخانا ئاچىدىغانلار ئىككى كۈنلۈك گۆشنى بىراقلا ئېلىۋالىدىكەن. پاكىستاننىڭ پولۇسى بىزنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىكەن، لېكىن پولۇغا سەۋزە سالمايدىكەن. پاكىستاندىكى ئاساسلىق تاماقىمىز پولۇ بىلەن نان بولغاچقا، ياتىقىمىزنىڭ ئالدىدىكى پۇشتۇ كىشى ئاچقان پولۇخانىدا كۈندە دېگۈدەك بىر ۋاق پولۇ يەيتتۇق. بۇيەردىكى ئاشخانىلاردا چاي ئورنىغا سوغۇق سۇ بىلەن قېتىق قويۇلىدىكەن. مانا مۇشۇنداق ئوخشىمىغان تۇرمۇش مۇھىتىدىمۇ كىشى بىر مەزگىل ياشىسا كۆنۈپ كېتىدىكەن. باشتا بۇيەرنىڭ پولۇلىرىنىڭ قارامۇچلىرى ئاچچىق بولغاچقا، يېيەلمىگەنىدۇق. كېيىنچە، يەنە بارمۇ دەيدىغان بولدۇق. دېمەك، ئادەم ھەممە نەرسىگە كۆنەلەيدىكەن. يەنە كېلىپ ئۆزگىچە تۇرمۇش، ئۆزگىچە مەدەنىيەت ئامىللىرى كىشىنىڭ دۇنيا قارىشىنى تېخىمۇ ئاچىدىكەن ۋە نەزىرىنى كېڭەيتىدىكەن. كىشى باشقا مىللەتلەرنىڭ ھاياتلىق مەپكۇرىسىنى چۈشىنىش ئارقىلىقلا ئۆز مىللىي مەۋجۇدلۇقىنىڭ ئارتۇقچىلىق-كەمچىلىكىگە قارىتا ئېنىق تونۇش ھاسىل قىلالايدىكەن.

## مېھرى ئىسسىق ماكان — ۋەتەن

دۇنيانىڭ نەرىگە بارمىسۇن ۋەتىنىنى — كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يۇرتىنى سېغىنمايدىغان كىشى بولمىسا كېرەك. مەن ئۆزۈمنى ئالسام، چەت ئەلگە ماڭىدىغان چېغىمدا، تاپىدىغان پۇل بولسا تېپىپ، ئوقۇيدىغان ئوقۇش بولسا ئوقۇپ، ئاندىن ۋەتەنگە قايتىمەن، دەپ نىيەت قىلغانىدىم. لېكىن بىزگە قوشنا ئۈچ دۆلەتنى يېرىم يىلدەك ئايلىنىپلا ۋەتەننىڭ گېپى چىقسىلا چىكىلدايدىغان، ۋەتەننىڭ ھەربىر نەرسىسىنى ئويلىسام شۇ نەرسە كۆزۈمگە ئوت بولۇپ كۆرۈنىدىغان بوپقالدى. ئاپتوبۇس بىلەن خۇنجىراپ (مەكتىپكە داۋنى. — مەسئۇل مۇھەررىردىن) ئېغىزى ئارقىلىق ۋەتەنگە قايتىپ كەلدىم. ۋەتەنگە كېلىپ مەن چەت ئەللەرنى ئايلىنىپمۇ ئېرىشەلمىگەن تەڭداشسىز، ئېيتقۇسىز بىر خۇشاللىقنى ، ھاياجاننى، تۇيغۇنى ھېس قىلدىم. بۇ، ۋەتەن مېھرىدىن ئۇرغۇپ كېلىۋاتقان ئىللىقلىق، راھەت، خۇشاللىق ئىدى. كىشى بەزى نەرسىلەردىن مەلۇم ۋاقىت ئايرىلىپ باققاندىلا ئاندىن شۇ نەرسىنىڭ نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن. مەن ۋەتىنىمدىن ۋاقىتلىق — يېرىم يىلدەك ئايرىلىپ بېقىپلا ۋەتەننىڭ نەقەدەر سۆيۈملۈك، نەقەدەر مېھرىلىك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ۋەتەن ھەققىدىكى بۇ قارىشىم مېنىڭ قۇرۇق شوئارىم ئەمەس، بەلكى بىر مەزگىل ئايرىلىشتىن كېيىن ئېرىشكەن، مۇھەببەتكە تولغان يەكۈن — خۇلاسەمدۇر.

## تۈگەنچە

شۇنداق قىلىپ، بىزگە قوشنا ئۈچ دۆلەتنى ئايلىنىپ قايتىپ كەلگەن بولدۇم. قايتىپ كېلىۋېتىپ ۋە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ يېرىم يىلدەك جاھانكەزدىلىك ھاياتىم ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىشقا باشلىدىم. مەن شۇنچە جاپا چېكىپ زادى نېمىلەرگە ئېرىشتىم؟ بۇ سەپەرنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆزۈم خىيال قىلغاندەك ئافرىقىنىڭ چۆللۈكلىرىدىن ئامېرىكىنىڭ بوستانلىقلىرىغىچە ، كانادانىڭ مۇزلۇقلىرىدىن ئاۋستىرالىيىنىڭ يايلاقلىرىغىچە بولغان پايانسىز زېمىننى قاچان ئايلىنىمەن؟ ئۆزۈمنىڭ يۇقىرىقى سوئاللىرىمغا ئۆزۈم تۆۋەندىكىدەك جاۋابنى بەرگەندىلا ئاندىن كۆڭلۈم ئارام تاپتى.

مەن يېرىم يىلدەك جاھان كېزىپ يۈرۈپ، نۇرغۇن تەسىرات-چۈشەنچىگە ئېرىشتىم. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى مەن دۇنيانى ئاز-تولا بولسىمۇ چۈشەندىم، بىلدىم. دۇنيانىڭ ئاجايىپ-غارايىپلىقلارغا تولغان رەڭگا رەڭ سىرلىق ماكان ئىكەنلىكىنى، بۇ سىرلارنى ئېچىش ئۈچۈن بىزنىڭمۇ باشقا ئەللەر خەلقلىرىدەك تىرىشىشىمىز كېرەكلىكىنى، جاھان كۆرۈپ باشقا مىللەتلەرنىڭ ئالغا ئىنتىلىش، تەۋەككۇل قىلىش روھىنى ئۆگىنىپ، ئىنسانىيەتكە تۆھپە قوشۇشتەك چوڭ ئىشلارنىمۇ ئويلىشىمىز لازىملىقىنى، جاھان دېگەن مۇشۇكەن دەپلا تار، بىكىك تەپەككۇرىمىز بويىچە ئىش قىلىش ، قىلغان ئىشىمىزنىڭ چالا بوپقالىدىغانلىقىنى، جاھاندىكى نۇرغۇن مىللەتنىڭ تەرەققىياتتا بىزدىن جىق ئىلگىرى كەتكەنلىكىنى تەن ئېلىشىمىز ، خىرىس ئىچىدە ئويلىنىشىمىز كېرەكلىكىنى، بىزنىڭمۇ ئەجدادلىرىمىزدەك مەدەنىيەت تارقاتقۇچى ، يول ئاچقۇچى بولۇشىمىز ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ ئېسىل مەدەنىيەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، بەزى تەرەپلىرىمىزنى جىددىي ئىسلاھ قىلىشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، شۇنداق قىلغاندىلا ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى، ئىززەت-ئابرويىنى ساقلاپ قالالايدىغانلىقىمىزنى ۋە تارىختىكى ئېسىل مەدەنىيىتىمىزنى، شانلىق ئوبرازىمىزنى خەلقئالەمگە قايتا نامايان قىلالايدىغانلىقىمىزنى ھېس قىلدىم. «سېلىشتۇرمىغىچە بىلگىلى بولمايدۇ » دېگەندەك، كىشى باشقىلارنى قانچە چوڭقۇر چۈشەنگەندىلا ئۆزىنىمۇ شۇنچە ياخشى چۈشىنىدىكەن. مەن چەت ئەللەردىكى كىشىلەرنى ئاز-تولا چۈشىنىش ئارقىلىق شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، بىز چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگىنىپ، دۇنيا كۆرۈپ، تىجارەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىمىزنى دۇنياغا يۈزلەندۈرسەك، مېڭىمىزنىڭ ئۆتكۈرلىكىدەك ئارتۇقچىلىقلىرىمىزدىن تولۇق پايدىلىنىپ ئىلىم-مەرىپەتكە ھەققىي يۈرۈش قىلساق، ئېسىل مەدەنىيەتلىرىمىزنى قەدىرلەپ راۋاجلاندۇرساق، بىزنىڭ قايتىدىن دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەر قاتارىغا قايتىپ كېلەلىشىمىزدە گەپ يوق ئىكەن. بىزدە تالانت ۋە ئارتۇقچىلىقلار تولۇپ يېتىپتۇ. مەسىلە، قەتئىي ئىرادىگە كېلىش بىلەن تىرىشىشتىلا قاپتۇ. مەن تالاي جاپا بەدىلىگە كەلگەن بۇ ھېسلىرىمنى مەڭگۈ قەدىرلەيمەن ھەم بۇنىڭدىن كۈچ ئېلىپ تېخىمۇ دادىل قەدەم ، قايتماس روھ بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيمەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، مەن نۇرغۇن جاپا چېكىپ ئۆزۈم ۋە باشقىلار ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مەنىۋى ئوزۇق يىغدىم. بۇمەنىۋى ئوزۇق مېنى ھەردائىم ئالغا ئىنتىلىشكە، تەۋەككۇل قىلىشقا ۋە تىرىشىشقا ئۈندەيدۇ. لېكىن مەن بۇ مەنىۋى ئوزۇقنى ماڭا ئۆمۈر بويى كۈچ-قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ، دەپ قارىمايمەن. شۇڭا مەن يەنە داۋاملىق پۇرسەت يارىتىپ، جاھان كېزىپ، ئۆگىنىپ بۇ مەنىۋى ئوزۇق خالتامنى داۋاملىق تولدۇرۇپ تۇرىمەن ۋە بۇ مەنىۋى ئوزۇقلىرىمدىن كۈچ ئېلىپ كەلگۈسىگە تېخىمۇ ئىشەنچ بىلەن دادىل قەدەم باسىمەن.

2001-يىل ئىيۇل، شەھىرى ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: شىنجاڭ «ئۇلتاش» مەكتىپى تۇرپان شۆبىسىنىڭ مۇدىرى، قوشۇمچە ئىنگلىز تىلى مۇئەللىمى(M3)،(M1).



# مەنمۇ دەپ باقاي

(فېلىيەتون)

ئوسمانجان مۇھەممەت پاسئان

## ئەگەر

ئەگەر بىرسى ئاسمانغا قاراۋاتقان بولسا، بىزچە، ئۇ چوقۇم ئىشق ئوتىدا ساراڭ بولغان ئاشىق ۋەياكى ھاكاۋۇر، چەت ئەللەردە بولسا، ئاسترونومىيە خادىمى ياكى ھاۋادىكى مەلۇم ئۆزگىرىشنى ئۇزاقتىن بېرى مەخسۇس تەتقىق قىلىپ كېلىۋاتقان دوكتور.

ئەگەر بىرسى يەرگە قاراپ كېتىۋاتقان بولسا، بىزچە، ئۇ سالام قىلىشنى ئۇقمايدىغان دۆت ـ مەتو، چەت ئەللەردە بولسا بىرەر نەرسىسنى يىتتۈرۈپ قويغۇچى.

ئەگەر بىرسى كۆل بويىغا ياكى تاغ باغرىغا كەلگەن بولسا، بىزچە، ئۇ بىرەر قىز بىلەن خۇپىيانە كۆڭۈل ئېچىشنى پىلانلىغان بۇزۇق، چەت ئەللەردە بولسا ، تەۋەككۈلچىلىك روھىغا باي ساياھەتچى ياكى ئېكسپېدىتسىيىچى.

ئەگەر بىرسنى توك سوقۇۋەتكەن بولسا، بىزچە، ئۇباشلانغۇچ مەكتەپنى چالا پۈتتۈرۈپلا تىرىكچىلىك ئۈچۈن سوكۇلداۋاتقان دېھقان، چەت ئەللەردە بولسا ، مەلۇم بىر فىزىكىلىق ھادىسىنى ئۆز تېنىدە تەجرىبە قىلىپ سىناپ باققۇچى تىرىشچان ئاسپىرانت.

ئەگەر بىرسى كىتابخانىغا كىرىپ ناھايىتى ئۇزاقتا بىر كىتاب سېتىۋالغان بولسا، بىزچە، ئۇنىڭ قولىدىكى «مۇھەببەت ئۆزى سۆزلەيدۇ»ياكى «ئارمان»، چەت ئەللەردە بولسا، «ئاي شارىغا سەپەر»ياكى «مارسىتكى بىر كۈن».

## مەنسەپدارلار دىققەت

چالا ـ پۇلا ئاڭلاپ قالغان مۇنداق بىر يېڭىلىق دىققىتىمنى ئالاھىدە تارتتى:

قايسىدۇر بىر دۆلەتتە، يېڭىدىن ۋەزىپىگە ئولتۇرغان مەنسەپدارلارنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچەپ، شۇ سانىنى ئالاھىدە خاتىرىلىۋالىدىكەن. بىريىلدىن كېيىن ئۇلارنى يەنە قايتا ئۆلچەيدىكەن. ئۇلارنىڭ ئېغىرلىقى ئەسلىدىكى خاتىرىلىۋالغان ساندىن ئېشىپ كەتسە، چىرىكلەشكەن دەپ قارىلىپ مەنسىپىدىن قالدۇرۇلىدىكەن. ئەسلىدىكى سان بىلەن ئوخشاش بولسا، خىزمەتتە ئىلگىرىلىشى ئاستا، ئەمما پاك مەنسەپدار دەپ قارىلىدىكەن. ئۇنداقلار يەنە شۇ خىزمىتىنى ئىشلەۋېرىدىكەن. ئەگەر ئېغىرلىقى ئەسلىدىكى ساندىنمۇ چۈشۈپ كەتسە، بۇنداق مەنسەپدارلار خەلقنىڭ غېمىنى يەپ، كۆپ جاپا چەككەن، دەپ قارىلىپ، مەنسىپى يەنىمۇ ئۆسىدىكەن.

بۇ خەۋەرنى ئانچە ئىشەنچلىك دەپكەتكىلى بولمىسىمۇ، لېكىن مېنى خېلىلا ئويلاندۇرۇپ قويدى. ھازىر مېدىتسىنا ساھەسىدە سېمىزلىك بىر خىل كېسەللىك دەپ قارىلىدۇ. ئۇ ئومۇمەن، بەدەندە ھۆللۈك ۋە ئىسسىقلىقنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن پەيدا بولىدۇ. سېمىزلەرنىڭ قېنىدا ماي مىقدارى يۇقىرى ، قان بېسىمى ئۆرلەپ تۇرىدۇ، يۈرەك ھەرىكىتى نورمالسىز. بۇ بىر تەرەپتىن، يەۋاتقان

## ئاچچىق كۈلكىلەر

ئوزۇقلۇقنىڭ، ئىچىۋاتقان ئىچىملىكنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنى، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەرىكەت مىقدارىنىڭ ئازىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا ، يۇرتىمىزدا مەنسەپدارلار بىلەن باققاللار ئەڭ سېمىز، دېھقانلار ناھايىتى ئورۇق. لېكىن مەنسەپدارلار باي، باققاللار بىلەن دېھقانلار يەنىلا نامرات. بۇ نېمە ئۈچۈن؟

مەنسەپدارلار كۆپ يەيدۇ، كۆپ ئىچىدۇ، كۆپىنچە يولنى پىكاپتا باسىدۇ. شۇڭا سېمىرىپ كەتكەن. باققاللار كۆپ يېمەيدۇ، ئەمما ئەتىگەندىن كەچكىچە ئورنىدىن قىمىرلىماي ئولتۇرۇۋېلىپ، نەرسە ساتقانلىقى ئۈچۈن ھەرىكەت ئاز، شۇڭا سېمىز. دېھقانلار ئاز يەيدۇ، ئاز ئىچىدۇ، ئەمما ئۇلاردا ھەرىكەت ناھايىتى كۆپ. ئۇلار ئەتىگەندىن كەچكىچە تىنىم تاپماي ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش. شۇڭا ئۇلارنىڭ بۆرتۈپ چىققان سۆڭەكلىرى ئادەمنىڭ يۈرىكىگە تېگىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇلارنىڭ بىرەرىگە يان بېسىشقا ياكى بىرەرىنى چۆكۈرۈشكە ھەققىمىز يوق. چۈنكى مەنسەپدارلار سېمىرىپ كەتكىنىگە قارىماي ئاۋام ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا... باققاللار بازارلارنى ئاۋاتلاشتۇرۇپ، يۇرتىمىزدا يوق نەرسىلەرنى پەيدا قىلماقتا... دېھقانلار بارلىق كۈچى بىلەن كەتمەن چېپىپ، دۆلەتنى باقماقتا...

مېنىڭ كاللامدىن ئۆتمەيۋاتقان مەسىلە بۇ ئەمەس. مەسىلە دەل دۆلەت رەئىسىمىز خۇ جىنتاۋ ئەپەندى، زۇڭلىيىمىز ۋېن جىباۋ ئەپەندى باشچىلىقىدىكى بىر قاتار رەھبەرلىرىمىزنىڭ ئورۇقلۇقىدا. ئۇلار نېمىشقا سېمىرىپ كەتمەيدۇ؟

## چوڭ بولغاندا

چوڭ بولغاندا ئۇچقۇچى بولىمەن دېگەن بالىلارنىڭ بەزىلىرى قاۋاق بىلەن يالاق ئارىسىدا ئۇچالماي ئۆمىلەپ يۈرىدۇ.

چوڭ بولغاندا ئىنژېنېر بولىمەن دېگەن بالىلارنىڭ بەزىلىرى باشقىلارنىڭ يانچۇقىنى «پىلانلاپ» ــ ئۆلچەپ يۈرىدۇ.

چوڭ بولغاندا ساقچى بولىمەن دېگەن بالىلارنىڭ بەزىلىرى ساقچىلارنىڭ ئالدىدا بېشىنى سىلاپ كېتىپ بارىدۇ.

چوڭ بولغاندا دوختۇر بولىمەن دېگەن بالىلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزىگە قىممەت باھالىق زەھەرنى ئوكۇل قىلىپ خۇمارىنى داۋالاۋاتىدۇ.

چوڭ بولغاندا ئوقۇتقۇچى بولىمەن دېگەن قىزلىرىمىزنىڭ بەزىلىرى كېچىلىك بەزمىخانىلاردا يولدىن چىققان بايۋەچچىلەرنى «ئوقۇتۇۋاتىدۇ».

چوڭ بولغاندا سىزنى باقىمەن دېگەن بەزى بالىلار ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنچە تېخى قايتىپ كەلمىدى...

## دېھقانمۇ ئۇيغانسۇن

جامائەت ئەربابى، خەلق شائىرى مەرھۇم روزى سايىتنىڭ «دېھقان بولماق تەس»، «دېھقاننى ئالدىغا سىلىۋالدى ئىش»، «دېھقان يىغلايدۇ» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەڭ جاپاكەش ئىنسان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ قەددى تېخىمۇ پۈكۈلگەندەك قىلىدۇ. ئۇلار يەنە قانداق يەرلەردە ئۆزلىرىنىڭ دەردىنى ئېيتىپ بېرىدىغان كارناي بارئىكەن دەپ قۇلاق قاقىدىغان بولۇۋېلىشتى. ئۇلار باشقىلارنىڭ ھېداشلىقىغا، ياردىمىگە ئېرىشىشنى شەرەپ دەپ بىلىدىغان بىچارە ئەنئەنىنى بارلىققا كەلتۈردى. تۈرلۈك يىغىن، ئويۇن ياكى تېلېۋىزورلاردا ئاندا ـ ساندا چېلىقىپ قالىدىغان «دېھقان ئۇلۇغ»، «دېھقان سۆيۈملۈك»، «دېھقان ئاتا»، «دېھقان ئاچا»... دېگەندەك قۇرۇق ئېمىزگىگە ئوخشايدىغان ياغلىما سۆزلەرمۇ ئۇلارنى قايمۇقتۇرۇۋەتتى.

بىز دېھقاننى كەلسە ـ كەلمەس بەزلەۋەرمەيلى! دېھقانلىرىمىزنى ئۆزىگە ئىشىنىشتىن مەھرۇم قىلمايلى! بىزنىڭ دېھقانلىرىمىز يىغلىمايدۇ! ھەقىقىي دېھقان «دېھقاننى ئالدىغا سىلىۋالدى ئىش» دەپ ۋايسىمايدۇ؛ ئۇلار ئۈچۈن «جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس»مۇ ئەمەس. ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ياقتۇرۇپ قىلالايدىغان ئىشى دېھقانچىلىقتۇر. ئۇلاردا ئەيىب بولسا، «دېھقاندا ئەيىب يوقمۇ؟ » (ئابلەت ئابدۇللا: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 2004 ـ يىل 5 ـ سان. ــ مەسئۇل مۇھەررىردىن) دېگەن بەدىئىي مۇھاكىمىدە سۆزلەنگىنىدەك سەممىي نىيەتتە ئېچىپ كۆرسىتىشتىن قورقمايلى! ئۇلاردا ئۆزى دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقنى، ناھەقچىلىكنى، دەۋر خىرىسىنى ئۆزى ھېس قىلالىغۇدەك تۇيغۇ، ئۆزى ھەل قىلالىغۇدەك ئەقىل ـ ئىدراك بولسۇن! ۋاقتى ـ سائىتى كەلسە بىز ئۇلارغا قۇرۇق ئېمىزگە سېلىشتىن باشقىغا يارىمايمىز! شۇڭا ئۇلار ئۆز كۈچىگە تايىنىپ باش كۆتۈرسۇن. سۈت ئۇيقۇسىدىن ئويغانسۇن. چۈنكى ئۇلار مىللەتنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يىلتىزلىرىدۇر!

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھىرى «پاسىئان ئۇيغۇر كىتابخانىسى»نىڭ خوجايىنى(M2)

بۇ سان 2007 ـ يىل 10 ـ ئىيۇندا تىزىشقا يوللاندى، 30 ـ ئىيۇلدا باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت (M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M2)، نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن (M3)، بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت (ئالىي مۇھەررىر)

ئىجتىھاتلىق ئارخېئولوگ ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى




《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

[illegible]：新疆维吾尔自治区文化厅
[illegible]：新疆维吾尔自治区[illegible]研究所
[illegible]
[illegible]刊号：ISSN1008—6498
[illegible]刊号：CN65—1073/I
[illegible]（集团）总公司[illegible]
[illegible]
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100026, China
[illegible]代号：649SBM
[illegible]
[illegible] 193 号
[illegible] 电话：（0991）2856942
[illegible] 邮政中心
[illegible]
[illegible]
[illegible] 定价：5元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2007 - يىل 4 - سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008—6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65—1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب
[illegible]
[illegible]
چەت ئەللەرگە [illegible] نومۇرى: 649SBM
[illegible]
[illegible] 193 - [illegible]
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]



دېھقان كۈلكىسى ئاۋۇت بارات فوتوسى